# تارىم

3

1990

# تەھرىر بۆلۈم تۇرمۇشىدىن



ژۇرنال سۈپىتىنى
ئۆستۈرۈش ئۈستىدە پىكىرلىشىش.



باسما زاۋۇتتىكى
خادىملار بىلەن.



خىزمەت ئارىلىقىدا.



تەھرىر بۆلۈمدىكىلەر دوختۇرخانىدا
داۋالىنىۋاتقان پېشقەدەم تەھرىر
جاپپار ئەھەتنى يوقلىدى.

سۈرەتلەرنى قەييۇم تۇرسۇن،
ئالىمجان ئىسمايىل تارتقان.

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

3

1990

40 - يىل نەشرى

# بۇسانىدا

## نەسرىي ئەسەرلەر


ئەمەتجان قادىر ............ چىراي ۋە سۆيگۈ (ھېكايە)............ 17
چاپپار قاسىم ............ ۋىجدان ئازابى (ھېكايە)............ 28
غەيرەت ئاسىم............ قۇياش ھەممىگە شاھىد (ھېكايە)............ 45
ماخمۇت مۇھەممەت............ خورلۇق (ھېكايە)............ 62
غاپپار تەۋەككۇل ............ ھايات كومېدىيىسى (پوۋېست)............ 78
ئابدۇراخمان قاھار............ شۇنداق شائىر ئۆلمەيدۇ! (ئەسلىمە)............ 113
ماخمۇتجان ئىسلام............ مەن بىلىدىغان ئەھمەد زىيائى (ئەسلىمە)............ 120


## شېئىرلار


ئابدۇكېرىم ئوسمان............ ئېھ، يۇرتۇمنىڭ جىمجىت كېچىسى............ 4
ئەسقەر ياسىن............ شېئىرلار............ 7
ئابدۇقادىر جالالىدىن............ سۇمۇرغ ناخشىسى............ 11
ئەركىن مۇھەممەت كامالى............ شېئىرلار............ 15
تەلئەت ئاتاۋۇللا............ قۇياش قەسىدىسى............ 35
ئابدۇللا ئەبەيدۇللىن............ شېئىرلار............ 37
ئادىلجان تۇنىياز............ شېئىرلار ............ 38
ئابلىجان ھېيت............ لىرىكىلار ............ 41
ئابلىز ئوسمان............ شېئىرلار............ 42
ئەزىم ناسىر............ يۈرەك يىغلايدۇ............ 43
ئاۋۇت مۇھەممىدى............ ھەر قەترىدە بار بىر تىلەك............ 44
تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن............ قەلبىم تۆرىدە ............ 65
ئامىنىگۈل ھېكىم............ شېئىرلار............ 68
نۇرگۈل يونۇس............ ئىككى شېئىر............ 69
بۈۋىھەجەر ئارمىيە............ رازى مەندەك قىزدىن............ 69
ھەبىبۇللا رەجەپ ............ قىڭغىرلىق ............ 70
مەھەممەتجان ئەمەت............ دوستۇم بۇڭا رەنجىمە بىمەنە ............ 72
ئەمەتجان قادىر............ ئەلۋىدا، ئەھمەد زىيائى............ 73
ئۇچقۇنجان ئۆمەر............ ئەھمەد زىيائى ھەققىدە مۇخەممەس............ 74

ئابلىكىم تۇردى...... شېئىرلار ...... 76
ئابلىز ھوشۇر...... غەزەللەر ...... 100
غەيرەت ئۆپۇر...... شېئىرلار ...... 102
تۇرسۇن نىياز...... مۇھەببىتىم ...... 103
دولقۇن روزى...... ئۈچ شېئىر ...... 103
ئابلىمىت تۇردى...... شېئىرلار ...... 104
ئابدۇرشىت غوجا...... شېئىرلار ...... 105
قۇدرەت قۇربان...... شېئىرلار ...... 106
ئۆمەرجان مۇھەممەدى...... شېئىرلار ...... 106
ھاشىمجان قادىرى...... ئىككى شېئىر ...... 107
مەھمۇد زەيدى...... ساياھەت ئىلھاملىرى ...... 108
ئەمەت يولداش...... لىرىكىلار ...... 109
باتۇر روزى...... شېئىرلار ...... 110

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

مۇھەممەت پولات...... سەنئەتكۇچى بىلەن جانلاندۇرۇلغان خاراكتېرلارچىنلىقى...... 129

## تەرمە گۈللەر

يارمۇھەممەت تاھىر...... ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم...... 138

## كىتابخانلاردىن خەت

ئادالەت ھىبىبۇللا...... «بۇ چۈش ئەمەس»، بەلكى ھەقىقىي رېئاللىق...... 147

## مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن

سەي خۇڭچۈن ...... مەن خەلق يازغۇچىسى ...... 149

## ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدە مۇلاھىزىلەر

ئەگەر ئەدەبىيات بولمىغان بولسا...... 152

* * *

بۇ سالدىكى رەسىم ۋە ھۆسنخەتلەرنى مەھەممەت ئايۇپ، ئابدۇسالاملار ئىشلىگەن.

## «ئالتۇن چاغ مۇكاپاتى»غا قويۇلغان ئەسەر

ئابدۇكېرىم ئوسمان

# ئېھ يۇرتۇمنىڭ جىمجىت كېچىسى

### ھىجران كېچىسى

مۇڭلۇق قوي كۆزلەرگە ئوخشايدۇ كېچە،
ھەسرەتلىك تىنىقتۇر شامال تىنىشى.
زېمىندەك پاك تەنلەر ئويغاق تېخىچە،
سۇس، مەيۈس يۇلتۇزلار ئاشىقلار يېشى.

نەملەپ غەش بۇلۇتنى ئاپئاق، تەنھا ئاي،
ئۆكسىگەن قىزلاردەك باقىدۇ غەمكىن.
ئېھ، قالدى نەلەردە قۇۋناق، خۇش چىراي،
بىلمىدىم، بۇ كېچە قاي يىگىت تەمكىن؟!

### چىن سۆيگۈ

چىن سۆيگۈ تۇنجى رەت سۆيگىنىم سېنى،
ئۇچاغ بوشانمىغان بۆشۈكتىن روھىم.
ئەسەبىي ھەۋەسلەر سۆيدۈرگەن مېنى،
نېمەڭ بار دېسە، بار دەيتتىم سۆيگىنىم.

ھىجران تۈنلىرىدە
(تاڭ ئاتماس، ئۇزاق)
ياشلىرىم ئېقىنغا قويدى مۇھەببەت.
يۇلتۇزلار كۆزۈڭدەك چاقنىدى پارلاق،
سىر ئېيتتىم تۈنلەردە يۇلتۇزغا پەقەت...

يىل ئۆتتى... ھېلىمۇ ئېقىنلار راۋان،
يۇلتۇزلار شولىسى ھېلىھەم پارلاق.
ئۆگەتتى بولۇشقا تەمكىن، سوغۇق قان،
سۆيگۈڭگە كۆنۈككەن مۇڭ، ھىجران، پىراق.

تىلەيمەن بۆشۈككە قايتسا دەپ روھىم،
ئەسەبىي ھەۋەسلەر كۆيدۈرسە، مېنى.
قايتۇرساڭ بالىلىق قەلبىمنى جېنىم،
ئاھ، سۆيسەم تۇنجى رەت سۆيگەندەك سېنى!

### جەسەت كۆلى يانمايدۇ دېمە

جەسەت كۆلى يانمايدۇ دەمسەن؟
يانار ئۆلگەن پاك روھ كۆللىرى!

ھۇرۇن ئويقۇ يۇدۇپ نادامەت،
يوقلاپ كېلەر مېنى ھەر ئاخشام.
ئۇلاشقىچە چۈش ساھىلىغا،
بوغۇزلىنار زىل روھىم تامام.

تىرىلىمەن تاڭدا يېڭىدىن،
كېچە ئۆلگەن روھىمغا يىغلاپ.
نىمجان سۆكۈت بەزلەيدۇ بىر پەس،
يېتىلگەن، چىڭ كۆكسىدە قاپساپ.

چۈش ئىلكىدە يۈگرەر كۈندۈزۈم،
تىن ئالمەن باشسىز تەشۋىشتىن.
ئۇلاشقاندا كېچىگە يەنە،
چۈشەر روھىم سەكراتقا بىردىن.

سانسىز جەسەت قاڭقىپ تېنىمدىن،
ئاھ، ئۆرتەلدى كېچە قوينىدا.
ئېسىلدى ھەم مەيۈس يۇلتۇز بوپ،
جىمغۇر، بېغەم ئاسمان بوينىغا...

جەسەت كۆلى يانمايدۇ دېمە،
يانار ئۆلگەن پاك روھ كۆللىرى!

## مەن

ئىزدەپ يۈرمە مېنى بىھۇدە،
خۇپسەنلىككە زورلاپ سۆزۈمنى.
ئېھ، ئالتۇنۇم!
ساڭا نە چارە،
تاپالمىسام ئۆزۈم ئۆزۈمنى؟!

ئۆزۈم بىلمەس تەنھالىقتا مەن،
سۆيۈشۈمنى بەرگەن شامالغا،
تومۇز كۈننىڭ قېنىق نۇرىدا،
ئېرىپ كەتكەن، سىڭگەن زاۋالغا...

يۇلتۇز بولدۇم بىھېساپ تۈنلەر،
چۈشلىرىڭدە قىلدىم تەبەسسۇم.
ھىجران كۆشەپ ئۇزىدى كۈنلەر،
ئۆتتۇم نېپىز لېۋىڭدەك مەسۇم.

شۇ بىر كېچە قوي كۆزلىرىڭدە،
لەۋلىرىڭدە تىترىدىم بىر رەت.
قىيماي ئاقتىم مەڭزىڭنى بويلاپ،
يالقۇن بولۇپ،
بولۇپ مۇھەببەت.
پاك چىنلىقتا سېغىنساڭ گەرسەن!
پەقەت ئاشۇ كۆز يېشىمدا مەن!

## يۇرتۇم قىزلىرىغا

چاقنار تاتلىق غەزەپ ھەم ئۇيات،
كۆزۈڭلاردا يۇرتۇم قىزلىرى،
قاچماڭلارچۇ!
قەلبىم چېكەر دەرد...
مەن بۇ يۇرتنىڭ كەنجى شائىرى.

دىلبىرىم بار مەسۇم، مۇلايىم،
ئۆسكەن ئۇمۇ مۇشۇ تۇپراقتا.
ئېھ، سۆيەتتى شۇ قەدەر!
ئەپسۇس،
روھى بۇندا، ئۆزى يىراقتا...

خۇلقىڭلاردىن ئىزدەيمەن شۇنى،
مۇھەببەتتە قادىلىپ بىر پەس.
چاچراپ تۇرار مۇڭلۇق كۆزۈمدىن،
پاك سېغىنىش، ئەسەبىي ھەۋەس!

يىغالمايمەن ئەسەبلىرىمنى،
تەمكىنلىككە زورۇقسامۇ بەك.
سۆيگۈسىنى ئىزدەر دائىما،
كۆيۈك، چاڭقاق، ھىجرانلىق يۈرەك.

چاقناق روھىم تامار ياش بولۇپ،
ھۆركىسەڭلار يۇرتۇم قىزلىرى!
شائىر دېگەن «بەڭباشكەن» شۇنداق،
«مەن يۇرتۇمنىڭ كەنجى شائىرى»

## سەھرا

نەم تۇمانغا يېپىلار بىر خىل،
پارلاق، تىپتىنچ، ئانار رەڭلىك نۇر.
كۆيۈك شەپەق چوغلىنار ۋىل - ۋىل،
بوز تۇپراقتىن كۆتۈرۈلەر ھور.

ئوت ھارۋىغا ئوخشايدۇ سەھرا،
توپ - توپ ئۇچقۇن—يۇلتۇز چېچەكى.
شۇ ئوتلاردا يارالغان گويا
مۇھەببەتلىك دېھقان يۈرىكى.

ئېھ، ھارۋىنى كەتسەمتىم ئېلىپ،
ئۇچقۇن چاچسام شەھەرلەر ئارا.
سادا روھى تۇرسىدى يېنىپ،
بەك خىلۋەتتە بولسىمۇ سەھرا.

## قىز دوستۇمغا

سېنى
بىلگەن بولسام بوۋاق چېغىمدا،
مەسۇم، ساددا، پاك كۆز نۇرۇمدا.

يېزىپ قويار ئۇندىن ئېتىڭنى
ئۇيۇقتىكى يۈكسەك يۇلتۇزغا!

سېنى
بىلگەن بولسام بالا چېغىمدا،
قايناق قىزدىق، شوخ كۆز نۇرۇمدا.
ئويۇپ قويار ئۇندىن ئېتىڭنى

گۆزەل ئايدىڭ، قى - چۇۋۇلۇق كېچە،
چېچەك بەرگى ھەم ئويناق ئېقىن،
تا كېپىنەك قاناتلىرىغا!

ئېھ، يۇرتۇمنىڭ جىمجىت كېچىسى

پاكىز قەلبىم ئاقلىقىدەك ئاق،
مەرمەر چايشاپ يېپىنغان دالا،
خىيالىمغا بولۇپ پاياندار
ئاي تۆكىدۇ سۈتتەك نۇر - جۇلا.

هارماس شامال تىۋىشلىرىدا
مۇقەددەس يەر رىۋايىتى بار.
كۆي قاتىدۇ يىراقتا دەريا،
بولۇپ مىسلى كۈمۈش رەڭ زىل تار.

مەۋج ئۇرار قەلبىمدە ناخشا،
نۇردەك سۈزۈك، ئېقىندەك راۋان.
ئالماقتىمەن يەر مېھرىدىن تەپ،
سۈت بەرمەكتە گويا ئانىجان.

مۇھەببەتلىك خىيالدا شۇدەم،
ئۇيۇقىچە تاشلايمەن نەزەر.
ئېھ، يۇرتۇمنىڭ جىمجىت كېچىسى،
زەپ سۆيۈملۈك گۈزەل نەقەدەر!

يامغۇر لىرىكىسى

تۈن بويى چۆشەكىدىم (شۇنچە قىزدىق):
لەۋ تامشىپ گۈل تۈۋىدە ياتقۇدەكمەن؛
نۇر ئېقىپ بەرگىلەردىن هالرەڭ، سۈزۈك،
ئوت بولمىش سەبى تۇيغۇ ئىلكىدە تەن:

شامالىلار كۆيلەپ ئانا ئەللىيىدە،
قۇچقاندا هارارەتلىك ياش تېنىمنى؛
خورىزىم شەپە بەردى،
كۆزۈم ئاچسام:
تامچىلار يۈيماقتىكەن يۈزلىرىمنى...

داستىخان بوپتۇ بايا باراڭ ئاستى،
ساياقسىز مۇناقىدەك تامار يامغۇر؛
ئېھ، تامار گويا يۇلتۇز، پاك مەرۋايىت،
سۆيگۈلۈك خىياللارغا تامار پاك نۇر!

ئىلاهى يامغۇر يۇيغان مەرمەر تۇپراق،
پەرىدەك ئەجەب دىلبەر تويۇلماقتا.
گۈلدەك خۇش، كۈندەك ئاتەش نەپەسلىرىم،
زېمىنگە ئاتەش كۆي بوپ قويۇلماقتا.

ماۋزۇسىز

هېس شورىدىم رىشتە كەبى چېتىلغان،
زەنجىرسىمان قاتار - قاتار تاغلاردىن.
يۈرىكىمدە ئالتۇن تاڭدەك قوت، تىلەك،
هېس شورىدىم تاغ ئېتىكى، باغلاردىن.

كۆز ئوڭۇمدا دىل رىشتىدەك تۇتاش تاغ
تالاي هېسلار پىنهان ئۇنىڭ كۆركىدە؛
ئوي ئويلايدۇ،
(ئۇلۇغلۇقتا پەرىزات)
بۇ نەقەدەر نادىر، سېھرى مەنزىرە!
يوپۇق بوپتۇ توپ ئاق قۇدەك بۇلۇتلار،
سانسىز چوققا ئۇيۇقىچە ئاق تاكى،
ياز يامغۇرى يۇيغان ئېجىل تاشلاردىن،
تەپچىرەيدۇ تاغ قۇدرىتى گويا كى!
هېس شورىدىم تەپچىرىگەن قۇدرەتتىن،
قىياس قىلدىم ئېجىل تاشنى دوستلارغا.
تۇتاش تاغلار بۈيۈكلۈكى ئۆملۈكتە —
دېدىم،
سۇندۇم شۇ قاراشنى دوستلارغا.

بوغدا سېغىنچى

گاه شۇنداق تۇيىلار:
ساغلام تولۇن ئاي،
زور ئاق قۇ تۇنسىدە چۆشىدۇ لەيلەپ،

بىمغىنا چوتۇلار تۇن پەردىسىنى،
يورۇيدۇ سۈبھىدەك ئاپئاق ھەر تەرەپ.

سۆيگۈلۈك ھىس ئارا پەرىزات كەبى ــ
ئاق قۇنى قۇچقانچە ئالىمەن ئارام،
خۇمارلىق كۆزۈمگە چىلىقار بىردىن،
ماھۇق قاناتتىكى «بوغدا» دىگەن نام.

چۈشمۇ بۇ، ئوڭۇممۇ؟
بولىمەن ھەيران،
سەگىگەن ھىسلىرىم قۇترايدۇ شۇندا.
چۆكمىدىن زەپ گۈزەل ئەستىلىكلەرگە،
خىيالچان تەلمۈرۈپ ئانا ئاق قۇغا....

........................

ئوخشايتتى ئاق قۇنىڭ پەرلىرىگە، ئاھ!
نۇر سۆيگەن بىلىلۇردەك ئاق چوققا بوغدا.

تەگكەندە يىراقتىن ئوتلۇق نەپسىم،
چۆكەمسەن سۆيگۈلۈك، چۇچۇك ھىسلارغا؟

مامۇقتەك پەرىگدە بولامدۇ ئايان،
ئوغلۇڭنىڭ نۇر كەبى ئىزگۈ چۈشلىرى؟
بىرەمدۇ پىژغىرىم تومۇز تەپتىنى،
ئاھ، ئۇنىڭ چوققاگ قالغان يۈرىكى؟!

سىغىندىم كۆلكەگنى، پارلاشلىرىگنى،
ئالتۇن ياشلىقىمغا، قەلبىمگە رەگداش،
نى گۈزەل خاتىرەم قالغان بويۇگدا،
تاگدىكى پەرىزات چۈشىگە ئوخشاش.

مەن مۇندا يۇرايمەن تۈندە، سۈبھىدە،
ئىپاردەك ھىدىگنى شامالدىن پات ـ پات
تۆككەندە قەلبىمنى، ئىھ، بوغدا ساگا،
تۇغۇلار ئىچىمدا جۇشقۇن بىر ھايات!

ئەسقەر ياسىن

## شېئىرلار

### سەھەرنى كۈتۈش

گۈزەل بىر سەھەرنى كۈتۈپ ياتقىنىم،
چۈش ئەمەس،
خىيالمۇ ئەمەس ئۇ ھەتتا،
ئۈمىدلىك تىلەكتە قۇياش بىچارە،
پەردشان دومىلاپ ئۇچار يىراققا.

كۆرىمىز ئالجىشتىن بۈيۈك سەلتەنەت،
تەگداشسىز ئۆلۈمنى قىلىمىز خىيال.
سادde بىز شۇ قەدەر ۋە تەنداشلىرىم.
(تەقدىرگە تەن بەرمەك بۇگا بىر مىسال.)

ياق،
بەلكىم توساتتىن ئازدىم مەن ئۆزۈم،
سىلەرگى، يەر شارى روھىدا قۇياش.
كىملەرگە يېقىملىق كىملەرگە دەھشەت،
شەپەقتەك جىمجىتلىق، ئۈنسىز بىلجىرلاش؟
قۇياشنى يالمىدۇق،
لېكىن يەنىلا
بىھىساب يۇلتۇزلار تەقسمۇتەق بۇندا.
(غالجىرلىق ئۇنىمۇ يېيىشكە قىستار)
بىلىمىز تاڭ بىلەن كۆز ئاچقان دالا
بىر ئىغىر كېسەلگە بولغان گىرىپتار.

گۈزەل بىر سەھەرنى كۈتۈپ ياتقاندا،
ئازابلىق تولغانىدى ياپ ياش بىر يۈرەك.
ئۇ يەنە ئارقىغا يانغان قۇياشتىن
ئوغرىلاپ ئالدى نۇر تولۇق بىر ئىتەك.

ئىھ، ئەزىز ۋەتەنداش، كۆرگىنىڭ بۇندا
يىغلاگغۇ شائىرنىڭ قولياغلىقى، بەس.
ئۇ تىنچى بەك ئاجىز بولغان سەۋەبلىك،
قۇياشنى چوڭ قىلىپ سىزمىقىمۇ تەس!...

## قايتا ئەسلەش

ئۆتكەندە قايتىلاپ كونا كۆۋرۈكتىن،
ئېسىمگە قول شىلتىپ ئۆتتۈشتى ھەسرەت،
كۆرگىنىم كېچىدەك جىمجىت دالىلار،
كۆرگىنىم كونىلىق،
سارغايغان غۇربەت.

ناتونۇش بىر كىشى تۇرار بۇ جايدا،
گىرىمسەن ئۇپۇققا ئويچان تىكىلىپ.
تونۇشمۇ ئۇ ماڭا ياكى ناتونۇش،
قويغانمۇ ئۇ بىر چاغ قولۇمنى سىقىپ؟

بىلمەيمەن،
بىلگىم يوق، تاقەتسىز قەلبىم
جۆت سوقۇپ ئېگىلگەن يېگانە پۇتاق.
يېلىنجاپ كېتىدۇ بولۇتلار ھال رەڭ،
تۇرنىلار توقۇشۇپ ئۆتكەندە قوشاق.

زەنگەر كۆك يەنىلا بۇرۇنقىدەكلا،
جەسۇرلۇق ۋەسلىگە پۈركەنگەن تولۇق.
ئىشىكلەر مەن ئۈچۈن ئېتىلگەن تامام،
ۋە لېكىن نۇر يانغان دېرىزە ئوچۇق.

قولۇمنى سىقتى كىم، تونۇش، ناتونۇش؟
كۆلۈشكە يېتەكلەپ ياكى يىغلاشقا؟
بىلمەيمەن بىلگىم يوق، يېگانە ئۆزۈم،
تەلمۈرۈپ قارايمەن مەغرۇر قۇياشقا.

ئۆتكەندە قايتىلاپ كونا كۆۋرۈكتىن،
تۇرۇپتۇ بىر كىشى ئۇپۇققا قاراپ.
(تونۇشمۇ ئۇ ماڭا ياكى ناتونۇش)
تۇساتتىن كۆزۈمىز ئۇچراشقان چاغدا
تۇرۇشتۇق سۆكۈتتە ئۇزاق تېگىرقاپ...

## ئايرىلىش

سەن ماڭا بىر شادلىق يەتكۈزدۈڭ،
شۇئان.
كۆتۈردۈڭ تۇساتتىن ئازابلىق پەريات،
قۇياشنى پارچىلاپ كېلىشىم ئۈچۈن
گۈگۈمنى چوڭقۇرغا كۆمۈشتۈق ھەيھات.

گۈل تۇتۇپ تۇرىمەن روھىمنى كۆتۈپ،
لېكىن ئۇ مەڭگۈگە كەلمەيدۇ يېنىپ،
قەيەردە زىمىستان بولسا روھىمۇ،
شۇ جايدا ئۈنىدۇ گۈل بوپ ئېچىلىپ.

سەن ماڭا بىر بۆسە بەردىڭ ئاشۇ دەم
لېكىن شۇم ھەسرەتكە پۈركەلدىڭ تۈگەل.
بىر ساڭا ئوخشىتىپ ئۆزۈمگە بىر ھەم،
قۇياشنى كۆكسۈڭگە سىزدىم مۇكەممەل.

سەن قالدىڭ ھەسرەتكە پۈركىلىپ تۈگەل،
زىمىستان كۆكسىگە چېچىلدىم رەڭدار.
قۇياش دەپ ئېلىۋەر ھەممىنى چوقۇم،
شاتلىققا، بەختكە بولمىساڭلا زار.

سەن ماڭا بىر شادلىق يەتكۈزدۈڭ،
شۇئان
مەن كەتتىم قۇياشنى سۆرەپ، كۈچىنىپ
روھىمنىڭ مىڭلىغان تىنىمسىز قولى
كەلمەكتە ئۇزاقتىن جىسمىڭنى سىزىپ...

## ئۈچ كەپتەر

بىر قاراپ قويغىنىڭ چۈشمۇ يە خىيال،
ئۈچ، يۈكسەك بولۇتقا باغرىڭنى يېقىپ.
مەيلىلا، ئۇچۇپ كەت، ئۇچقىن كەپتىرىم،
بۇ چەكسىز سامادا چەكسىز پەر قېقىپ.

تەڭرىنىڭ بېشىغا قونغىن، بىزلەرنى
ئۆلمىدى تىرىك دە سورىسا ئۇ، زات.
ئۇ ئەگەر ھەملەقىپ ئۈركۈتسە سېنى،
ئۇرۇپ قوي يۈزىگە قاتتىق بىر كاچات.

بىر قاراپ قويغىنىڭ چۈشمۇ يە خىيال،
ئىزدىدىڭ ئۇچۇشنى قېنى ئۇچۇپ باق.
يەتتىنچى ئاسمانغا تەگسۇن پەرلىرىڭ
ئېگىزلە، جەۋلان قىل، ئەركىن قانات قاق.

### بىر كەچكە بېغىشلىما

بىر تۇلپار يول كېسىپ ئۆتتى ئالدىمدىن،
شۇ ۋاقىت، شۇ ۋەقە چىقماس يادىمدىن.

1

زەر قۇياش لېنتىلار چىچىپ رەڭمۇرەڭ،
ماڭغاندا تۆشكى —
غەرب قوينىغا،
خەير خوش باھادىر، دېيىشىپ غەمكىن،
كىملەردۇ چىقىشتى ئىشىك ئالدىغا.

باھادىر كىمكىنە كىملەر ئۇزاتقان،
مەس پەسىل — غازاڭغا پۈركەلگەن مىنۇت.
چۈشۈمدە شۇ كېچە ئۆتتى بەك مۇدھىش،
بورانلار كۆتۈرگەن بۇلۇتلۇق تاۋۇت.

2

بىر بالا گۈل تۇتۇپ تۇرار رەڭلىشىپ،
شۇ گۈلدە داۋالغۇپ تۇرار نۇر — قۇياش،
شۇ گۈلگە شاتلىقتىن بەرگەن رەڭدار نۇر،
بىر سەھرىي ئالدىنىش خورلۇقتا تۇتاش،

بىر بالا تۇرىدۇ،
قولدا رەڭدار گۈل،
ھەر دىلدا ھاياجان كەتكەن نۇرلىنىپ.
سوغۇقنىڭ قول شىلتىپ ئۆتۈشى سەۋەب
يىقىلار شۇ بالا سانسىز گۈل تۇتۇپ.

كىملەردۇ گۈل تېرىپ ئېلىشقا مېنى
چاقىرار، دىلىمدا پەۋەس ھودۇقۇش.
بىلىمەن، شۇ گۈلنى تەرسەممۇ قانچە،
قولۇمدىن كەلمەيدۇ كىمگىدۇر سۇنۇش.

ياق، بۇندا كەلمەيمەن قايتا يىقىنلاپ،
ئازابنى ھاپاشلاپ كېتىش بەك ئېغىر.
تەڭرىلىك دۇنياغا سوۋۇغان ئۇشبۇدۇر:
ساختىپەز كۆز ياش ۋە ھىيلەئى ـ مىكىر.

ياق، بۇندا كەلمەيمەن قايتا يىقىنلاپ،
بىقسمەت كۆز ياشنى تۆككەچ بىساناق.

شۇ تۇلپار گۈل تۇتقان بالا چۆچىكى
چۈشلەردە تەۋرەتتى مېنى كۆپ ئۇزاق.

3

جىمجىت تاڭ كۆمۈلۈپ قالدى قۇملارغا،
سۆكۈتتە تۇرىمەن كونا رەستىدە،
شۇ تۇلپار،
باھادىر،
گۈل تۇتقان بالا.

ئۇنتۇلدى!
ئۇنتۇشلار بەرھەق ئەسلىدە.
شۇ تۇلپار، باھادىر كەتتى يىراقلاپ،
ئىشىكنى يېپىشتۇق شۇندا ئاۋايلاپ!

### سېزىش

(بىر شائىرغا بېغىشلايمەن)

تەبىئەتتەك زور كۆچكە ئىگە
قەلىمىڭنى ئېلىپ قولۇڭغا،
سىزىپ چىقتىڭ رەڭدار سەھەرنى،
سىزىپ چىقتىڭ قۇياشنىمۇ ھەم.
شۇ قەلەمگە ئېسىلىپ مەنمۇ،
سىزىپ يۈردۈم ئۆزۈمنى، ئۆزۈم.

قەلىمىڭدە سىزىلدى يەنە
تەقدىرىدىن بوتىنخان تاشقىن،
سىزىلدى ۋە بۆگۈننىڭ ئاھى
سىزىلدى ھەم كۆرۈمسىز ھايات.
بۇ دەم ساڭا دەيمەن شۈدرلاپ:
«پەقەت مەنلا سەن كۆتكەن ئەۋلات!»

### كىچىككىنە بىر قىزچاق

كىچىككىنە بىر قىزچاق،
ئولتۇرىدۇ موڭلۇنۇپ،
ھېسسىياتچان بۇلۇتلار،
كېلەر ئاستا سۈزۈلۈپ.

كىم سۆيىدۇ مەڭزىڭگە،
قاچان تىترەر نازۇك تەن؟

ئەجەب ئىشقۇ؟
نېمىدۇ؟
دىلدا غەلىيان كۆتۈرگەن.

دولقۇنلىغان قەلبىدىن،
قىزغىن سۆيۈش ئىستەيدۇ.
ھېسسىياتچان بولۇتقا،
سىرلىرىنى سۆزلەيدۇ.

سىرلار ئاستا يېيىلىپ،
سىرتماق بۇلار توساتتىن.
كىچىككىنە شۇ قىزچاق،
بېزىدىپ كېتەر ھاياتتىن.

كىچىككىنە بىر قىزچاق،
ھېچ نەرسىدىن سۆيۈنمەس،
ھېسسىياتچان بۇلۇتتەك
تۇزۇپ كېتەر ...
(كۆرۈنمەس)

### كۈتۈۋېلىش

سەدەپ بويۇك نازۇككىنە ئېگىلگەن پېتى،
قېتىپ قالدى ...
تاسادىپىي تارقالدى ئاۋام.
قېتىپ قالدى، قەدىردانلىق سۆيۈش ۋە ۋىسال،
قېتىپ قالدى مەن كۆرگەننىڭ ھەممىسى تامام.

قۇچاق ئېچىپ يۈگۈرگەندە ئالدىڭغا شۇ تاپ،
قېتىپ قالدى قەدەملىرىڭ كۆزلىرىڭدە ياش.
كەڭلىك ئارا ئىككىمىزلا قالغان مۇشۇ دەم،
قېتىپ قالدى قاراقلاردا ساناقسىز قۇياش...

### سۈكۈت

چايقالغان خىيالىم ئەۋجىدىن يانغان،
سۈكۈتتۇر!
ئۇ ئارمان بۇژغۇنلىرى بەس،
كۆز يۇمۇپ ئۇخلاشقا زورلايدۇ ئانام،
تۇمانغا پۈركەنگەن ئەتراپىمۇ تامام،
ئۇمىدلىك قىرغاقمۇ مۇندا كۆرۈنمەس.

سەۋدايى كۆڭلۈمگە ئۇيۇلغان ھەردەم
«كۈتۈشلا ئەڭ گۈزەل» دېگەن ئىبارە،
سۈكۈنات ئىچىدە سالىمەن سۈرەن،
ئۇيلاڭلار، بارچىگە كىم بەك كۆيۈنگەن؟
پاناھسىز يۈرمەكتە شائىر بىچارە.

ئۇيغانغان روھىمدىن يەنىلا ئۆچمەس،
ئۇيقۇلۇق جۆيلۈش ۋە ئاجىز ئۆچمەنلىك،
شۇ قەدەر جاراڭلىق مەن ئېيتقان ناخشا،
بەك چوڭقۇر ھاڭلاردىن ئۇرغۇيدۇ گويا،
ئەپسۇسكى بىلىمەن ئۇدۇر بىردەملىك.

قەدىرسىز ئارمانلار بۇژغۇنى ئارا،
ئەبەدى تىلسىز بىر سۈكۈت جۇش ئۇرار.
كۆڭۈلنىڭ ئىچىدە چۈشەكەر دۇنيا،
بىلىمەن ئەتىمۇ سۈكۈتتە گويا،
ئېيتىلار ئاۋۋالقى ھېكايە تەكرار.

ئابدۇقادىر جالالىدىن

## سۇمۇرغ ناخشىسى

1

نەگە ئېلىپ كەتتى يوللار قايغان بېشىمنى،
توزان ئىچرە قالدى مىسكىن قوڭغۇراق ئۈنى.
پارە - پارە بۇلۇتلارنىڭ سوغۇق يېشىنى
يوشۇرماقتا تۈندە ئۇچقان كۆزنىڭ سەلكىنى.

ئىزدەپ كونا چاڭگىسىنى كۆچتى يالقۇنلار،
مەلەمدىكى قۇرام تاشقا ئېيتىپ سىرىنى.
خۇش، دەپ ئاستا تاغ كەينىگە كەتكەن ئورمانلار،
چۈشلىرىمگە ئەۋەتمەكتە ياپراقلىرىنى.

خۇش بۇي ئەتىر قۇتىلاردىن سوزۇپ بويىنىنى،
قارلىقلارغا تىكىلمەكتە زىيادە سۇمبات.
كەلكۈن سۈيى يىراقلارغا ئېپ كەتتى مېنى،
ئاق قۇشقاچنىڭ ئىزلىرىنى ئەتكىنىمدە ياد.

2

كۆكسىمىزگە ئۇرۇپ قات - قات يېشىل دولقۇنىنى،
نىچۈن كۈندۈز يالقۇنىدا ئۇچتى يۇلتۇزلار؟
شەپەقلەرنىڭ دولقۇنىدا ئۇچار كىرپىكلەر،
كۆرسەتمەيدۇ قارىچۇقىنى نىچۈن شوخ قىزلار؟

ئاچ قىرغاقلار بىر - بىرىگە پۇلاڭلاتسا قول،
چاقنار گۆھەر بىھوش گۇگۇم ئىستەكلىرىدە.
بال ھەرىسى كەتكەنىمدۇ تۆنەشكە بۈگۈن،
قارا تۈنىنىڭ تىترەپ تۇرغان چېچەكلىرىدە؟

باغلار ئۇنتۇپ كەتتى نىكەم تاغلار خورىنى،
ياتار سەراپ دولقۇنىدا چاك - چاك سېغىزلار.
كۆپكۆك نۇرنىڭ زۇمرەت ئىچرە قىلغان نازىنى،
پەس ئاۋازدا ماختىشىدۇ ئويماق ئېغىزلار.

3

ئەرۋاھىنى كۆرسەتمەيدۇ نىچۈن، نېمىشقا،
مېنى تىرەپ تۇرغان چەكسىز كۆلنىڭ دۆۋىسى؟

قايسى چاغدا قىلغان ئىكەن كۆزلەرنى ۋەتەن،
ئۇچقۇنلارنى كېيىپ تۇرغان ھايات سۆيگۈسى؟

توپان سۈيى پاكلىمىسا دۇنيانى ئەگەر،
يالتىرامدۇ ئىلاھ نۇرى ئىچىدە ئىمان!؟
كۈن كۆرمەكتە پاتقاقلارغا مىلىنىپ بۈدەم،
قۇرت يېگەن يۈرەكلەردىن زېرىككەن ۋىجدان.

4

كۈمۈش تاغلار شاۋقۇن سېلىپ ئاققاندا دىلغا،
ئۇچقۇر روجەك جىلمايغانچە چاچار كۆلەڭگە.
كۆك قەرىدە ئارغامچىدەك سىلكىنگەن چاقماق
ھاراەتلىك گەۋدىسىنى تاشلايدۇ يەرگە.

چاناقلارنىڭ بۈرجىكىدە ياتقان ئۈمىدلەر
قاراسلىغان مۇز ئۈستىدە ياسايدۇ گۈلخان.
تۇمانلارغا سىڭگىنىدە زەيتۇنگۈل ھىدى،
ئېلىپ قاچار يۇلتۇزىنى ئېگىزگە ئاسمان.

چۈشۈپ يامغۇر تامچىلىرى توختىماي ئۇدا،
تېشىلمەكتە تاش ھەيكەلنىڭ كۆل رەڭ ئالقىنى.
ئۇ دۇنيانىڭ يۈرىكىنى چېتىپ ھاياتقا،
يالتىزلارغا يۈگۈرمەكتە ئۇمايىنىڭ قېنى.

5

خىيالىمدا بارخانلارنى يۈتكەن قۇيۇنلار،
يۈرۈپ كەتتى مېنى كۈتۈپ تۇرغان لەھەتكە.
بارماقلاردا لەپىلدىگەن پەرەڭ ياغلىقلار،
جىلۋىسىنى تاشلىماقتا تەرەپ - تەرەپكە.

ئۇنتۇلماقتا مانانلاردا خارابە شەھەر،
قىشلاقلارغا بارماقتىمەن ۋىسالىڭ ئىستەپ.
ئاسفالت يول، تەنھا ساراي، ئاپئاق پىيالە،
ئىچەلمىدىم شارابىمنى قوللىرىم تىترەپ.

بولۇپ گويا باياۋاننىڭ قۇۋناق يۇلتۇزى،
سۈمۈرمەكتە ئاي نۇرىنى خىيابان تاشلار.
شۇاقلارنىڭ ھىدلىرىدىن بولۇپ قەلبىم مەست،
ياشتۇ قۇمدىن تېمىپ كەتتى كۆزۈمدىن ياشلار.

6

مەن ياتاقتا تەنھالىقتا ئۆتكۆزگەن تۈنلەر،
سىيرىلەمدۇ جېنىم ئانا، قولۇڭدا تەسۋى؟
ئىبادەتتە كۆزلىرىڭگە يىغىشلايدۇ نۇر،
داۋانلاردىن ئېشىپ بارغان بالاڭنىڭ رىشتى؟

ئاپئاق كۆڭلەك جىلۋىسىنى كۆرەرسەن چوقۇم،
يىغلارسەنمۇ ئاڭلانغاندا نەۋرەڭنىڭ ئۈنى؟
سېغىنىشلىق سالامىمغا قوشۇپ ھەر قېتىم
لىپاپلارغا قاچىلايمەن رەيھان ھىدىنى.

بەخت ئۈچۈن دۇئا قىلغىن، ئەيلە ئىلتىجا،
باغرىمىزنى تىلغىمىسۇن بىھۇدە ئويلار.
ئۇلۇغ خۇدا تەلىپىڭنى قىلىدۇ بەجا،
سېنىمىز بولسۇن ماڭا ئاتاپ بېقىلغان قويلار.

7

قۇملۇقلارغا ئېزىز نامىم يېزىلدى قاچان،
تاپالمىدىم شاماللاردىن سوراپ مەن ئۇنى.
قايسى تىلدا سۆزلىدىكىن سىرىنى توغراق،
چۈشەنمىدىم ياپراقلارنىڭ شىلدىرلىشىنى.

بۇلۇتلارنىڭ كۆرپىمىزگە كۆچكەن ئاق قۇلار
تاشلاپ ماڭا پەرلىرىنى، يوقالدى قايان؟
شۇنچە چەكسىز بۇ دۇنيانىڭ جىمجىتلىقىدا
مېنىڭ نامىم ئاستا ـ ئاستا بولماقتا ئايان.

سۆزۈك سەھەر گىرۋىكىدە ئۆنگەن چوغلۇقنى
كۆرەلمىدىم، ئەكەلسىمۇ ئۈزۈپ ئۇنى شام.
ئىككى ھايات چېگرىسىدا تۇرىمەن يالغۇز،
تونۇش زاۋال ئېتىكىنى ھۆللەيدۇ ناخشام.

8

شاۋقۇنىڭنى ئىزدەپ كەلسەم قەترە يېشىڭدىن،
تولغاپ زىلۋا بەللىرىنى چايقالدى گۈللەر.
قاپتۇ خۇشبۇي ئاۋازىڭغا چۆمۈلگەن لېۋىنتا،
ھەسەن ـ ھۈسەن جۇلاسىدا تىترەيدۇ لەۋلەر.

سېنى قۇچۇپ يىراقلاردا ئوينىتقان قولۋاق،
كۆرۈنمەيدۇ جىمىرلىغان كۆلنىڭ يۈزىدە.

شەبنەم باسقان چىملىقتىكى تۇخۇم شاكىلى،
بۇ سەھەردە قىلىۋەتتى كۆڭلۈمنى زىدە.

غاپىللىقنىڭ دولقۇنىدا كەتكەن شۇ كېچە،
چۈش كۆرۈپسەن يۇمشاقىنە ئايىنىڭ ئىلكىدە.
چاچلىرىڭنىڭ شامالLارغا تۆكۈلگەن مۇڭى
قېتىپ قاپتۇ يۇلتۇزلارنىڭ چىم - چىم كۆزىدە.

9

كۆڭلۈم نۇرلار دەستىسىگە ئۇزاتقاندا قول
ئەلبۇممىدىن كۆتۈرۈلدى سېھىرلىك كېچە.
كۈنلۈك ئېلىپ مەھەللىگە ماڭغاندا ئۇدۇل،
مۆلدۈرلەيتتى گۇڭگا چىراغ تۇمان ئىچىدە.

پۈتۈن شەھەر بولغىنىدا قاراڭغۇ مۇنچا،
يالقۇنلىرىم يۇيۇنماقتا پاكلىنىپ ئاستا.
يالۋۇرىمەن قىمىرلىماس بىرلا پەردىگە،
دېرىزىلەر چەكچەيسىمۇ ماڭا ھەرياقتا.

تۇغۇلدۇممەن، سەھەر بىلەن بولدۇم قوشكېزەك،
ئانام بولدى شۇندىن بېرى ماڭا شۇ كېچە.
كۈنلۈك تۇتۇپ قايتقىنىمدا مەلەمگە ئاستا،
مۆلدۈرلەيتتى يېشىل چىراغ تۇمان ئىچىدە.

كۈتۈۋېرىپ كۈتۈشتىنمۇ زېرىكتىم زىنھار،
كېلەر ئىدى ئۆلۈملەرنىڭ بولسام ئېسىدە.
چارچاپ كەتتىم، سىياسىنى تاشلىسۇن ئاسمان،
ئويغاتماڭلار، ئۇخلاپ قالسام قىلىچ بىسىدە.

باغرىمىزنى ھايات ئۈچۈن ئېرىتكەن خۇدا،
ئويناتماقتا ئەرۋاھىمنى دېڭىز بېتىدە.
ھايات ئىدىم، ھەمراھ ئىدىم سىلەرگە ئەسلى،
ئۆلۈپ كەتتىم، تىكلەنگەندە ماڭا ئابىدە.

ئەركىن مۇھەممەت كامالى

# شېئىرلار

## ئانا يۇرت سۆيگۈسى

1

ناخشامدا مېنىڭ سۆيگۈ بار، ناخشامدا مېنىڭ مۇھەببەت،
شولا تۆكەر، نۇر تۆكەر ھەربىر بوغۇم، ھەربىر سۆز.
گۈل پۇرايدۇ شاماللار، تەبىئەت گۈل، ئالەم گۈل
تەلپۈنىدۇ سۆيۈنۈپ نۇرغۇن يۈرەك، نۇرغۇن كۆز.

سۈزۈك ئاسمان، يارقىن تاڭ چۈشلىرىمدەك چىرايلىق
زىناقلاردا ئۇخلايدۇ تاتلىق تامشىپ پەرىشتە.
يۈيۈنىدۇ بۇلاقتا ناخشا ئېيتىپ تولۇنئاي
بولامدىكىن ياكى توي ياكى مەشرەپ ئەرشتە.

ئورمانلاردا، باغلاردا شىلدىر - شىلدىر تىۋىشلار،
قورۇندۇرار ئادەمنى پەچىرلاشلار، تىنىشلار.
ئېلىپ كېتەر يىراققا خىيالىنى شائىرنىڭ
چۆللەردىكى سانسىز ئىز، سانسىز سۇنۇق قىلىچلار...

2

كىندىك قېنىم، كۆز يېشىم قۇچقۇقۇمغا تۆكۈلگەن،
ماڭلايلىرىم، يۈزلىرىم شامىلىڭدا ئۆپۈلگەن.
يۈرىكىمدە مۇھەببەت، كۆزلىرىمدە مۇھەببەت،
چۈنكى جىسمىم، ۋۇجۇدۇم نۇرلىرىڭغا كۆمۈلگەن.

ئېيتقان ھەربىر ناخشامدا تەرىپىڭ بار، مېھرىڭ بار،
ھۆرمىتىڭگە مېنىڭ تەزىم، بەستىم يادەك پۈكۈلگەن.
ئارمانلىرىڭ، ئارمانىم پەرىشتىدەك پاك، ئۇلۇغ
كۈندۈزلەردە، تۈنلەردە تەڭ سۆيگەن ھەم سۆيۈلگەن.

يۇلتۇزلارنىڭ بەرگىنىدە ھارارەتلىك نەپەسلەر،
تويلىشىدۇ سىر سۆزلەپ قۇياش كۈلگەن، تاڭ كۈلگەن
ھەربىر چىمىدىم تۇپرىقىڭ گويا قىممەت تۇتىيا،
شۇڭا تارىخ بېتىگە ئەڭ ئاۋۋال سەن پۈتۈلگەن.

بىز تەقدىرداش ئەزەلدىن ھەممە قانداش، قېرىنداش،
بىر ئاخشامدا بىر چۈشنى شۇڭلاشقىمۇ تەڭ كۆرگەن،
سەيلى قىلىپ يۈرسەممۇ ئۆزگە چاھار باغلاردا
تەڭ قىلماستىن چۆلۈڭگە ئىچ - ئىچىمدىن ئۆكۈنگەن.

ئېزىز يۇرتۇم، گۈل دىيار جەننەت خىجىل ئالدىڭدا،
ئادەملىرىڭ مېھرىبان، پاك كۆكسۈڭدىن سۈت ئەمگەن.
مەڭگۈ شائىر ئەمەسمەن، راستلا شائىر ئاتالسام،
ماڭا مۇشۇ شۆھرەتنى خەلقىم بەرگەن، سەن بەرگەن.

قەلبىمدىن ئامچىغان سۆزلۈك قەترىلەر

1

ناخشامدا بىر يېڭى دۇنيا ياراتتىم،
بارچىنى مەپتۇن قىپ ئاڭا قاراتتىم.
سۆيگۈمدىن دەشتۇ ـ چۆل ئايلاندى باغقا،
مېھرىمنى ھەممىگە تەكشى تاراتتىم.

ئەجرىمدىن بىخ سۇرۇپ ئۇندى ئادەملەر،
نۇر بەردىم، يېتىلدى كۆرمىلىك ھاتەملەر.
خەجلىدىم سۆيگۈمنى ئۇلارغا تامام،
قاپلىدى ئەتراپنى غېرىب ـ سەنەملەر.

ناخشامدا بىر يېڭى دۇنيا ياراتتىم،
نادانلىق پەسلىكنى دوزاخقا ئاتتىم.
لال بولدى يەر ـ ئاسمان، لال بولدى قۇياش.
ھەتتاكى تەڭرىنىڭ مەيلىنى تارتتىم...

2

چۆشۈمدە جەننەت بار، چۆشۈمدە دوزاخ
بار يەنە ياخشىلىق ھەممە يامانلىق،
شەيتانلار ئالدىمغا قۇرىدۇ تۇزاق،
پەرىلەر تىلەيدۇ ماڭا ئامانلىق.

ئۇندا بار ھەقىقەت، ئەرك سۆيگەنلەر،
گۈل بولۇپ ئېچىلىپ تۇرىدۇ ئەنە.
ئۇندا بار قانلىق جەڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر،
نامەردلەر، ناكەسلەر، تۆھمەتخور يەنە.

ئويغىنىپ ئەتراپقا سالىمەن نەزەر،
قوزغۇن بار، تىكەن بار باغدا ـ چىمەندە.
ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا يوق قىلچە پەرق،
ئەسلىدە ئىككىسى گېزەك ئىكەندە؟!...

3

ئۇپۇقنىڭ لېۋىدە گىرىمسەن شۇلا،
گۈزەلدۇر تەبىئەت، گۈزەلدۇر ئالەم.
يوقاتقان چۆشىنى، بىپايان دالا،
يالتىرار يۇلتۇزلار بەرگىدە شەبنەم.

ھەر قەترە شەبنەمدە قۇياش بار قۇياش،
ياتىدۇ بارخانلار باھارنى كۈيلەپ.
ئۇچۇدۇ شاماللار تەمكىن ھەمدە شاش،
بەر ماڭا سۆيۈنچە، سۆيۈنچەڭنى، دەپ.

ئايلانسۇن سۆيۈنچە سېنىڭدىن شامال،
ئىشقىمنى بېرەي مەن شېئىرىمنىمۇ ئال.
تىنىقلار قوشۇلسۇن، گىرەلەشسۇن چىلىك،
بۇ يەرگە يىلتىز تارت، ماكانلىشىپ قال.

تىكلىدى دىل قەسرىدە بۈيۈك ھەيكەل

مەيلىمنى تارتالمايدۇ تۇرنىلارنىڭ،
سامادا ئەركىن قانات قېقىشلىرى،
قالدۇرۇپ بۇلۇتلارنى ئايىغىدا،
زېمىنغە مەغرۇرانە بېقىشلىرى.

كۆيدۈرەر، سۆيۈندۈرەر ئۇنىڭ پەقەت،
مەن كەبى نەۋ باھارغا ئامراقلىقى،
تىكلىدى دىل قەسرىمگە بۈيۈك ھەيكەل،
ھايات ۋە ماماتنىڭ ئىناقلىقى.

ئىزلىرىم

ئىزلىرىم بار چوققىلاردا، تاغلاردا،
ئىزلىرىم بار بارخانلاردا، سايلاردا.
ئىزلىرىم بار شۇنچە نۇرغۇن، شۇنچە كۆپ،
قەدەملىرىم يەتكەنلىكى جايلاردا.

شۇ ئىزلاردا مۇھەببەت بار، سۆيگۈ بار،
شۇ ئىزلاردا ناۋاسى بار تويلارنىڭ
شۇ ئىزلاردا ماتەم بىلەن قايغۇ بار،
شۇ ئىزلاردا شاۋقۇنى بار سۇلارنىڭ.

شۇ ئىزلاردا غۇرۇرۇم بار، دىتىم بار،
كۆلكىسى بار تۇل ئانا ۋە يېتىمنىڭ.
شۇ ئىزلاردا ئارمانلىرىم، شېئىرىم بار،
ئىزناسى بار ھەمدە ئادىل كېسىمنىڭ.

شۇ ئىزلاردا ۋىجدانىم بار يېڭىلمەس،
نام ـ ئاتاقتا، مال ـ دۇنياغا بېرىلمەس،
شۇ ئىزلاردا ئۈمىد بىلەن تەرىم بار،
شۇ ئىزلاردا نوچىلىق بار، سېرىلمەس.

يىللار بىلەن كۆپ قېرىشتىم، ئېلىشتىم،
يومداقلىشىپ جەھلىم بىلەن چېلىشتىم.
خەنجەر ئۇرۇپ ماڭلىيىمغا ئەن سالدى،
ئېلىشتىما سانسىز ئىزغا ئېرىشتىم.

* *

ئىزلىرىم بار شۇنچە نۇرغۇن شۇنچە كۆپ،
تۇرار كۆڭلىدەك جىلمىيىپ ئۇ يەر ئۇپۇپ.



ئەمەتجان قادىر

# چىراي ۋە سۆيگۈ

(ھېكايە)



ئەمەتجان قادىر ئەدەبىيات سېپىدىكى ياش ھەۋەسكار. ئۇنىڭ «چىراي ۋە سۆيگۈ» ناملىق ھېكايىسى يۇمران مايسا ھالىتىدىكى ئەسەر بولسىمۇ، ئاپتورنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن بۇ ئەسەرنى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشنى لايىق تاپتۇق.

ئەمەتجان قادىر 1969 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتىدۇ. بىز ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.

1

مەن مۇشۇنداق خۇنۇك، بەدبەشىرە بولۇپ تۇغۇلۇپ قالغان بىتەلەي بەندە. بېشىم يوغان، بويۇم پاكار، بەدىنىم سېمىزلىكتىن دوگىلەكلىشىپ كەتكەن، ئۈستۈنكى كالپۇكۇم يۇقىرىغا، تۆۋەنكى كالپۇكۇم ئاستىغا قايرىلىپ تۇرىدۇ. كۆزۈم بەكمۇ كىچىك، ئۇنىڭ ئۈچۈق ياكى يۇمۇق ئىكەنلىكىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ. رەڭگىم قازاندەك قارا، تەرلەپ كەتكەن ۋاقتىمدا يۈزۈم خۇرۇمدەك پارقىراپ كېتىدۇ.

چىرايىم مۇشۇنداق سەت بولغانلىقى ئۈچۈن ساۋاقداشلىرىم مېنى ئارىغا ئالمايدۇ، ھەممىسى مەندىن يۈزىنى قاچۇرىدۇ.

«ئالتۇن چاغ مۇكاپاتى» غا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

مەنمۇ ئامـمۋى سورۇنلارغا يېقىن يولىماي-
مەن. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئىمكاند-
يەتىنىڭ بارىچە يالغۇز يۈرۈشكە تىرىشىمەن.

بـۈگۈن يېڭـى يىلـنىڭ هارپا كۈنى
بولغاچـقا، ساۋاقـداشلىرىم كۆڭۈل ئېـچىش
كېچىلىكى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن سىنىپقا چىقىپ
كېتىشكەنىدى. مەن ياتاقتا ئىككى ئالقىنىم-
نى بېشىمنىڭ تېگىگە قويۇپ، تورۇسقا قار-
غىنىمـچـە خىيال سۈرۈپ ياتاتتىم. مېـنى
ئازابلىق خىياللار ئېزەتتى. خۇدا نېمىشـقا
بەزى ئادەملەرنى ئاجايىپ گۈزەل، بەزىلەر-
نى بەدبەشرە قىلىپ يارىتىدىغاندۇ؟ نېمىش-
قا ھەممە ئىنسانغا بىر كۆزدە قارىمايدى-
غاندۇ؟ نېمىشقا مېنى باشقىلارنىڭ هاقارىتى-
گە، مەسخىرىسگە دۇچار قىلدىغاندۇ؟

مەن ئۇزاقـقـچـە خىـيـال سۈردۈم.
خىياللىرىمنىڭ چەك - چېگرىسى يوق ئىدى.
بېشىم چىڭـقىلـىپ ئاغـرىپ كەتتى. ئۇھ...
مەنمۇ خۇدانىڭ بەندىسىغۇ! ھەممە ئىنسان-
نى — سەتلەرنىمۇ، چىرايلىقلارنىمۇ — خۇدا
ياراتقان. چىرايىمنىڭ سەت بولۇپ قېلىشى
مېـنىڭ سەۋەنلـىكىم ئەمەس. ئاخىرى مەن
ئۆز - ئۆزۈمگە ئاشۇنداق تەسەللى بەرگەند-
دىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ چاپىنىمـنى
كىيدىم. ياتاقنىڭ ئىشىكىنى تاقىدىم. ياتاق-
تىن چىقىـشىم بىلەنـلا يۈزۈمگە ئاچـچىق
سوغۇق ئۇرۇلدى. ئېغىز - بۇرنۇمنى چاپىنىم-
نىڭ ياقىسـىدا يۆگەپ فاكۇلـتېـت بىـناسى
تەرەپكە يۈگۈردۈم.

مەن هاسىرىغىنىـمـچە سىنىپقا كىرىپ
كەلدىم. تانسا ئالللىبۇرۇن باشلىنىپ كېتىپ-
تۇ. باللار جۈپ - جۈپ بولۇپ تانسا ئوي-
ناۋېتىپـتۇ. مەن سىنىپـنىڭ بوسۇغىسىدىن
ئاتلاپ كىرىشىمگىلا سىنىپ باشلىقىمىز:
— ھەي قۇربان، مانىڭغا چاي ئەكىر-
ۋېتە، — دەپ ئىككى چايداننى قولۇمغا تۇت-
قۇزدى. مەن ئىكـكى چايـدانـنى كۆتۈرۈپ
سىرتقا ماڭدىم. چايخانا خېلى يىراقتا ئىدى،
قوللىرىم، بۇرنۇمنىڭ ئۇچى سوغۇقتا ئېچى-
شىپ كەتتى. قۇلاقلىرىمنى ياقامنىڭ ئىچىگە
تىقىۋالدىم...

سىنىپقا كىرىپ چايداننى قويۇپلا پار-
ۋاي قېشىغا يۈگۈردۈم. مەندىن باشقىلارنىڭ
ھەممىسى زوق - شوخ بىلەن تانسا ئوينا-
ۋاتاتتى. مەن قولۇمنى پارۋايغا يېقىـپ تۇ-
رۇپ تانسا ئويناۋاتقانلارنىڭ پۇتلىرىغا نەزەر
سالدىم. قىزلارنىڭ كىچىك، چاققان پۇتلىرى
بىلەن ئوغۇلـلارنىڭ يوغان، قوپال پۇتلىرى
روشەن ئايرىلىپ تۇراتتى. ئەنە ئاۋۇ قىزىل
ئۆتۈكلۈك پۇت ھەممىدىن يەڭگىل، رىتىم-
لىق دەسسىمەكتە.

مېـنىڭ كۆزلىرىم ئاشۇ تار قونچىلىق،
كىچىك قىـزىل ئۆتۈكنى بويـلاپ يۇقـىرىغا
يۆتكىلىشكە باشلىدى. شۇنىـڭدىن كېيىـن
تېگى قارا، قىزىل يوپۇرماق گۈللۈك ئۇزۇن
كۆڭلەك، ئاق پوپايـكـا، يېـيىلىـپ تۇرغان
قاپقارا بۇلۇتسىمان چاچ كۆزۈمگە چېلىقتى.
ئەنە، ئەمـدىلا ئېچىلىشقا باشلىغان غۇنچـىنى
ئەسلىتىدىغان كىچىككىنە ئېغىز، گۈل بەر-
گىدەك سۈزۈك، نېپىز لەۋلەر، قىرلىق، پار-
قىراق بۇرۇن، ئۇزۇن كىرپىكلىك، پىيالى-
دەك يوغان قارا كۆزلەر...

مەن ئۇنىڭدىن غاچـچىدە كۆزۈمـنى
ئۈزدۈم. مېنىڭ ئۇنىڭغا قارىغانسېرى قارى-
غۇم كېلەتتى - يۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىنى
ئۇچرىتىپ قېلىشتىن قورقاتتىم. ئۇ كۆزلەر-
دە ئادەمـنى ئەيـمـەنـدۈرىدىغان بىر خىل
سىرلىق نۇر چاقناپ تۇراتتى، ئۇنىڭ قاش-
تېشىدەك سۈزۈك، ئاپئاق چىرايىدىن سەبىي-
لىك، گۆدەكلىك ئىپادىلىرى بىلىنىپ تۇراتـ

تى. ئۇ، مەن بىلەن بىر ناھىيىلىك قىز بولۇپ، ئىسمى گۈزەلنۇر ئىدى.

مەن پارۋاي قېشىدا قانچىلىك تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن. بىر چاغدا بارماقلىرى ئۇزۇن، ئاپئاق، پارقىراق بىر قول كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى. مەن بېشىمنى كۆتۈردۈم. مېنىڭ ئالدىمدا گۈزەلنۇر كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— قوپە. تانسا ئوينايمىز، — دېدى ئۇ.

مەن ئەتراپىمغا قارىدىم. جۈپ - جۈپ كۆزلەر ماڭا تىكىلگەن. ھەممىسىنىڭ چىرايىدا كۈلكە، ياق، مەسخىرىلىك كۈلكە!

— ئادەمنى نېمىشقا مازاق قىلىسىز گۈزەلنۇر، مەنمۇ ئادەمغۇ.

— مازاق قىلمىدىم. شۇڭا سېنى تەكلىپ قىلىۋاتىمەن، — ئۇ كۈلدى.

نېمە بولسا مەيلى دەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. مېنىڭ كېلەڭسىز، پاكار بەدىنىم ئۇنىڭ زىلۋا، ئېگىز بويى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغانىدى. بالىلارنىڭ ھەممىسى پاراقلاپ كۈلۈشكە باشلىدى.

گۈزەلنۇر پىرقىرايتتى. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ قىزلارغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قىزىقچىلىق قىلاتتى. مەن قېلىن كىيىنىۋالغاچقا ھەرىكىتىم قولاشمايتتى. پۇتۇم كالاڭپايلىشاتتى. گۈزەلنۇر كېپىنەكتەك پىرقىراۋېتىپ مېنى تۇيۇقسىزلا قويۇپ بېرىۋىدى، مەن پالاققىدە يىقىلىپ چۈشتۈم. ئۇ كۈلەتتى. بالىلار تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈشكە باشلىدى. بەزى قىزلار يوتىلىرىغا شاپىلاقلاپ كۈلەتتى. مەن ئەلەمدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، سىنىپتىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتىم - دە، بېشىم قايغان تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتىم. سۆگەكتىن ئۆتكۈدەك ئاچچىق شامال قار ئۇچقۇنلىرىنى توزىتىپ ھۇشقىتاتتى. لېكىن مەن سوغۇقنى سەزمەيتتىم. ئىچىمدە غەزەپ قاينايتتى. چىشلىرىم كىرىشىپ غىچىرلايتتى. ماڭا ئاشۇ جادۇ كۆزلۈك قىز گۈزەلنۇرنىڭ مەسخىرىسى بەكمۇ ئېغىر كەلگەنىدى. مەن يولنى تاللىماي، ئېرىقلاردىن، خىش، قۇم دۆۋىلىرىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ يۈگۈرۈۋەردىم. خۇددى قۇترىغان بۇقىدەك ئەسەبىلەرچە يۈگۈردۈم. ئاخىرى ھېرىپ، پۇت - قولۇمدا ماغدۇر قالمىغاندا توختىدىم. بەدىنىمدىن چىپىلداپ تەر قۇيۇلاتتى. كۆڭلىكىم يەلكەمگە چاپلىشىپ قالغانىدى. بېشىمدىن پۇرقىراپ ھور كۆتۈرۈلەتتى. كاللامدا گادىرماش خىياللار كېزەتتى، مەن بۈگۈن ئۆزۈمنىڭ دۇنياغا ئوشۇقچە يارىتىلىپ قالغانلىقىمغا راستىنلا ئىشەندىم. ھەي خۇدا! مېنى نېمىشقا ياراتتىڭ؟ مېنى كىشىلەرنىڭ مەسخىرە قىلىشى ئۈچۈن ياراتقانمىدىڭ؟ مېنى كىشىلەرگە ئويۇنچۇق قىلىپ تاشلاپ بەرمەكچىمىدىڭ!؟

مەن ياتاققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەينەكنى قولۇمغا ئالدىم. ئەنە ئاۋۇ يوغان باش، قاشنىڭ ئورنىدىكى شالاڭ تۈكلەر، يۇمۇق كۆزلەر، ئۈستىگە ۋە ئاستىغا قايرىلىپ تۇرغان بەدبەشىرە لەۋلەر — ئۇ مەن! كۆزۈمدىن ئىختىيارسىز ياش سىرغىدى.

خۇدا مېنى مۇشۇنداق بەدبەشىرە ياراتقان بولسىمۇ، لېكىن ماڭا ئالاھىدە ئەقىل - پاراسەت، باشقىلاردا كەم ئۇچرايدىغان ماھىر قول ۋە يېقىملىق ئاۋاز ئاتا قىلغانىكەن. مەن تامغا ئېسىلغان گىتارنى ئېلىپ چېلىشقا باشلىدىم. مەن ئۇنى بەكمۇ ھەسرەتلىك، مۇڭلۇق چالدىم. بۇنداق ياخشى چالالىغانلىقىمغا ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم. مەن گىتارە چېلىشنى بىر نەۋرە ئاكامدىن

ئۆگەنگەنىدىم. ئاۋازىمىمۇ ھەقىقەتەن ياخشى
ئىدى. مەن گىتارنى ئالاھەزەل بىرەر سا-
ئەتچە چالغاندىن كېيىن ئاستاغىنا ئۇستەل
ئۇستىگە قويۇپ ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم.

2

بۈگۈن بىزنىڭ گۇرۇپپىمىزغا قار تازى-
لاش نۆۋىتى كەلگەنىدى. بىز گۈرجەك،
سۈپۈرگىلەرنى كۆتۈرۈپ فاكۇلتېت بىناسى-
نىڭ ئارقىسىغا قاراپ يول ئالدۇق. باللار
گۈرجەكلەرنى تاشلىۋېتىپ بىر ـ بىرىگە قار
ئېتىشىپ ئوينىشاتتى. پەقەت مەنلا قارنى
گۈرجەك بىلەن ئېلىپ ئېرىققا تاشلايتتىم.

ئىككى ئۈچ ئوغۇل بالا بىرلىشىپ گۈزەل-
نۇرغا قار ئېتىشقا باشلىدى. قىزمۇ كۈلۈپ
ئوغۇللارغا قار ئاتاتتى. ئاخىرى ئۇلارغا
تەڭ كېلەلمەي مېنىڭ قېشىمغا قېچىپ كې-
لىپ ئارقامغا ئۆتۈۋالدى. ئۇنىڭ قاپقارا
چاچلىرىغا قار ئۇۋاقلىرى چاپلىشىپ قالغانى-
دى. قىزىرىپ كەتكەن يۈزلىرىدە سۇ تام-
چىلىرى يالتىرايتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇ تېخى-
مۇ چىرايلىقلىشىپ كەتكەنىدى. مەن گەرچە
سەت بولساممۇ خۇدا ماڭىمۇ باشقا ئىنسان-
لارغا ئوخشاشلا گۈزەللىكتىن ھوزۇرلىنىش
قابىلىيىتى بەخش ئەتكەنلىكىنى سەزدىم.
بىردىنلا كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى. مەن
باشقا ياققا قارىۋالدىم. ھېلىقى كۈندىكى
ئاچچىقىم تېخى يانمىغانىدى. گۈرجەك تۇت-
قان قولۇم توڭۇپ ئېچىشاتتى. مەن پۈتۈن
كۈچۈم بىلەن قارنى ئېرىققا تاشلايتتىم.

ـــ قۇربان، بولدى، دەم ئالغىن ـ ئەم-
دى، قالغىنىنى بىز تازىلىۋېتەيلى.

مەن ئۇنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي
قارنى ئېرىققا تاشلاۋەردىم.

ـــ ئاچچىقىڭ نېمىدېگەن يامان ـ ھە!
ئۆتكەنكى ئىشنى ئېسىڭدىن چىقىرىۋەت ئەمدى.

ئۇ شۇنداق دەپ مېنىڭ قېشىمدىكى
دەرەخكە گۈرجەك بىلەن بىر ئۇرۇۋىدى، دە-
رەخ ئۈستىدىكى قارلار ئۈستىباشلىرىمغا تۆ-
كۈلۈپ مېنى شۈركۈندۈرۈۋەتتى. ئۇ زىل
ئاۋازى بىلەن ۋىلىقلاپ كۈلدى. مەن ئۇ-
نىڭغا ئالىيىپ قويۇپ نېرىغا كەتتىم.

قارنى تازىلاپ بولغاندا باللار گۈر-
جەكلەرنى ئالمايلا سىنىپقا يۈگۈرۈشتى. مەن
يەردە ياتقان گۈرجەكلەرنى يىغىپ كۆتۈ-
رۈپ ھەممىنىڭ ئاخىرىدا سۆرۈلۈپ ماڭدىم ...

چۈشتىن كېيىن مەكتەپ كۇلۇبىدا
چوڭ يىغىن ئېچىلدى، مەن باللاردىن ئاي-
رىلىپ، ئاخىرىدىكى بوش ئورۇندا ئولتۇر-
دۇم. بۇ ئالدىنقى مەۋسۇمنى خۇلاسىلاش،
ياخشى ئوقۇغانلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئى-
دى. فاكولتېت مۇدىرى بىر ھازا سۆزلى-
گەندىن كېيىن مۇكاپاتلانغانلارنىڭ ئىسمىنى
ئېلان قىلىشقا باشلىدى.

ـــ قۇربان نۇر ...

مەن چۆچۈپ سەھنىگە قارىدىم. بۇ
مېنىڭ ئىسمىم ئىدى. خاتا ئاڭلاپ قالدىم-
مۇ دەپ ئويلاپ تېڭىرقاپ قالدىم. ئىسمىم
ئىككىنچى قېتىم چاقىرىلغاندا خاتالاشمىغى-
منى سەزدىم.

مەن مەكتەپنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك
ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشكەنىدىم. پۇل-
نى تۇتقان قوللىرىم تىترەيتتى. يۈرىكىم
خۇشاللىقتىن دۈكۈلدەيتتى. سەھنە ئاستى-
دىكى نۇرغۇن كۆزلەر ماڭا تىكىلگەنىدى.
ھازىر بۇ كۆزلەر پەخىرلىنىش تۇيغۇسى
بىلەن چاقناپ تۇراتتى. باللارنىڭ كۈلۈم-
سىرەپ تۇرغان چىرايلىرىدىمۇ مۇلايىملىق،
دوستلۇق ئىپادىلىرى بار ئىدى. گۈلدۈراس
ئالقىش ساداسى ئىچىدە سەھنىدىن چۈش-
تۈم. قولۇم قىزىماقتا، ياق، پۈتۈن بەدىنىم

قىزىماقتا ئىدى.

كۆلۈبىنىڭ ئىشىكىدىن چىقىشىم بىلەنلا ساۋاقداشلىرىم مېنىڭ ئەتراپىمنى ئورىۋالدى. مەن ئاشۇ ئېگىز گەۋدىلەر ئارىسىدا بىر توپ تۆگىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالغان ئۆچكىگە ئوخشاپ قالغانىدىم.

— بۈگۈن بىزنى مېھمان قىلارسەن، قۇربان؟ — دېدى ساۋاقدىشىم سادىق.

— بولىدۇ، چاتاق يوق!

— يارايسەن قۇربان!

بىز ھەممىمىز مەكتەپ سىرتىدىكى ئاشخانىغا قاراپ مېڭىشتۇق.

بۈگۈن مەن مەست بولدۇم. خۇشاللىقتىن مەست بولدۇم. چۈنكى بۈگۈن ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى ماڭا دوستلۇق ۋە ھۆرمەت نەزەرى بىلەن قاراشتى. شۇڭا ھاراقنىمۇ قانغۇدەك ئىچتىم. شۇنچە كۆپ ساۋاقدىشىم بىلەن كۆڭۈللۈك ھالدا بىرگە بولغانلىقىمغا ھېسابسىز شادلاندىم. مەن ئۈنئالغۇدىن ياڭراۋاتقان مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇل، دىسكو ئوينىدىم. بەزىدە ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ پۇتۇم ئىقتىيارسىز دېسكوغا كېتەتتى. بۈگۈن پەقەت ھېلىقى ھالىنى يوغان كۆرەك قىز گۈزەلنۇرلا يوق ئىدى. مەن خۇشاللىقتا گىتارنى قولۇمغا ئالدىم. ھازىرغىچە ئادەملەرنىڭ كۆز ئالدىدا گىتار چېلىپ باقمىغانىدىم، بۈگۈن چالدىم.

ئاشخانىدىكى ۋاراڭ ‐ چۇرۇڭ بىردىنلا جىمىپ كەتتى. ھەممە كۆز ماڭا تىكىلگەنىدى. مەن پۈتۈن ماھارىتىمنى ئىشقا سېلىپ گىتار چالدىم. گىتارغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتتىم، قىزلار مۇنداقمۇ كارامىتىڭ بارمۇ، دېگەندەك ماڭا ھاڭۋېقىپ قاراپ قېلىشتى. ئەنە قىزلارنىڭ بەزىسى بىردىنىڭ مۈرىسىگە بىرى بېشىنى قويۇپ، بەزىلىرى ئالقىنىدا ئېڭىكىنى يۆلەپ ماڭا پۈتۈن دىققىتى بىلەن قارىماقتا. ئوغۇللارمۇ خۇددى ھاراق ئىچمىگەندەك جىمجىت ئولتۇرۇشماقتا. مەن توختىماي گىتار چالدىم، ناخشىنىمۇ بىر ‐ بىرىگە ئۇلاپ ئېيتىۋەردىم ... ئاھ، ئادەملەر مېنىڭ سەت چىرايىمغا قاراشماقتا، مەسخىرىلىك نەزەردە ئەمەس، بەلكى ھەۋەس بىلەن قاراشماقتا. چىرايىمدىن نېمىدۇ بىر نەرسە ئىزدىمەكتە. مەن بۈگۈن مەست بولدۇم، خوشاللىقتىن مەست بولدۇم ...

3

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن فاكۇلتېت بويىچە تەنتەربىيە مۇسابىقىسى بولماقچى. ھەممىمىزنىڭ چىرايىدا جىددىيلىك، ھودۇقۇش ھەم خۇشاللىق. چۈنكى بىرىنچىلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر ھەپتىدىن بېرى مەشىق قىلغانىدۇق. ئەنە ئىككى سىنىپنىڭ بالىلىرى مۇنبەر ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلاردىن كېيىن نۆۋەت بىزگە كېلىدۇ. مېنىڭ بويۇم پاكار بولغاچقا سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭاتتىم. يۈرىكىم سالاتتى.

— قۇربان! — دېدى تەنتەربىيە ھەيئىتى باش ئايىغىمغا بىر قۇر قاراپ چىقىپ، — سەن بىز پاراتتىن ئۆتۈپ بولغۇچە مەيداننىڭ چېتىدە تۇرۇپ تۇر!

— نېمىشقا؟

— تېز بول، ۋاقىت يېقىنلىشىپ قالدى.

مەن جىم تۇرۇۋالدىم.

— ئەپتىڭگە قاراپ باقمامسەن! مۇشۇ تۇرقۇڭ بىلەن مەيدانغا چۈشسەڭ ئەتراپتىكىلەر بىزنى مەسخىرە قىلىدۇ.

بۇ سۆز غۇرۇرۇمغا بەك قاتتىق تەگكەنىدى. مېڭەم زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى. شۇ پەيتتە بىردىنلا:

— مەيلى تۇرۇۋەرسۇن، ئۇمۇ بىزنىڭ سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسىغۇ، — دېگەن زىل ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ گۈزەلنۇرنىڭ ئاۋازى ئىدى، لېكىن ئۇ ماڭا تەنە قىلغاندەك ئاڭلاندى.

— تېز بول، نۆۋەت بىزگە كەلدى. قەدەملەپ مارش!

مەن ساۋاقداشلار توپىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ياتاق تەرەپكە يۈگۈردۈم. مەن ئاسماندىن يەرگە چۈشۈپ كەتكەندەك بولۇپ كەتكەنىدىم. يۈرىكىم ئاچچىق ئىزتىراپتا تىپىرلايتتى. ئاھ چىراي! مېنى ھەمىدىن مەھرۇم قىلغان چىراي! مەن ياتاققا كىرىپلا ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلاپ ئۈنلۈك يىغلىۋەتتىم.

خاپىلىق بىلەن خۇشاللىق قوشكېزەك ئوخشايدۇ. شۇ كۈنلەردە مېنىڭ بىر ژۇرنالغا ئەۋەتكەن ھېكايەم بېسىلىپ چىقتى. ژۇرنال مۇھەررىرلىرى مېنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىمنى تونۇشتۇرۇپتۇ، يېڭىلىق ياراتتى، دەپ ماختاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن باللار ماڭا ئالاھىدە دىققەت بىلەن قارايدىغان بولدى. بىر كۈنى گۈزەلنۇرنىڭ ماڭا قاراپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ قالدىم. قولىدا مېنىڭ ھېلىقى ھېكايەم بېسىلغان ژۇرنال تۇراتتى. مەن ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئۈزۈپ نېرىغا كەتتىم. چۈنكى مەن بۇ ھېكايىدىكى ۋاپاسىز قىز نەجىمەنىڭ پورتېرىت تەسۋىرىنى يېزىشتا گۈزەلنۇرنى پىروتوتىپ قىلغانىدىم.

— قۇربان، توختىغىنا! — دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ئارقامغا بۇرۇلدۇم. گۈزەلنۇر مەن تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. مەن نېمە گېپىڭىز بار ئىدى دېگەندەك مەنادا ئۇنىڭغا قاراپ تۇردۇم. ئۇ ماڭا يېتىشىپ كەلگەندىن كېيىن بىز قاتارلىشىپ ماڭدۇق.

— مەن سىزنىڭ بۇنچىلىك قابىلىيىتىڭىز بارلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن، — دېدى ئۇ يەرگە قاراپ كېتىۋېتىپ. ئۇ راستىن سۆزلەۋاتامدۇ ياكى مەسخىرە قىلىۋاتامدۇ، چىرايىدىن ھېچنېمىنى سېزەلمىدىم. ئۇ بىردەم جىم ماڭغاندىن كېيىن يەنە گەپ باشلىدى:

—ھېكايىڭىزنى ئۈچ قېتىم ئوقۇپ چىقتىم، مېنى بەكمۇ پەسلەشتۈرۈۋېتىپسەن.

ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى ماڭا تىكىلدى. بىردىنلا ھودۇقۇپ كەتتىم.

—نېمە دېمەكچى سىز؟

— سەن ۋاپاسىز قىز نەجىمەنىڭ تاشقى قىياپىتىنى ماڭا ئوخشىتىپ يېزىپسەنغۇ...

— ئۇ دېگەن ئەدەبىي ئەسەر تۇرسا، نېمىشقا ئۇنى ئۆزىڭىزگە چېتىۋالىسىز؟

— راست، مەنمۇ دەسلەپتە شۇنداق ئويلىغان، لېكىن بەزىدە سېنى كەمسىتىپ ئېيتقان سۆزلىرىمنى نەجىمەنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويۇپسەن. ماڭا بەك ئۆچ بولۇپ كەتكەن ئوخشايسەن - ھە؟ مەن سېنىڭ قابىلىيىتىڭنى ئىلگىرىلا بايقىغان، سېنى كەمسىتىش نىيىتىم يوق. مەن شۇنچىكى شوخلۇق قىلىپ قويسام سەن ئۇنى خاتا چۈشەندىڭ، كەمسىتكەنلىك دەپ ئويلىدىڭ. مەن ساڭا يېقىنلىشىشقا ئىنتىلسەم ئەكسىچە سەن ئۆزۈڭنى قاچۇرۇۋاتىسەن. سەن باشقىلارغا كۆزۈڭ بىلەن ئەمەس يۈرىكىڭ بىلەن قارا.

ئۇ كۈلۈمسىرەپ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە تىكىلدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن يۈرەكنى ئېرىتىۋەتكۈدەك ئىللىق نۇر چاقنايتتى، ئۇ تەسۋىرلەپ بولغۇسىز يېقىملىق نۇر ئىدى. بۇ نۇر ھەممىنى بىلدۈرەتتى. توۋا، تەقدىر ماڭا چاقچاق قىلىۋاتامدۇ - نېمە؟ بۇ راستىلا تەقدىرنىڭ چاقچىقى ئىدى. مەن ئۇنىڭ تىكىلىشىگە بەرداشلىق بېرەلمەي يەرگە قارىۋالدىم. ئۇ مېنىڭ بەدبەشىرە چىرايىمغا قىزىقىپ قالغانىمىدۇ، ياق! ئۇ مېنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ. بۇ سۆز كاللامدا ئەكس تەسىر پەيدا قىلىپ، توختىماي تەكرارلىناتتى. ئۇ مېنى مەسخىرە قىلىۋا-

تىدۇ! نېرۋىلىرىم جىددىيلىشىپ كەتتى. مەن
ئۇنىڭغا بىردىنلا ئۆچ بولۇپ قالدىم. چىراي-
لىق ئادەملەر ئۆزىدىن سەتلەرنى مازاق
قىلىپ لەززەتلىنىدۇ. سەتلەرنىڭ قانداق
ئازابلىنىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ قويمايدۇ.
ئۇنىڭ كۆزى ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى. مەن
ئۇنىڭغا ھېچنېمە قارىۋەتكەنىدىن كېيىن
خوش، دېدىم - دە، ئارقىمغا بۇرۇلۇپ يۈگۈ-
رۈپ كەتتىم. ئارقا تەرىپىمدىن ئۇنىڭ
«ھەي، قۇربان!» دېگەن مەيۈس، غەمكىن
ئاۋازى ئاڭلاندى، لېكىن مەن پەرۋا قىل-
ماي كېتىۋەردىم. ياتاققا كىرىپ، قىلىپ
قويغان ئىشىمدىن ئازابلاندىم. بىردىنلا ئۇ-
نىڭ: «باشقىلارغا كۆزۈڭ بىلەن ئەمەس،
يۈرىكىڭ بىلەن قارا!» دېگەن سۆزى قۇلـ
قىمدا جاراڭلاپ كەتتى. ياق، ئۇ مېنى
مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ. مەن كىم؟ دۇنياغا
ئوشۇقچە يارىلىپ قالغان سەت مەخلۇق،
مەندەك سەتلەرگە كىممۇ قىزىقسۇن؟

قىشلىق تەتىل ھارپىسىدا بىز سىنىپتا
كۆڭۈل ئېچىش ئولتۇرۇشى ئۇيۇشتۇردۇق.
باللار خۇددى بىر - بىرىدىن مەڭگۈ ئايرى-
لىپ قالىدىغاندەك ھاياجانلىنىپ سىرداشماق-
تا، خوش كەتتى قىلىپ بىر - بىرىگە ھاراق
تۇتۇشماقتا. مەنمۇ خېلى جىق ئېچىۋالغاچقا،
يۈزۈم قىزىرىپ كەتكەنىدى، شۇڭا ئانچە قو-
رۇنماي، ئەركىن، ئازادە ئولتۇردۇم. لېكىن
گۈزەلنۇر ماڭا تولا قاراۋېرىپ، كۆڭۈل
ئارامىمنى بۇزۇپ قويدى. كۆزلىرىمىز بىر
نەچچە قېتىم ئۇچرىشىپ قالدى. راستىنى
ئېيتقاندا، مەن ھېلىقى كۈندىن ئېتىبا-
رەن ئۇنىڭغا قارىماسلىققا ئۆز - ئۆزۈمگە
ئەھدى قىلغانىدىم. لېكىن بۈگۈن ئۆزۈممۇ
سەزمىگەن ھالدا ئۇنىڭغا بىر نەچچە قې-
تىم قاراپ سالدىم. «مەستلىك — پەسلىك»
دېگەن گەپ مۇشۇمىكىن؟!...

بىردىنلا مۇزىكا ياڭراپ، تانسا باش-
لىنىپ كەتتى، مەن ئىككى قېتىملىق تان-
سىنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم، ئەمدى چۈشمىسەم
بولمايدۇ. ئورنۇمدىن تۇردۇم، نېمە ئۈچۈن-
دۇر پۇتلىرىم ئۆزۈمگە بوي سۇنماي گۈ-
زەلنۇرنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالدىم. مەست
بولمىغان بولسام بۇنداق قىلىشقا جۈرئەت
قىلالمىغان بولاتتىم.



ئۇنى تانسىغا تەكلىپ قىلدىم، لېكىن
مېنىڭ قولۇم بىلەن تەڭلا يەنە بىر قولمۇ ئۇنىڭ-
غا سوزۇلغانىدى. يېنىمغا قارىسام سادىقمۇ
ئۇنى تانسىغا تەكلىپ قىلىۋېتىپتۇ. گۈزەل-
نۇر ئىككىمىزگە بىر - بىرلەپ تىكىلدى.
مەن قولۇمنى تارتىۋالماقچى، ئىككىلار
ئوينىڭلار، دېمەكچى بولدۇم. لېكىن نېمە
ئۈچۈندۇر تارتىۋالمىدىم. بۇ ئۇنىڭ نەچچە
ۋاقىتتىن بېرى ماڭا قىلغان يېقىنچىلىقى-
نىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى سىناشنىڭ
پەيتى ئىدى. لېكىن ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈپ

قويۇپ سادىقنىڭ ئالدىغا باردى. سوزغان قولۇم ئاستا چۈشۈپ كەتتى. ئورنۇمغا بېرىپ ئۆۋىتىمنى كۆتمەيلا ساقىدىن ھاراق تەلەپ قىلىپ ئىچتىم. ئىككى رومكا ئىچكەندىن كېيىن پۇتلىرىم ئۆزۈمگە پەقەتلا بوي سۇنمىدى. يۈزۈم ئوتتەك قىزاردى. گەپ سۆز قىلماي دەلدەڭشىپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتىم. كارىدورنىڭ تېمىنى تۇتۇپ، ئاستا - ئاستا مېڭىپ كېتىۋاتقىنىمدا كىمدۇ بىرسى قولۇمدىن تۇتتى.

— مەن ئاپىرىپ قوياي، بولمىسا ياتاقنى تاپالماي قارغا كۆمۈلۈپ قالمىغىن يەنە.

ئالدىمدا گۈزەلنۇر قولۇمنى تۇتۇپ كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى مېنى زاڭلىق قىلغاندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭغا بەكمۇ ئۆچلۈكۈم كەلدى، ئۇنى چايناپ ۋۇركۆۋەتسەممۇ ئاچچىقىم يانمايتتى.

مەن قولۇمنى ئۇنىڭ ئالقىنىدىن شارتتىدە تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە بىر تەستەك ئۇردۇم. كارىدوردا چاڭ قىلغان ئەكس سادا ياڭرىدى. ئۆزۈممۇ دەلدۈگۈنۈپ كەتتىم. بىردىنلا مەستلىكتىن يېشىلگەندەك بولدۇم. ئۇ ھەيران بولۇپ ماڭا چەكچىيىپ قاراپ قالدى. ئىككىمىزنىڭ كۆزى بىردەمقىچە، ياق، بىرمىنۇت گەپ - سۆزسىز تىكىلىشتى. لېكىن ئۇرۇپ بولۇپ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى، ئۇ گويا ئۆزى ئەيىبكاردەك مېنىڭ چىرايىمغا مەيۈسلۈك بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى.

ئۇنىڭغا خاپا بولماڭ دېگۈم كەلدى، لېكىن ئۇنداق دېيىشكە غورۇرۇم يول قويمىدى، ئاغزىمنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپنى يۇتۇۋەتتىم.

گۈزەلنۇر يۈزىنى تۇتقىنىچە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ماڭا يېنىشلاپ - يېنىشلاپ قاراپ قويۇپ ئاستاغىنە سىنىپقا كىرىپ كەتتى. مەستلىكىم يېشىلىپ كەتكەنىدى، بىردىنلا ئازابلىنىشقا باشلىدىم...

تەتىلنىڭ ئىككىنچى كۈنى كىتاب سېتىۋېلىش ئۈچۈن ناھىيە بازىرىغا باردىم. ئادەملەر خۇددى مۆكىدەك ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. مەن پىيادىلەر يولىدا كېتىۋاتاتتىم. بىردىنلا يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى. چۈنكى گۈزەلنۇر مەن تەرەپكە ۋېلسىپىتلىك كېلىۋاتاتتى. ئارىلىقىمىز ئون قەدەمچە كېلەتتى، ئۆزۈمنى دالدىغا ئېلىشنى ئويلىغان بولسامۇ ئۈلگۈرەلمىدىم، ئۇ ئالدىمغا كېلىپ توختاپ شوخلۇق بىلەن سالام قىلدى. مەن ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ يان گىرۋىكى كۆكىرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، خىجىل بولۇپ قىزىرىپ كەتتىم. ئۇ بۇنى سەزگەن بولسا كېرەك، بۇرنىنى سىلاپ قويۇپ:

— ئاخشام ئۇخلاۋېتىپ كارىۋاتتىن يىقىلىپ كەتتىم، — دەپ كۈلۈمسىرىدى. مەنمۇ كۈلۈپ تاشلىدىم. بىز يەنە ئەپلىشىپ قالدۇق.

— نەگە ماڭدىڭ؟

— مە...ھەدەمنىڭكىگە كېتىۋاتىمەن، — مەن يالغان سۆزلىدىم. چۈنكى خىجىللىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بۇ يەردىن تېزرەك كېتىشنى ئويلايتتىم، — سائەت ئون ئىككىگە ئۈلگۈرۈپ بارمىسام بولمايدۇ.

— ۋېلسىپىتكە چىقە، مەن ئاپىرىپ قوياي، — ئۇ ئۆتكەنكى ئىشنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك ماڭا قىزغىن مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى.

— بولدى، كېتىۋېرەي.

— چىق دەۋاتىمەن! — ئۇ خاپا بولغاننى دوراپ، يەنە كۈلۈپ تاشلىدى.

— ئۇنداق بولسا ئەكىلىڭ، مەن ھەيدەي.

— ياق، ئۆزۈم ھەيدەيمەن.

ئۇ قۇشتەك يېنىك ھەرىكەت بىلەن ۋېلسىپىتكە مىنىپ، ئاستا ھەيدەپ ماڭدى.

— خەقلەر مەسخىرە قىلىدۇ، چۈشۈڭ مەن ھەيدەي.

— خەقلەر بىلەن نېمە كارىمىز، چىق

دېگەندىن كېيىن چىقماسەن؟

مەن ۋېلىسىپىتنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشتىم.

— ھەي قۇربان، سەن نېمانچە يەڭگىل؟ سېنىڭ ئېغىرلىقىڭ ئەللىك ئىككى كىلو ئىدى، تېخىچە شۇ پېتى تۇرۇپسەن. پەقەت سەمرىمەپسەن.

— سىز بۇنى قانداق بىلىۋالدىڭىز؟

— يادىڭىزدىمۇ، ئۆتكەن يىلى سىنىپىمىزدىكى بالىلارنىڭ بەدەن ئېغىرلىقىنى ئۆلچىگەندە سەن ئەللىك ئىككى كىلو، مەن ئەللىك ئۈچ كىلو كەلگەن.

بىز چاقچاقلىشىپ كېتىۋاتاتتۇق، بىردىنلا بىزنى قاتناش باشقۇرۇش ساقچىلىرى توسۇۋېلىپ، ۋېلىسىپىتنى تارتىۋالدى. بىز ئۇ يەردە ئىككى سائەتكە يېقىن ھايال بولۇپ قالدۇق. ساقچىلار ۋېلىسىپىتنى قايتۇرۇپ بەرگەندە كۈن چۈشتىن قايرىلغانىدى.

— بولدى، ھەدەڭنىڭكىگە كېيىن بارغىن. ھازىر بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى، — دېدى گۈزەلنۇر ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ كېتىۋېتىپ.

— ياق، زادى بارمىسام بولمايدۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭدىن تېزرەك قۇتۇلۇشنى ئويلاپ.

— نېمانچىلا تەرسالىق قىلىسەن؟ يۈرە، بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى.

— ياق، قايتمىسام بولمايدۇ.

ئۇنىڭ كۈلۈشكىلا يارىتىلغاندەك كۆرۈنىدىغان چىرايىدىكى تەبەسسۇمى ئاستا-ئاستا ئۆچتى. ئۇ كۆزۈمگە تىكىلىپ تۇرۇپ ئېغىر خۇرسىندى.

— خوش ئەممىسە، يەنە كۆرۈشەرمىز! — مەن ئارقىغا بۇرۇلۇپ يولۇمغا راۋان بولدۇم.

— خوش... — دېدى ئۇ مەيۈس، تىترەك ئاۋازدا.

ئۇ مېنى راستىنلا ياخشى كۆرەمدىغاندۇ؟ ياق، ساراڭ بولما قۇربان! سەن كىم؟ ئۇ سەندەك سەت بەندىنىڭ نېمىسىنى ياخشى كۆرىدۇ؟ بەلكىم سېنىڭ قابىلىيىتىڭگە قىزىقىدىغاندۇ، ھۆرمەت قىلىدىغاندۇ. بىر يۇرتلۇق بولغانلىقىڭ ئۈچۈن يېقىنچىلىق قىلىدىغاندۇ. سەن دۇنياغا ئۇشۇقچە يارىتىلىپ قالغان سەت مەخلۇق تۇرساڭ!

5

بۈگۈن مەكتەپ بويىچە ئەدەبىيات-سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلگەنىدى. ساۋاقداشلار، ئوقۇتقۇچىلار توپ-توپ بولۇپ مەكتەپنىڭ چوڭ كۇلۇبىغا ئاقماقتا، ھەممىنىڭ چېھرىدە خۇشاللىق، تەبەسسۇم. نېمە ئۈچۈندۇر مەن ھودۇقماقتىمەن. چۈنكى مەن بۈگۈن سەھنىدە ناخشا توۋلاپ گىتار چالىمەن. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ياخشى تەييارلىق قىلغان بولساممۇ كۆڭلۈمدە بىر خىل ھودۇقۇش بار. ھەي... ئۆزۈڭنى چاغلىماي شىلتىڭ ئاتقاندەك تۇرىسەن، قۇربان! بۈگۈن سىنىپىڭدىكىلەرنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن مەكتەپتىكى نەچچە مىڭلىغان ئوقۇغۇچىنىڭ كۆزى ساڭا تىكىلىدۇ. ئالدىدا ئولتۇرغان باھالىغۇچىلار سېنىڭ ھەرىكىتىڭگە، چىرايىڭغا قارايدۇ، ئۇلار سېنىڭ سەت، كۆرۈمسىز، گېتاردىن سەل چوڭراق بەدىنىڭنى كۆرگەندە كۈلۈشۈپ، سېنى مازاق قىلىشى مۇمكىن. گۈزەلنۇر! ئېھ، ئۇمۇ بار، ئۇنى كۆرگەندە ئاۋازىڭ تىترىمەسمۇ؟ قوللىرىڭ تار ئۈستىدە توختاپ قالماسمۇ؟

مەن سەھنە ئارقىسىدا تۇرۇپ شۇلارنى ئويلايتتىم.

كۆرەك رەسمىي باشلاندى. نومۇرلىرىنى ئورۇنداپ بولغان ئارتىستلار قايتىپ كېلىشمەكتە. ۋاقىت ناھايىتى تېز ئۆتمەكتە، يۈرىكىم ئات چاپقاندەك دۈپۈلدىمەكتە. مېنىڭ نومۇرۇم ئاخىردىراق ئىدى. ئەنە ئاۋۇ ئۇسسۇلچىلاردىن كېيىن ماڭا نۆۋەت كېلىدۇ.

ــ تەييارلىق قىلىڭ، سىزنىڭ نۆۋە-
تىڭىز كەلدى.

مەن سەھنىگە چىقتىم.

ئېلانچى قىز: «ئەدەبىيات فاكۇلتېت
ئوقۇغۇچىسى قۇربان نۇر گىتارغا تەڭكەش
قىلىپ ‹گۈزەل ياشلىق› دېگەن ناخشىنى
ئورۇندايدۇ» دەپ ئېلان قىلدى. كۇلۇپ
ئىچىدە بىردىنلا گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلان-
دى. ئېھتىمال، سەھنە ئاستىدا ئولتۇرغانلار
مېنىڭ ئەپتىمنى كۆرۈپ پاراقلاپ كۈلۈشۈپ
كېتىشتى بولغاي، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى.
مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ پەسكە قارىدىم. ياق،
ئۇلار كۈلمەپتۇ، چاۋاك چېلىشىپتۇ.يۈرە-
كىمنىڭ دۈپۈلدىشى ئاستا - ئاستا بېسىقتى.

مەن چوڭقۇر تەزىم قىلغاندىن كېيىن بار-
ماقلىرىمنى گىتار پەردىلىرى ئۈستىدە ئوين-
ىتىشقا باشلىدىم. باشتا ئاۋازىم سەل تىت-
رەپ چىقتى، كېيىن بارا - بارا ئەسلىگە
كېلىشكە باشلىدى. ئاۋازىم گىتارنىڭ ئې-
نىق، مۇڭلۇق ساداسىغا تەڭكەش بولۇپ ياڭ-
رىماقتا. ئادەملەرنىڭ ھەممىسى غايىپ بول-
غاندەك كۇلۇبنىڭ ئىچى تىمتاسلىققا چۆك-
كەن. پەقەت گىتارنىڭ يۈرەكنى ئەزگۈچى
مۇڭلۇق ساداسىلا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئۆزۈم-
مۇ ھەيران، بارماقلىرىم بۈگۈن ئالاھىدە
ماھىرلىق بىلەن تار ئۈستىدە مىدىرلىماقتا،
ئاۋازىمغىمۇ ئالاھىدە كۈچ كىرگەن.

ناخشىنى تۈگەتتىم. بىردىنلا گۈلدۈراس
ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. ئېلانچى قىز سا-
ۋاقداشلارنىڭ تەلىپى، دەپ ئارقا ئارقىدىن
ئېلان قىلىۋەردى. مانا تۆتىنچى ناخشىنى
ئېيتىماقتىمەن. مېنىڭ كۆزۈم بىردىنلا
گۈزەلنۇرنىڭ كۆزىگە تىكىلدى. مېنىڭ كۆزۈم
يېقىنىنقىياقى مىڭلىغان كۆزلەر ئارىسىدىن
ئۇنىڭ كۆزىنى ئازماي بايقاش ئىقتىدارىغا
ئىگە بولۇپ قالغانىدى. مانا بۈگۈنمۇ شۇ
ئىقتىدارىنى ئايان قىلىپ ئۇنىڭ كۆزىنى
ئاسانلا بايقىۋالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى نۇر-
لىنىپ قالغانىدى، ئۇ كۈلۈۋاتاتتى.

سەزگۈلىرىم خاتالاشقان ئىكەن. ياق، ئۇ
يىغلاۋاتاتتى، بىردىنلا مىنىمۇ يىغا تۇتتى.
يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى. تۆتىنچى ناخ-
شىنى تۈگەتكەندىن كېيىن مەن ئېگىلىپ
تەزىم قىلدىم. چاۋاكلار، «ياشا! ياشاپ كەت!»
دېگەندەك ۋارقىراشلار ئەۋجىگە چىقتى.

مەن سەھنىدىن ئايرىلماقچى بولۇپ
تۇرغىنىمدا ئېلانچى قىز: «ساۋاقداشلارنىڭ
تەلىپىگە بىنائەن قۇربان نۇر ئەڭ ئاخىرىدا
يەنە بىر ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ» دەپ ئېلان
قىلدى، كۇلۇبتا يەنە تىمتاسلىق باشلاندى.
بارماقلىرىم يەنە گىتار تارىسى ئۈستىدە ئوي-
ناشقا باشلىدى. كىشىنىڭ يۈرىكىنى
زىل - زىلىگە سالىدىغان مۇڭلۇق
ئاۋازىم گىتار ئاۋازى بىلەن قوشۇلۇپ كەت-
كەنىدى. لېكىن مېنى ئىچ - ئىچىمدىن
بىر يىغا قاپساپ كېلىۋاتاتتى. كۆڭلۈم
بۇزۇلۇۋاتاتتى. بوغۇزۇمغا قاپلىشىپ تۇرغان
يىغىنىڭ ھەر مىنۇتتا پارتلاپ چىقىش
ئېھتىمالى بار ئىدى. يىغلىۋەتمەسلىك ئۈ-
چۈن گۈزەلنۇرنىڭ كۆزىدىن كۆزۈمنى
ئەپقاچتىم، لېكىن مېنىڭ گازىردەك كىچىك،
يۇمۇق كۆزلىرىم ھايال ئۆتمەي يەنە ئۇنى
ئىزدەپ تاپتى. ئۇ يىغلاۋاتاتتى.

ناخشىنى ئاخىرى تۈگەتتىم. تاماشى-
بىنلارغا ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن
ۋارقىراش، ئىسقىرتىشلارغا پەرۋا قىلماي
سەھنىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتۈم. گىتارنى
تاشلاپ سىرتقا يۈگۈردۈم، يۈرىكىمنى ئېزىپ
تۇرغان يىغا بىردىنلا سىرتقا پارتلاپ
چىقتى. ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتىم. باياتىنقى
سىم - سىم يامغۇر ئەمدى شارقىراپ يېغىش-
قا باشلىغانىدى. مەن يۈگۈرەيتتىم. يىغلىپ
قالغان ياشغۇر سۇلىرىنى كېچىپ، ئەتراپقا

لاي - پاتقاق چاچرىتىپ يۈگۈرەيتتىم. ئاھ، خۇدا! مەن بۈگۈن بەختلىك. كۆزۈمدىن ئاققان ياش يامغۇرغا قوشۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ياش خۇشاللىق، بەخت يېشى ئىدى. مەن يۈگۈرەيتتىم. مەن بۈگۈن چىرايلىق بولۇپ كەتتىم! مەن چىرايلىق! مەن تۇۋۇلماقچى بولدۇم. لېكىن ئاۋازىم چىقمىدى. يامغۇر پۈتۈن بەدىنىمنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى. ئاخىرى ماغدۇرۇم قالماي بىر تۈپ دەرەخنى قۇچاقلىۋالدىم، يەنە بىر ھازا يىغلىۋالغاندىن كېيىن ئۆزۈمنى توختىتىپ ئاسمانغا قارىدىم، ئەتراپ قاپقاراڭغۇ. يامغۇر ئاسمان تېشىلىپ كەتكەندەك قۇيۇلماقتا. دەرەخ تۈۋىدە ئالاھەزەل بىر سائەتتىن ئۇزاقراق تۇرۇپتىمەن. ئاخىرى ئورنۇمدىن قوزغىلىپ ياتاق تەرەپكە ماڭدىم. ماي ئايلىرى بولغاچقاھاۋا دېگەندەك ئىسسىپ كەتمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتۈن بەدىنىم سۇغا چىلىشىپ كەتكەنلىكتىن دىرىلدەپ تىترەيتتىم. ئاخىرى ياتاق بىناسىغا يېقىنلاشتىم. دوقمۇشتا كىمنىڭدۇ گەۋدىسى خىرە كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— قۇربان!

مەن ئىسمىمنى ئاڭلاپ، چەپپىدە توختىدىم. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى، ئۇنى ئاۋازىدىن تونۇۋالدىم. ئۇ گۈزەلنۇر ئىدى.

— نېمە قىلىۋاتىسىز بۇ يەردە؟

— سىزنى ساقلاۋاتىمەن.

— مېنى؟...

— ھەئە، سىزنىڭ كەينىڭىزدىنلا چىققان...

— ئۇنداقتا خېلى ئۇزۇن ساقلاپسىز - دە؟

— ھەئە...

— مەندە بىر ئىشىڭىز بارمىدى؟ — بىردىنلا لەۋلىرىم تىترەپ كەتتى.

— ...

— گەپ قىلمايسىزغۇ؟

— قۇربان! — ئۇ شۇنداق دېدى - دە ئۆزىنى ماڭا ئاتتى، — مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، سەنمۇ مېنى ياخشى كۆرۈسەن!...

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟

— كۆزۈڭ ... يۇمۇق كۆزۈڭ شۇنداق دەۋاتىدۇ ... — دەپ پىچىرلىدى ئۇ.

ئۇنى قۇچاقلىدىم. ئۇ مېنى تېخىمۇ قاتتىق قۇچاقلىدى. خۇددى كىچىك بالىنى قۇچاقلىغاندەك قۇچاقلىدى. ئۇنىڭ قۇچىقىغا كىرىپ كەتتىم.

يامغۇر شارقىراپ ياغماقتا. يۈزىمىزگە تاراسلاپ ئۇرۇلماقتا. لېكىن بىز ئۇنى سەزمەيتتۇق. بىز پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇغان ئىدۇق.

بىردىنلا ئىككىمىلەن تەڭ يىغلاپ كەتتۇق. ئاھ خۇدا، كېچە - كۈندۈز ئىنتىزار بولغان، ئەمما تولىمۇ قورقۇنچلۇق بىلىنگەن ئۇچرىشىش ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى.

مەن ئۇنى ئۆزۈمدىن سەل يىراقلاشتۇرۇپ، يىغلامسىراپ تۇرۇپ سورىدىم:

— گۈزەلنۇر، مەن سەتمۇ؟ قورقۇنچلۇقمۇ؟

— ھەئە، سەن سەت، قورقۇنچلۇق.

ئۇ شۇنداق دەپ ۋىلىقلاپ كۈلدى.

مەن ئۇنى ئۆزۈمگە تارتتىم. ئۇنىڭ چۇۋۇلۇپ، يۈزىگە چاپلىشىپ كەتكەن ھۆل چاچلىرىغا سۆيدۈم. قېنىپ - قېنىپ پۇرىدىم. ئۇ، سەت، بەدبەشىرە، دەپ پىچىرلايتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزى ئەھمەت جۇمە

جاپپار قاسىم

# ۋىجدان ئازابى

(ھېكايە)

ئۇلار ئىككىيلەن ئىدى.

بىرسى 25 ياشلاردىن ئەمدىلا ھالقىغان، دۈگىلەك يۈزىنى ئىنتايىن سەت تاتۇق باسقان، ئىنچىكە، ئېگىز يىگىت؛ يەنە بىرسى بولسا، ھەممە سېمىزلىكىنى قورسىقىغا يىغىشقا باشلىغان، قىرىقنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان ئوتتۇرا بوي كىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ سالاھىيىتىگە كەلسەك، ئالدىنقىسى شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەپتىشى، كېيىنكىسى 5 - رايونلۇق پەيچۇسونىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇلار تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ چاققانغىنە ئىشخانىسىدا بىر - بىرىگە روبىرو ئولتۇراتتى. بۇ بىر قېتىملىق غەيرىي رەسمىي سوراق، توغرىراقى سوراقنىڭ تەييارلىق باسقۇچىدىكى جىددىي سۆھبەت ئىدى.

— ھەي دەردىم، — دېدى سوجاڭ ياش تەپتىشنى يەۋەتكۈدەك ئەلپازدا ھومىيىپ، — تاپشۇرۇڭ، تاپشۇرۇڭ دەيسىز، نېمىنى تاپشۇرىمەن!؟ پاكىتىڭىز بولسا گاچ - گاچ قويۇپ مېنى مات قىلىڭ! راست بولىدىغان بولسا، ئەلھۇكمىللا دەپ بېشىمنى ئېگەي، بولمىسا ۋاقتىمنى ئالماڭ!

— ئالدىرىماڭ سەيدەكبەر ئاكا، — دېدى تەپتىش سالماق قەدەم بىلەن ئۇياق - بۇياققا مېڭىۋەتكەندىن كېيىن سوجاڭغا قاراپ، — سىز شەھەرلىك ساقچىغا كىرىشتىن ئاۋۋال نېمە قىلاتتىڭىز؟

— گۇڭشېدا قايتا تەربىيىدە ئىدىم.

— ساقچى ئىدارىسىگە قاچان ئورۇنلاشتىڭىز؟ — تەپتىش ئىچكىرىلەپ سوردى.

— ھەي دەردىم، ئۇ گەپنى قىلىپ بەرسەم خۇددى چۈشۈمدىكىدەك بىر ئىش دەڭا، — سەيدەكبەر ھۇزۇرلانغاندەك مىيىقىدا ھىجىيىپ قويدى، — گۇڭشېدىكى ۋاقتىمدا بىرسىنى ئۇرۇپ قويۇپ تۈرمىگە كىرىپ قالغانتىم دەڭا، تۈرمىدىن چىقىپ يەنە شۇ قايتا تەربىيە ئالغان يېزىغا باردىم. بىر قېتىم تۈرمىدە يېتىپ چىققانلىقىم ئۈچۈن ھەر قېتىملىق كادىر ۋە ئىشچى قوبۇل قىلىشتىن قېپقېلىۋەردىم. بىر كۈنى داۋۇيمىزگە شەھەردىن كادىرلار چۈشتى. خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئىمىنجىنكام دېگەن كىشى ماڭا بولەكچىلا يېقىنلىق قىلدى. ئەتىمالىم، ئۇ ئادەم مېنىڭ ھالىمغا ئىچ ئاغرىتىپ قالدىمۇ قانداق، يۇقىرىدىن كادىرلىققا كۆرسەتكۈچ چۈشكەن چاغدا مېنى قاسلا قىلىپ، شەھەرلىك ساقچىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. ئۆزۈمنىڭ ئارزۇيۇممۇ شۇ ئىدى. تازا كەلدى دەڭا. شۇنىڭ بىلەن ئىش دېگەنگە باشچىلاپلا كىرىپ كەتتىم.

— سىزنى ئورۇنلاشتۇرغان ئىمىنجان دېگەن ئادەم ھازىر قەيەردە؟ — تەپتىش ئىنچىكىلەپ سورىدى.

— تاق بىزنىڭ ھازىرقى ئىدارە باشلىقىمىزنىڭ ئۆزى شۇ!

— ھە، مۇنداق دەڭ! — تەپتىش سىرلىق تەلەپپۇزدا گەپ قىلدى، — ئىدارە باشلىقى يېقىنىم بولغاندىن كېيىن ھەر قانداق ئىشتىن قۇتۇلۇپ كېتىمەن دەپ ئويلاپ يۈرۈپسىز - دە؟!

— ھەي دەردىم، ھېچكىمنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزگىنىم يوق! — دېدى سەيدەكبەر ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، — ئەگەر بار دېسىڭىز پاكىتى بىلەن ئالدىمغا قويۇڭ!

— پاكىتمۇ يوق ئەمەس، ھېلىقى يامغۇرلۇق كېچىدە ماشىنىدىن قوغلاپ چۈشۈرۈلگەنلىكىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟ — دېدى تەپتىش مەسخىرىلىك كۈلۈپ تۇرۇپ، — قانداق بولمىسۇن، ئۆز ئېغىزىڭىزدىن ئاڭلاپ باققىنىمىز ياخشى، ئىش ئۆتۈپ كەتتى، يوشۇرغاننىڭ نېمە پايدىسى؟!

— ئۇ، ئۇ... — سەيدەكبەر ھودۇقۇش ئىچىدە دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قالدى ۋە بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن، سۆزىنى باشلىدى، — ھەي دەردىم، مەنسەپتىن چۈشسە، ئۆمىلەپ يۈرۈپ بولسىمۇ چىقىۋالغىلى بولىدىكەن. بىراق، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتسە ئۆمۈر بويى باش كۆتۈرۈپ يۈرگىلى بولمايدىكەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئاشۇ بىر قېتىملىق ئىشتىن كېيىن مەن كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتىپتىمەن، — ئۇ ئەمدى راستىنىمۇ ياكى ياسالمىلىق قىلىپمۇ، ئەيتاۋۇر بىر ئاز سىپايىلىق بىلەن تەپتىشنى تەسىرلەندۈرۈشكە ئۆتتى، — بۇ يىل قوغۇن پىشىشقىدا قايتا تەربىيە ئالغان يېزامىنغا چىقتىم ۋە بىر قانچە كۈن تۇ-

رۇپ قايتتىم. چوڭ يولغا چىققىنىمدا يامغۇر تامچىلاشقا باشلىدى. مەن ئەللىگىنلەرنىڭ تۇتقىنىغىمۇ ئۇنىماي، چوڭ يولدا ماشىنا توردىم. يامغۇر ئەمدىلا تىن كۈچىيىشكە باشلىغاندا بىر پىكاپ كېلىپ قالدى. مەن قولۇمنى شۇنداقلا كۆتۈرۈۋىدىم، پىكاپ ئالدىمغا كېلىپ شاپپىدە توختىدى، مەن بىر ئېغىز زۇۋانمۇ سۈرمەستىن ئىشىكنى ئېچىپ شوپۇرنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدىم. يېزا بىلەن شەھەرنىڭ ئارىلىقى ئالاھەزەل 20 كىلومېتىردەك كېلەتتى. شارقىراپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر بارغانسېرى كۈچىيىۋاتاتتى. ھەي دەردىم، مەن ئۆزۈمگە قەستەن سۈر بېرىپ باشلىقلارغا خاس گېدىيىش بىلەن ئولتۇراتتىم. شوپۇر ماڭا بىر قانچە قېتىم قارىۋەتكەندىن كېيىن سورىدى:

— ئەيتاۋۇر، سېنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىمەن، نەدە ئىشلەيسىنا؟

— شەھەرلىك ساقچىدا! — مەن كۆزۈمنى يولدىن ئالماي تۇرۇپ قوپاللا جاۋاب بەردىم. چۈنكى ئۇ مېنى سەنلەۋاتاتتى.

— ئەيتاۋۇر، پورماڭمۇ يوق، يەنىلا ساقچىدا دەيسەن، ئىسمىڭ نېمىتتى؟

— سەيدەكبەر!

— ساقچىدا نەچچە سەيدەكبەر بار؟

— يالغۇز مەنلا بولماي، يەنە قانچىسى بولسا بولاتتى؟ — دېدىم دەررۇلا، بىرسى سوراقچى قويدىمۇ نېمە بۇنىسى، دەپ ئويلاپ ئىچىمدە.

شوپۇرمۇ قوپال، بەستلىك ئادەم ئىدى، ئۇ خۇددى مۇشۇ گېپىمنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا پىكاپنى شاپپىدە توختىتىپ روگايتكىنى قولىغا ئالدى - دە، ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ:

— ئەيتاۋۇر، سەيدى «قان» ئىكەنلىكىڭنى بىلمەستىن ماشىنىغا چىقىرىپت

ئىمەن، ئىسسىقىدا مـاشىنىدىن چۈشـۈپ
كەت، — دېدى. مەن بۇ ئۇشتۇمتۇت مۇئامى-
لىدىن تېڭىرقاپ ئولتۇرۇپلا قالدىم.
— هوي، ياخشىلىققا يامانلىق بىلەن
جاۋاب قايتۇرغان تۇزكور، — دېدى شوپۇر
بايىقىدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئەلپازدا، — گۆشنى
يەپ ئولتۇرماي چۈشمەمسەن! ياكى
سېنىڭمۇ يۈزۈڭگە ئىستاكان ئاتايمۇ؟
شوپۇرنىڭ «ئىستاكان» دېگەن
سۆزىدىن ئۆتكەن يىلى يۈز بەرگەن
ئىش يادىمغا يېتىپ، تېنىم بىردىن شۈر-
كىنىپ كەتتى - دە، ئاستا ئورنىمدىن
قوپتۇم. باشقا ۋاقىت بولسا هېلىغۇ بىر
ئاددى شوپۇركەن، ئۇنىڭدىن يوغىنى
بولسىمۇ پۈتۈن ئەۋلادى بىلەن قوشۇپ
ئانامانىسىنى ئۇچقورغاندا كۆرسىتەتتىم.
بىراق، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭغا تىكى-
لىپ قاراشقىمۇ ماجالىم يەتمەيتتى.
هەي دەردىم، نېمە چارە، مەن نېمە
قىلىشىمنى بىلمەي بىر هازا تۇرغاندىن
كېيىن، هېچنېمىنى ئۇقمىغان قىياپەتتە
گەپ ئاچتىم:
— كېيىنكىزدىن قارىغاندا سىزنى
خېلى ئوبدانلا رەنجىتكەن يېرىم بار ئوخ-
شىمامدۇ ئۇستام؟ ئەگەر شۇنداق بولسا ...
— ئەيتاۋۇر، مېنى رەنجىتكەن بول-
ساڭغۇ بۇ كەمگىچە تاناۋىڭنى غىر قىلات-
تىم، — دېدى شوپۇر كېپىمنى چورت
كېسىپ، — بىراق، سەن بىگۇناھ ئادەمنى
بوزەك قىلدىڭ، مېيىپ قىلدىڭ، ئېيتە-
قىنا، بۇنداق هوقۇقنى ساڭا كىم بەردى؟
سەيدەكبەر ئۆچەي دەپ قالغان
تاماكىسىنى كەينى - كەينىدىن تارتىۋېتىپ،
بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى.

* *

بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى، ماي
ئېيىنىڭ بىر يەكشەنبە كۈنلۈكى ئىدى.
تېخى 25 ياشلارغا كىرمىگەن ئاق يۈز-
لۈك قاملاشقان يىگىت بىلەن 22 ياشلار-
دىكى غۇنچە بوي قىز شەهەرنىڭ مەر-
كىزىدىكى تۆرلۈك مالالار ماگىزىنىنى
ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن
يېڭى توي قىلغان ئەر - ئايالار ئىكەنلى-
كىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئۇلار ماگىزىنى-
دىن چىقىپ تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىغا
كەلگەندە شۇ يەردە گازىر چېقىپ تۇر-
غان بىر يىگىت كىشىلەردىن هايامۇ
قىلماستىن قىزنىڭ بىلىكىدىن كاپ
قىلىپ تۇتۇپ توختىتىۋالدى. يولدىشىدىن
ئىككى قەدەم كەينىدە كېتىۋاتقان قىز
قورقىنىدىن ۋارقىرىۋەتتى. يىگىت
كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئەسەبىيلەرچە هىجىيى-
ۋاتقان لۈكچەكنى، نومۇس كۈچىدىن
يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ، قاتتىق
يۇلقۇنۇۋاتقان ئايالىنى كۆردى - دە، ئىككى
چامداپ بېرىپلا لۈكچەكنىڭ قولىنى
سىلكىپ بوشىتىۋەتتى ۋە ئۇنىڭ كۆزىگە
مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ:
— نېمە قىلىۋاتىسەن يۈزسىز!؟ —
دېدى.
هېلىقى لۈكچەك گويا هېچنېمىنى
ئاڭلىمىغاندەك يىگىتنىڭ كېپىگە پەرۋامۇ
قىلماي نېرىدا قورقۇپ تۇرغان قىزغا
يەنە ئېسىلىشقا تەمشىلىۋىدى، يىگىت كاپ
قىلىپ ئۇنىڭ بىلىكىنى تۇتۇۋېلىپ يېنىش-
لاپ سورىدى:
— نېمە قىلماقچىسەن؟
— چاتىقىڭ نېمە؟ — لۈكچەك گۆلەي-
دى ۋە يىگىتنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋې-
تىپ مەسخىرىلىك سورىدى، — ئوتتۇرىمىز-
دا دەللاللىق قىلىپ چاي پۇلى ئالاي دەمسەن؟
كوچىدىكى بىر لۈكچەكنىڭ ئۆزىنىڭ
ئەرلىك غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىپ،
قانۇنلۇق ئايالىنى خورلاۋاتقانلىقىغا چىدى-
مىغان يىگىتنىڭ كۆز ئالدى بىردىنلا
قاراڭغۇلاشتى - دە، ئۇنىڭ بۇرنىنى

چەنلەپ تۇرۇپ كاللا ئاتتى. ھايىت-
ھۇيت دېگۈچە لۈكچەك خۇددى بوغۇزلىنىش
ئالدىدىكى چوشقىدەك چىرقىراپ يەر چىش-
لىدى. كوچىغا يەكشەنبىلىك «ئۇلپەت»
ئىزدەپ چىققان سەيدەكبەر سوجاڭ دەل
بۇ ئىشنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالدى ۋە
يېشى كىچىك بولسىمۇ ئۇلپەتچىلىكى
چوڭ «ئۇكام ئادىشى» نىڭ ئاغزى-بۇرنى
قان ھالدا چىرقىراپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ،
بۇقىدەك ھۆركىرىگەن پېتى توپ ئىچىگە
كىرىپ كەلدى-دە، نېرى-بېرىسىنى سۈرۈش-
تۈرمەيلا لۈكچەكنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ
يىگىتكە تىل سالدى:

— ئاناڭنى، بىر ئادەمنى مۇشۇنچى-
ۋالامۇ ئۇرامسەن؟

— ھاي سەيدەكبەركا، — دېدى يىگىت
بىرئاز قورۇنغان ھالدا، — ئىشنىڭ جەر-
يانىنى ئۇقۇپراق بىرنېمە دېسىڭىز ئورۇن-
لۇق بولارمىكىن...

— ئاناڭنى! — سوجاڭنىڭ جۇدۇنى
ئۆرلىدى، — سېنىڭ گېپىڭنى قىلسام ئورۇن-
لۇق بولامدۇ؟ ئۇقۇش دېگەن مانا مۇنداق
بولىدۇ، ئورۇنلۇق دېگەن مۇنداق بولىدۇ، —
سەيدەكبەر قارس-قۇرسلا قىلىپ يىگىت-
نى ئىككى شاپىلاق ئۇردى. يىگىتنىڭ
كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ، غەزەپتىن
يېرىلىپ كېتەي دەپ قالغان بولسىمۇ،
يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ تەمكىنلىك بىلەن:

— ھەر ھالدا ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرى-
سىدىكى بۇنچىلىك ئىشلار ھېچقانچە گەپ
ئەمەس، بىراق ئۆزىڭىزنىڭ خەلق ساقچى-
سى دېگەن نامىڭىزغا داغ چۈشۈرۈۋالسىڭىز
بولمايدۇ جۇمۇ؟! —

— نېمە دېدىڭ؟! — سەيدەكبەر
يىگىتكە ئېتىلدى، — سەن تېخى مېنى
گومىنداڭ ساقچىسى دېمەكچىمۇ؟ خالايىق،
ماۋۇ لۈكچەكنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ-
ھە؟! — ئۇ گەپ قىلغاچ يېنىدىن ئەپچىل-
گىنە بىر كويزىنى ئېلىپ يىگىتنىڭ قول-
غا سالماقچى بولۇۋىدى، يىگىت قولىنى
دەرھال تارتىۋالدى.

سەيدەكبەر يىگىتكە كىنايىلىك تە-
لەپپۇزدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

— قولىڭىزنى ئۆزىڭىز سۇنامسىز
ياكى سىز دېگەن «گومىنداڭ ساقچى-
سى» سۇنامدۇ؟

— گەپ قىلىسىزچۇ ئۇكام! — سىرت-
تا قاراپ تۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر
ئادەم باياتىن بېرىقى ناھەقچىلىكنى ۋە
شۇنچىۋالا خورلۇققا ئۇچراپ تۇرۇپمۇ
غىڭ قىلماي تۇرغان يىگىتنى كۆرۈپ،
تىت-تىت بولغان ھالدا ئوتتۇرىغا
چۈشتى، — ھەممە ھەقىقەت ئۆزىڭىزدە
تۇرۇپ نېمە ئۈندىماي گۇناھكارلاردەك
قاراپلا تۇرىسىز؟ جاننى ئالىدىغان ئىش
بولسىمۇ گەپ قىلىڭ؟

— ساقچى بولسا جاننى ئالمايدۇ،
سۈرۈشتۈرىدىغان قانۇن بار.

— ھەقىقەت سىزدە ئۇكا، ھەرگىز
قورقماڭ!

ھېلىقى ئادەمنىڭ گېپى تۈگىشى
بىلەن تەڭلا ئەتراپتىكىلەر تەرەپ-تەرەپ-
تىن چۇرقىرىشىپ ھېسسىداشلىق قىلىشتى.
ئىشنىڭ ئەپلەشمەيۋاتقانلىقىنى پەملىگەن
سەيدەكبەر بىر ھەيۋە بىلەنلا قۇتۇلۇپ
كەتمەكچى بولۇپ، دەسلەپتە گەپ قىل-
غان ئوتتۇرا ياشلىق كىشىگە ئېسىلدى-
دە: «نېمىگە قۇتراتقۇلۇق قىلىسەن؟!»
دەپ ۋارقىرىدى. باياتىن غەزەپلىنىپ
تۇرغان ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ئەمدى
جىملىقتا رەۋىتى قالمىغانىدى. ئۇلار

سەيدى «قان» نى ئارىغا ئېلىۋېلىپ تالاشقا باشلىدى. ياش ئايال مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يىگىتنىڭ يېڭىدىن تارتقىنىچە ئېلىپ كەتتى.

سەيدەكبەر كېيىن ھېلىقى يىگىتنى كۆپ ئىزدىدى. ھەتتا تۇساتتىن يۈز بەرگەن بەزى دېلولارغا باغلاپ مەخسۇس سۈرۈشتۈرۈپمۇ كۆردى. لېكىن ھېچيەردىن ئىز - دېرىكىنى ئالالمىدى. «ھەي دەردىم، - دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، قولۇمغا چۈشۈپ قالساڭ نېمە قىلىۋېتەر ئىدىم...» ئاشۇنداق ئويدا بولۇپ يۈرۈپ ئاخىرى ئۇنىڭ ئارزۇيى ئەمەلگە ئاشتى.

ھېلىقى ئىش ئۆتۈپ، بىريىلدىن كېيىن ھېلىقى يىگىت خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا پەيچۇسودا پەيدا بولۇپ قالدى. سەيدەكبەر كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەن ھالدا غەزەپ بىلەن سىنچىلاپ قاراۋاتقاندا يىگىت كۈلۈپ تۇرۇپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم سەيدەكبەركا، ئۆي! ئىچىڭىز تىنچلىقمۇ؟

سەيدەكبەر يىگىتنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇرمىدى.

ئۇ ئالدىدا تۇرغان مۇنۇ ياش رەقىبىنى قانداق باپلاش ھەققىدە ئويلاۋاتاتتى. ئۇ يىگىتنى كۆرمىگەندەك سېلىپ سۆرۈلۈك ھالدا ئىشخانىغا كىرگەن ساقچى خادىملارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قوياتتى. يىگىت سوجاڭنىڭ قولىنىڭ بوشىشىنى كۈتۈپ بىر ھازا سۈكۈت ئىچىدە تۇرغاندىن كېيىن يەنە سۆز ئاچتى:

— سەيدەكبەركا، بىر ئىش بىلەن ئالدىڭىزغا كېلىۋىدىم.

— نېمە ئىش؟ — دېدى سەيدەكبەر قىڭغىر چىشلىۋالغان پاپىروسىنى تۇتاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن سول كۆزىنى قىسىپ قاراپ قوپاللىق بىلەن،

— نوپۇس رەسمىيىتى ئىدى.

— سول تەرەپتىكى بۆلۈمگە كىر!

— ئۇ يەرگە كىرىۋىدىم، — دېدى يىگىت كۈلۈمسىرەپ، — نوپۇس رەسمىيىتىنى بېجىرىدىغان ئايال نوپۇسقا سوجاڭ تەستىق سالغاندىن كېيىن بېجىرىمىز، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئالدىڭىزغا كىرىشىم، — يىگىت سۆزىنى تۈگىتىپ، سومكىسىدىن نوپۇس ۋە باشقا رەسمىيەتلەرنى چىقىرىپ سوجاڭنىڭ ئالدىغا قويدى. سەيدەكبەر نوپۇسنى خۇشياقمىغان ھالدا ئېلىپ ئىچىگە قارىدى ۋە بىردىنلا جانلىنىپ:

— بۇۋاقنىڭ ئانىسىنىڭ نوپۇسىچۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئىس ناھىيىسىدە، — دەپ جاۋاب بەردى يىگىت ۋە يەنە بىر گەپنى قوشۇپ قويۇش ئۈچۈن ئېغىزىنى ئۆمەللىۋىدى، سەيدەكبەر گەپنى ئۈزدى.

— ئەمىسە بالىنى ئانىسىنىڭ نوپۇسىغا ئورۇنلاشتۇر!

— ئەسلى مۇنداق ئىش، بۇ بىر ئالاھىدە ئەھۋال... — يىگىت ئىشنىڭ جەريانىنى چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ، سومكىسىنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ تۇراتتى. سوجاڭ سومكىنى قولىنىڭ كەينىدە ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋېتىپ:

— بولدى، بولدى! — دېدى گەپنى چورتلا ئۈزۈپ ۋە ئوڭ قولى بىلەن خۇددى كىچىك بالىنى قوغلىغاندەك ئىما قىلىپ يىگىتنى قوغلىدى، — گەپ دېگەن بىر، بولمايدۇ دېگەندىن كېيىن بولمايدۇ، ماڭ ئىشىڭنى قىل!

يىگىت يېرىلغۇدەك بولدى - دە، تىترىگەن ھالدا:

— ھەرقانچە گۇناھىم بولسىمۇ سىلكىشلىمەي گەپ قىلىڭا، مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا ئادەم بولغاندىن كېيىن، — دېدى.

بىر يىل ئاۋۋالقى ئۆچىنى قانداق ئېلىشنىڭ ئەپلىك چارىسىنى ئىزدەۋاتقان سوجاڭغا يىگىتنىڭ كېپى چوڭ بىر باھانە بولدى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، يىگىتنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ باردى-دە، يىگىتنىڭ توگمىلىرى رەتلىك ئېتىلگەن چاپىنىنىڭ ياقىسىدىن قامالاپ تۇتۇپ قاتتىق سىلكىشلىدى:

— نېمە دەيدۇ، ماۋۇ ئاناڭنى... سىلكىشلىسەم قانداق قىلىسەن؟! سەندەك بىرەر كۆينى سىلكىشلەش بۇ ياقتا تۇرسۇن، سولاپ قويىمەن تېخى، سولاپ. ئۇقتۇڭمۇ كۆي!

— ھوي، نېمە قىلىق بۇ، قويۇۋېتىڭ! مۇنداق قىلىسىڭىز سىزنى قانداقمۇ خەلقنىڭ ساقچىسى دېگىلى بولسۇن؟ قويۇۋېتىڭ، سەت تۇرىدۇ.

يىگىتنىڭ يۇمشاق سۆزلىرى سەيدەكبەرنىڭ قەلبىنى ئىللىتىش بۇياقتا تۇرسۇن، تېخىمۇ توڭلىتىۋەتتى.

— نېمە، مېنى تېخى قانداق ساقچى دەمسەنا؟! — ئۇ يىگىتنى تامغا نىختىۋېلىپ بېشىنى گاچىلدىتىپ تامغا ئۇرۇشقا باشلىدى، — مانا مەن مۇشۇنداق ساقچى، قانداق، گېپىڭ بارمۇ؟!

— جاننى ئالساڭمۇ ياقىنى قويۇۋېتىپ گەپ قىلە! — يىگىت ئەلەم ۋە خورلۇق ئىچىدە سوجاڭنىڭ قولىنى بوشىتىشقا ھەرىكەت قىلدى.

ۋاراڭ-چۇرۇڭنى ئاڭلاپ ئىچىرىقى بۆلۈمدىن بىر ساقچى يۈگۈرۈپ كىردى ۋە سوجاڭنىڭ غولىغا قىقىپ تۇرۇپ قۇلىقىغا شىۋىرلىدى:

— ئېغىر بولۇڭ، ھەر قانچە ئىش بولسىمۇ ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ!

بۇ گەپ سوجاڭنى سەل-پەل سەگىتتى. چۈنكى، بۇلتۇرقى ۋەقەدىن كېيىن ئۇ لۈكچەك ئاغىنىسىگە يان بېسىپ، بىگۇناھ پۇقرالارنى بوزەك قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىدارىدىن ئاگاھلاندۇرۇش چارىسى ئالغانىدى. سەيدەكبەر بۇلارنى ئويلاپ لاسىدە بولۇپ قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي يىگىت يەنە ھېچنەرسە بولمىغاندەك ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— قانداق سەيدەكبەر ئاكا، ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرەمسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

سەيدەكبەر غەزىپىنى بېسىش ئۈچۈن جوزىدىكى قايناقسۇ قۇيۇلغان ئىستاكاننى ئەمدىلا قولىغا ئالغانىدى، يىگىتنىڭ



سۆزى ئۇنىڭغا يېلىنىش ئەمەس، خۇددى مەسخىرىدەك تۇيۇلدى-دە، ئۇ چاچراپ تۇرۇپ ئىستاكاننى غەزەپ بىلەن يىگىتنىڭ يۈزىگە ئاتتى. يىگىت ئۈن-تىنسىز ئالقىنى بىلەن يۈزىنى ياپتى، بارماقلار ئارىسىدىن قان تەپچىپ چىقىشقا باشلىدى. يىگىت قولىنى يۈزىدىن ئېلىپ ئالقانلىرىغا قارىدى-دە، جالاقلاپ تىترەپ كەتتى ۋە سەيدەكبەرگە بېگىزدەك قادالدى. سەيدەكبەر يۈز-كۆزى تىلىنىپ

قىپقىزىل قانغا مىلەنگەن يىگىتكە لاپپىدە بىر قاراپ ئەندىكىش ئىچىدە تامدەك تاتىرىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

* *

سەيدەكبەر ئەسلىمىسىنى تۈگىتىپ ئۈچۈپ قالغان تاماكىسىنى مەشىنىڭ ئوتىدا تۇتاشتۇرۇپ، كەينى - كەينىدىن تارتىشقا باشلىدى.

— كېيىن قانداق بولدى؟ — تەپتىش ۋەقەنىڭ ئاخىرىنى سورىدى.

— كېيىن، — دېدى سەيدەكبەر ئېغىز - بۇرنىدىن تەڭ ئىس چىقىرىپ، — ئۇ يىگىتنى مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەرز قىلىدىغۇ دەپ ئويلىغانىدىم، ئىدارىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. ئەمما كۆڭلۈم يەنە دىلغۇلچىلىقتا يۈردۈم. شوپۇرغا يولۇققانىدىن كېيىن ئاشۇ يىگىتنىڭ ئىسمىنى، ئىدارىسىنى دەپ بەرسىگىز، دەپ يېلىندىم. بىراق، ئۇ ئېيتىپ بەرمىدى، بەلكىم ئۆچ ئالىدۇ، دەپ ئويلىغاندۇ. ئۇ ماڭا: «ئەگەر ئۇنى ئىزدەيمەن دېسەڭ، ئاۋۋال پۈتۈن قىلمىش، ئەتمىشىڭنى تەشكىل ئالدىدا تاپشۇرۇپ، ياخشى ئادەم بول، ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇ سېنى ئىزدەپ تاپىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى - دە، مېنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈۋېتىپ كېتىپ قالدى. مەن شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇردا قېلىپ سۆزمە خالتىسىدەك بولۇپ قالدىم.

— ئۇ يىگىتنى تاپسىڭىز نېمە قىلماقچىدىڭىز؟ — تەپتىش سورىدى.

— ئەلۋەتتە قىلغان ئەسكىلىكلىرىم ئۈچۈن ئەپۇ سورايمەن - دە.

— ئەمىسە باياتىن مەن ئۇققادىن ئاق، سېغىزخاندىن ساق دەپ كاژلىق قىلغۇچە، بۇرۇنلا مۇشۇنداق دېسىڭىز بولماسمىدى؟!

— ئەمدى ئۇنچىلىك دەپ قويماڭ - دە ئۇكا!... ھەي دەردىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىزمۇ يامان بالىكەنسىز، ئادەتتىكىدەك پاراڭلىشىپ تۇرۇپلا قورساقتىكىنى يىپ سۇغۇرغاندەك سۇغۇرۇپ ئالىدىكەنسىز.

— ئەمىسە، ماڭا تازا بىر سىنچىلاپ قاراپ بېقىڭا! — تەپتىش شۇ گەپنى قىلىپ ئۆزىمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلدى، — يۈزلىرىمدىكى تاتۇقلارنى چىقىرىۋېتىپ بىر ئەسلەپ بېقىڭا، بۆلۈمىڭىزگە كىرگەن ھېلىقى يىگىتكە ئوخشىمادىكەنمەن؟

داڭقېتىپلا قالغان سوجاڭ تەپتىشنىڭ سوئالىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي خېلى بىرھازا قارىغاندىن كېيىن، ئورنىدىن دەس تۇردى - دە، ئۇڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ يىگىتنىڭ ئالدىغا باردى:

— ئەلھۇكمىللا، كەچۈرۈڭ ئۇكام! — دېدى ئۇ يىگىتنىڭ قولىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ، — ئالدىڭىزدا ئەيىبلىكمەن، جىنايىتىم بار، قانۇن قانداق چارە كۆرسە مەن رازى... ھەي دەردىم...

سەيدەكبەر نېمە دېيىشىنى بىلمەي بوغۇلۇپ قالدى. بىراق شۇ مىنۇتتا ئۇنىڭ ۋىجدان ئازابىدىن تىلىم - تىلىم بوپكەتكەن يۈرىكى ئۇنىسىز يىغلىماقتا، بوزلىماقتا ئىدى.

**مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل**

تەلئەت ئاتاۋۇللا

## قۇياش قەسىدىسى

ھەر سۇبھىدە مەشرىقتىن قان رەڭ يىپەك بالقىيدۇ،
يۇيۇپ قىزىل نۇر بىلەن بۇلۇت سۆيگەن چوققىنى.
ياپراقلاردىن ياقۇتتەك سۈزۈك شاراب ساقىيدۇ،
تۇتەك باسقان زېمىندىن قوغلاپ مىسكىن ئۇيقۇنى.

مەن تۇرىمەن مەشرىققە قاراپ جىمجىت خىيالچان،
گۈلگۈن ئۇپۇق كۆرۈنەر ماڭا قىزىل تۇغ كەبى،
كۆتۈرىلەر ساماغا قۇياش ئاتلىق قەھرىمان،
كارۋان چۈشكەن دالىدا يالقۇنلىغان چوغ كەبى.

خەنجەر ئۇرغان رەقىبى ـ قارا تۈننىڭ كۆكسىگە،
ئۇنىڭ غالىب تۇرقىدىن باھادىرلىق چاقنايدۇ.
رەقىبىدىن چاچرىغان قان رەڭ بەرگەن ھۆسنىگە،
ئاشۇ قان رەڭ ۋۇجۇدى ئەلنى تۈندىن ساقلايدۇ.

زۇلمەت بىلەن نۇر قانلىق جەڭ قىلغاچقا ئۇپۇقتا،
شۇڭا ھەر تاڭ بويىنلار مەشرىق تەرەپ توق قىزىل،
مۇقەددەس نۇر بايرىقى ئوخشاپ قىزىل يوپۇققا،
قىزىل يوپۇق ـ قىزىل نۇر قىزىل نۇردىن ئاتەش دىل.

### تەشۋىش

«ئاسمىنىڭدا ئاي بولۇپ جىمى ئالەمنى تەڭ كۆرسەم»
دېگەن ناخشا ئاغزىڭدىن چۈشمەيدۇ ھېچ، ئامرىقىم.
بۇنداق سېخى ئاي بولساڭ، بولدى كۆرمەي نۇرۇڭنى،
دېسەم، دەيمەن: بۇ مېنىڭ ساڭا قىلغان چاقچىقىم.

چاقچاق، سۆيگۈ زىنىنتى (ئۆز يولىدا قىلىنسا)
ئەمما، بۇنداق چاقچاقنى كۆتۈرەلمەس تىلىكىم.
ناۋادا سەن ئاي بولۇپ ھەممىگە تەڭ نۇر چاچساڭ،
چىدىمايدۇ بۇنىڭغا مېنىڭ نازۇك يۈرىكىم.

قىلما ئۇنداق «چاقچاق» نى تەشۋىش بېرىپ قەلبىمگە،
بىلسەڭ ھەرسۆز دىل ئەمرى، ئاڭا دىللار مۇجەسسەم.
نۇر چاچ ماڭا مېنىڭلا ئاسمىنىمدا ئاي بولۇپ،
بولساڭ ئەگەر سەن مېنىڭ ئايغا ئوخشاش پەرىشتەم.

## مۇھەببەت

مۇھەببەت ئۇ بىزدىكى يۈرەكنى تەڭ سوقتۇرۇپ،
سايىمىزنى ئايدىڭدا بۇلاقتا تاق چۈشۈرگەن.
مۇھەببەت — ئۇ پاك يۈرەك، ئۆز ئورنىدىن سۇغۇرۇپ
تەڭرى ئۇنى بىزلەرگە ئالماشتۇرۇپ كۆچۈرگەن.

مۇھەببەت — ئۇ ئالماشقان يۈرەكلەرنىڭ ئىسسىقىنى،
ئىككىمىزگە شادلىقنىڭ شوئارىنى توۋلاتقان.
مۇھەببەت، ئۇ، بىزلەرگە ئۆز كۆرسىتىپ دۇنيانى،
يېقىپ تويماس كۆزلەرگە نىگاھلارنى ئوۋلاتقان.

مۇھەببەت، ئۇ، جۈپ تەنگە بېرىپ پەقەت بىر يۈرەك،
«سەن»، «مەن» دېگەن سۆزلەرنى ئۆچۈرگۈزگەن لۇغەتتىن،
مۇھەببەت — ئۇ، سېھرىدىن ئالەم ھەيران قالغۇدەك
شادلىق بېرىپ بىزلەرگە - يىراق قىلغان ھەسرەتتىن.

شۇڭا جېنىم ئاچچىقتىن تىترىسەڭ گەر ياپراقتەك،
كۆزلىرىمدە پىغاننىڭ بۇلاقلىرى پارتلايدۇ،
خىجىل قىلىپ غۇنچىنى كۈلسەڭ ئەگەر بوۋاقتەك،
شادلىق نۇرى چېھرىمنىڭ كائىناتقا پاتمايدۇ.

## دىيارىمنىڭ يۈرىكى سەن ئۈرۈمچى

مۇھەببەتلىك تۈيغۇلار قىيان ياسار جىسمىمدا،
ھەر كۆرۈنۈش، ھەر نىگاھ گويا جەننەت سىماسى،
خىسلەتلىرىڭ - تەرىپىڭ كۆيلىنەر پاك ئىشقىمدا،
سەن خەلقىمنىڭ قان - تەردىن پۈتكەن مەزمۇت بىناسى.
قاچان كۆرسەم باغرىڭدىن پەيزى كەتمەس باھارنىڭ،
يۈرىكى سەن ئۈرۈمچى مېھرى ئاتەش دىيارنىڭ.

ھەممە بىلەر ھاياتنىڭ مەۋجۇتلۇقى قان بىلەن،
قان - ئۇ سۆيگۈ، يۈرەكتىن ئوخچۇپ ئاقار تومۇرغا.
سەن - يۈرەكسەن باغلانغان رىشتىڭ ھەر بىر جان بىلەن،
ئوخشار ئوتلۇق، قۇچىقىڭ ھارارەتلىك تونۇرغا.

ئاشىقى سەن مەڭگۈلۈك، قۇياشلىق تاڭ ـ ناھارنىڭ،
يۈرىكى سەن ئۇرۇمچى نۇرغا تولغان دىيارنىڭ.
سۆزۈك بوغدا ئوخشايدۇ پاكلىقىغا قەلبىڭنىڭ،
خالتەڭرىدىن ھەر ئىنسان كۆرەر مەغرۇر قەددىڭنى.
جاھان ھەيران تەڭرىدەك قۇدرىتىگە خەلقىڭنىڭ
كۆرۈپ مېھنەت كۈلدۈرگەن، غۇنچە كەبى بەختىڭنى
ھەر دوقمۇش، ھەر كوچاڭدىن ھىدى كېلەر ئىپارنىڭ،
يۈرىكى سەن ئۇرۇمچى مىرغىزارلىق دىيارنىڭ.

توموُرىدا دىيارنىڭ سەن بەرگەن قان دولقۇنلار،
(مىسال ئۇنىڭ مەۋجىگە ئىلى، تارىم، يورۇڭقاش.)
ساڭا بولغان مۇھەببەت گۈلخان كەبى يالقۇنلار،
ياش يۈرىكىم سەن بىلەن سوقار بولۇپ رىتىمداش.
مەن سايرايمەن ئىشقىدا سېنىڭدەك گۈل ئۈزارنىڭ
يۈرىكى سەن ئۇرۇمچى قەدىم، ئەزىز دىيارنىڭ.

ئابدۇللا ئەبەيدۇللىن

## شېئىرلار

### ھايات يولى

ھايات يولى مېنى ھەريان باشلىدى،
گاھى كۆككە، گاھى يەرگە تاشلىدى.
بۇ دۇنيانىڭ سىرلىرىنى بىلمىدىم،
گاھ كۈلدۈرۈپ، گاھ كۆزۈمنى ياشلىدى.

### خىجالەت

تاغ تۇرىدۇ كۆك بىلەن بوي تالىشىپ،
باغ تۇرىدۇ كەڭ دالىغا يارىشىپ.
مەن تۇرىمەن ھېچنېمىگە ئوخشىماي،
خىجالەت مەن خەقلەر كۈلسە قارىشىپ...

### ئۆكۈنۈش

ئەجىر قىلغان ئالتۇن يىلىدى تاشلىقتىن،
تەر تۆككەنلەر تاغ ياسىدى ئاشلىقتىن.
ئۆتۈپ كەتتى شىردەك قىران چاغلىرىم،
نېمە قالدى ماڭا گۈزەل ياشلىقتىن؟!

### يۈزسىزلىك

كېرەك بولسام مېنى دەرھال ئىزدىدى،
تېپىلمىغۇسىز ياخشى ئادەم سىز، دېدى.
ئۆتۈۋېلىپ ھەر خىل قىيىن دوقالدىن،
كىم بولىسىز، تونۇشمايمىز بىز، دېدى.

### تەماخور

بارسام قۇرۇق، ھېچبىر نەزەر سالمىدى،
سالام بەرسەم قاراپ ئېلىك ئالمىدى.
ئېلىپ بارسام ھەر خىل سوۋغا ـ سالاملىق،
كۈچۈكلىنىپ كۆرسە ھالى قالمىدى.

### پاكلىق

يولۇقسىمۇ ئالتۇن، ئالاي دېمىدى،
بىر تىيىنلىق ھەقسىز نەرسە يېمىدى.
ياشاپ كەلدى خالىس ـ ئادىل يول تۇتۇپ،
كىشىلەرنى قاقتى ـ سوقتى قىلمىدى.

### ساۋاق

ھۆرمىتىڭنى ئۈستۈن قىلار دىيانەت،
دۇنياخورلۇق كەچۈرۈلمەس جىنايەت.
ئابرۇيت قىلار ھاياتىڭنى بىر كۈنى،
پارىخورلۇق، ھايانكەشلىك، خىيانەت.

### ئاقىۋەت

يادلىۋېلىپ «ئۇلۇغ» لارنىڭ سۆزىنى،
قالتىس ئادەم ھېسابلىدى ئۆزىنى.
تىكتى ئەدە ئەپ بار بولسا كۆزىنى،
تۆكتى ئاخىر ئاچكۆزلۈكتە يۈزىنى.

ئادىلجان تۇنىياز

## شېئىرلار

### دوقمۇش

1

دوقمۇشقا كېلىپلا توختاپ قالىمەن،
قولۇمدا بىر پىچاق ھەم بىر دەستە نۇر.
بۇ يەردە قاتىللىق يۈز بەرسە ئەگەر،
ئۆزۈمنىڭ قاتىلى ئۆزۈمدۇر جەزمەن.
نۇر مېنىڭ ئەمەس، ئۇ قۇياشنىڭ ئەسلى،
تىلىگەن مەن ياكى ئالغان ئارىيەت.
ھەقىقىي تەزىيە مۇراسىمىدا،
ئېچىلىش نۇتقىنى سۆزلەر ھەقىقەت.
بارچە يول تۇتاشتۇر دوقمۇشلار بىلەن،
دوقمۇشتۇر يوللارنىڭ بېشى ھەم چېكى،
دەل مانا شۇ يەردە ئايرىلىق ھامان،
ئۆلۈم ۋە ھاياتنىڭ چېگرا سىزىقى.

2

ئېخ، مەن تەبىئەتكە كۆيئوغۇل بولۇپ،
قايتىدىن كۆزەتتىم بارچە نەرسىنى.
ئىنساننىڭ ئاخىرقى مەنزىلى بىلەن،
قۇياشنىڭ كەينىدە تۇرغان سايىنى.
مەن كۆردۈم تەبىئەت سۈكۈتى بىلەن،
ئاچچىق بىر مەسخىرە كۈلكىسىنى ھەم.
كۆردۈمكى ئۈستىدە ئاپپاق كېپەنلەر،
تەنتەنە ئۇسسۇلى ئوينىغان ئادەم.
ئەشەنگۈم كەلمەيدۇ كۈلكىگە ئەسلا،
راست دېگۈم كېلىدۇ بىر تامچە ياشنى.

ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ دېگىنىدىن باشقا،
بار دېسە يىراقتا ئۆزگە بىر قاشنى.
ئىنساندىن ئەبەدى گۇمانلىنىمەن،
گۇمانلىق گۈل ـ گىياھ يوپۇرماقلارمۇ.
گۇمانلىق قەبرە ئۇ، چوقچايغان تاغلار،
باھارغا گۈلدەستە سۇنغان ئاق قارمۇ.
كېچىلەر تۇتقۇن قىپ تەسكەي ئۇپۇقتىن،
ئېپ كېلەر ئالدىمغا قۇياشنى يالاپ.
ئىخ مەن تەبىئەتنىڭ كۆيئوغلى بولۇپ،
دوقمۇشتا ئۈن ـ تىنسىز تۇرىمەن قاراپ.
بىر قايناق بازارغا تۇتاشتۇر بۇ يول،
ئەي قۇياش كەل سەنمۇ بولغىن سودىگەر.
باي بولۇپ كېتىسەن بارچە ئادەمدىن،
ھەقىقىي نۇرۇڭنى ساتساڭلا ئەگەر.
سېتىلار بۇ يەردە ئادەمگەرچىلىك،
سېتىلار مۇھەببەت ئېتىقاد ئارمان.
يۈرەكلەر تىزىقلىق باھاسى بىلەن،
نېمىنى خالىساڭ شۇ سېنىڭ ھامان.
ئەي قۇياش سەن قالدىڭ بولماي سودىگەر،
كۆر قايناق بازارنى ئاجايىپ ھەيۋەت.
ھەممىسى سودىنى قىلار نىقابتا،
ئاسمان ۋە زېمىنلا ئاشكارا پەقەت.
بىر قايناق بازارغا تۇتاشقان بۇ يول،
تۇرىدۇ دوقمۇشقا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل.

### دۇدۇقلاش

قەبرەم بىلەن تۇتاشقان بۇ يول،
ئېيتىپ بېرەي چېكىنى قاچان؟
ئىككىڭلاردىن قايسى راست دېسە،
چىقىرامدىم سايەمنى يالغان؟

چەمبەر سىزسام بوۋامدەك مەنمۇ،
ھەممىسنى سىزامدىم دۈگىلەك؟
ئۆزگەرتىۋەتسەم شەكلىنى ئەگەر،
بىلەلەرمۇ ئاتاشنى نىم دەپ؟...

سۇغا سەكرەپ چۈشكەن تاش نىچۈن،
ئېغىزىدىن ياندۇردى كۆپۈك؟
ئۇ كۆپۈكلەر نىچۈن بەكمۇ تېز،
يېرىلىدۇ، بوپ قالىدۇ شۈك؟

ئىشىنەمدىم ئازغانغۇ دېسە،
ياراتقاندا خۇدا شەيتاننى؟
ئازدۇرامدىم باشقا شۇنداق دەپ،
ئاخىرغىچە ئازغان جاھاننى.

•

ئۇچرارمىدى كەلگۈسۈم راستىلا،
ئۆتمۈشۈمنى يوقاتقان يەردە؟
كىملىكىمنى سورايمەن كىمدىن،
سوراپ قالساڭ مېنى ئەگەردە.

### يىراق جاي

جىمىرلايدۇ يۇلتۇزلار،
شاخ ئۈستىدە تىترەر ئاي،
كۈمۈش قارلار چاقنار سۈس،
يېتىمچىدەك مۇڭ چىراي.
پىل - پىل قىلغان بىر نۇر بار،
ئۇ يىراق جاي يىراق جاي.

دۇنيا جىمجۇر ھەم سوغۇق،
توڭلاپ قالغان مۇردىدەك.
بۇلاق كۆيلەر نەدىدۇ،
قاقشال چۆپتە يوق بىزدەك،
بىر ئاۋاز بار بار بوغۇق،
ئەمما ئۇ بەك يىراق جاي.

ئۆلۈكلا يوق مازاردا،
گۈل ئەمەسمۇ ئاپئاق قار؟
تىزىپ يۈرگەن گۈلدەستە،
نەۋرىلەر بار ئەتە بار.
يوقلاي دېسەم باھاردا،
ئۇ بەك يىراق يىراق جاي.

چۆمكەپ گۈزەل يوتقاننى،
تاتلىقتۇر قىش ئۇيقۇسى.
ئاي سوزۇلۇپ كېپەندەك،
كەلدىمكىن تۇرغۇسى؟
سىغىنغاندۇ ئورماننى،
ئەمما ئۇبەك يىراق جاي.

### دالا

يېقىنلاپ كېلىدۇ ئۇپۇق كەينىدىن،
يوچۇن بىر ئادەمنىڭ قەدەم تىۋىشى.
تۇرىدۇ ئەتراپتا چاقناپ پارىلداپ،
كىمنىڭدۇ ئاخشامقى قالغان كۆز يېشى.

گۈلدەستە كۆتەرگەن قۇمۇش پۆپۈكى،
رەڭمۇ رەڭ نۇر ئارا بۇلار نامايان.
شامالار چۈشنى قويۇپ بېرىدۇ،
ئۇيقۇلۇق گۈللەرنىڭ ئۆيلىرى تامان.

ئولتۇرار بەختىيار ئەسلىمە بىلەن،
قېرى قۇرت ئۆزىنى ئاپتاپقا سېلىپ.
ئاھ ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتەر بىمالال،
چۈمۈلە يانىمۇ يان جۈپتىنى ئېلىپ.

جۈپ تورغاي تەگكۈزۈپ تۇمشۇقلىرىنى،
سۆيۈشەر بەك قىزغىن ئاجراشماس ئۇزاق.
بىر سازاڭ سازاڭنىڭ پىچىرلىشىغا،
ئولتۇرۇپ ئۈن - تىنسىز سالىدۇ قۇلاق.

كېپىنەك لىپ-لىپ قىپ تەگكۈزۈپ پەلكۈش، يېقىنلاپ كېلىدۇ ئۇپۇق كەينىدىن،
سىزماقتا گۈل گىياھ داللارنى ھەم. بىر ئادەم، بىر دۇنيا، جىمجىت بىر قەدەم.

## مەن شۇ چاغدا تۇغۇلغان

سەگەك ئىتى كەنتنىڭ ناخشا ئوقۇپ سۈبھىدە،
گۈللەر شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەندە تام تۈۋىدە،
تۆكۈلۈپ جىن چىراغتىن يورەك يورەك چېچەكلەر،
تەر ئېقىنى ئاققاندا مۇزدەك ئانام يۈزىدە.

ئوچاقتىكى چۆگۈندە يېڭى جاننىڭ قايمىقى،
ۋە مۇقەددەس ئايەتتە تىترەپ دادام بارمىقى.
تۇغۇلغىنى ماڭا ھەم دۇنياغا يات مەخلۇق ئۇ،
ياپ دەپتەرنى پەرىشتە تۇغۇلمىغان مەن تېخى.

ئىنزھار قىلىپ كۆڭلىنى دىلداش ھالال جۈپتىگە،
بۇلبۇل كېلىپ قونغاندا ئوت چېچەكنى ئۈستىگە.
سىلكىپ ماموق يېپىگنى كىرگىنىگدە باھار بوپ،
تام تۈۋىدە توزىغان قاقشال گۈللەر چۈشىگە.

يۈرىكىدە دادامنىڭ سۈبھى نۇرى پارلىدى،
ئانام سېنىڭ قولۇڭدا چاچلىرىمنى تاردى.
مەن شۇندىلا تۇغۇلدۇم چۈنكى ئۇ چاغ مېنىڭدە،
سوقۇپ تۇرغان گۈپۈلدەپ قوشماق يۈرەك بار ئىدى.

## يۈرىكىمدە بىر ئادەم

تۇرۇپ قالسام يېگانە،
كاككۇك گۈلى تۈۋىدە خازانلارغا كۆمۈلۈپ.
جىزمەن بىرسى ئۇ يەردە،
باھار كەبى ئولتۇرار يۈرىكىمگە يۆلىنىپ.

چاڭقاپ كەتكەن بىرسى بار،
مەن ئوچۇملاپ سۇ ئىچكەن ئاشۇ بۇلاق بويىدا.
چىلاپ نازۇك قولىنى،
چوقۇم ئۇمۇ مەن بىلەن سۇ ئىچتىم دەر ئويىدا.

بولۇپ ئەگەر يولۇچى،
مېڭىپ قالسام يالغۇزلا ئۇپۇقتىكى يول بىلەن،
ئاڭلاپ تۇرار يۈرىكىم،
ھامان كىمدۇ بىرىنىڭ تىۋىشىنى خىيالەن.

قەلەندەرلىك قىلىپمەن،
كېلىپ قالسام دوقمۇشقا خۇرجۇنۇمنى كۆتۈرۈپ.
ھەيدىۋەتسە بار ئادەم،
گەپ قىلماستىن نان سۇنار ئۇلار مېنى بىر كۆرۈپ.

**ئابلەجان ھېيت**

## لىرىكىلار

1

سارغايما مېنىڭ خۇش بۇي لالەگۈلۈم،
كۆزۈمدىن كۆرگەن كۆزۈك قۇياشىنى.
چاڭقىساڭ زەمزەم بولسۇن ساڭا سۆيگۈم،
مۇزلىساڭ يېپىن مېھرىم باھارىنى.
قىسىلساڭ سەرپ قىلاي قان ـ تەرىمنى،
بوينۇڭنى قىسما، روھىم ئۆكۈنمىسۇن.
ئىشقىمنى ئوزۇق قىلغىن ئېچىرقىساڭ،
يېشىڭغا بى رەھىملەر سۇغ كۆلمىسۇن.
ۋىجدانىم يەتمىسە گەر شادلىقىڭغا،
ھەمراھ قىل ئۈمىدىمنى ھەر تاڭ سەھەر.
داغلىسا يۈرىكىڭنى ئاچچىق ھىجران،
سۆيۈشكەن ئەستىلىكلەر مىسلى كەۋسەر.
يىغلىما ئۆزگىلەردىن شەپقەت تىلەپ،
مەيلى سەن ھالال ياشاپ بولساڭمۇ خار.
بوغۇلما، بۇمۇ بىر كۈن ئۆتۈپ كېتەر،
ئۆتكەندەك بىز سۆيۈشكەن مەس مىنۇتلار.
زارلانما بۇدەم، بۇكۈن بۇ ئايلاردىن،
نامراتلىق سۆيگۈ ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس.
سۆيگۈسىز قاراڭغۇدۇر يورۇق ئالەم؛
بۇ دۇنيا ھامان بىر كۈن بىزگە مەنسۇپ،
سارغايما مېنىڭ رەڭدار گۈزەل لالەم.

2

بىر سىما ئىلكىدە ياپراق تەنلىرىم،
بىتىنىم تىترەر ئاھ چوغدەك يالتىرار.
دېڭىزدەك تاشدۇ تاشقىن كۆز يېشىم،
يۈرىكىم قولۇرقى ئۇندا چايقىلار.
ئۇ سىما شۇ قەدەر گۈزەل، بىغۇبار،
كۆرۈنمەس رۇخسارى دىلدا نامايان.
خىيال ئەينىكىدە نە ئەيىب، گۇمان،
تۈگىمەس لەززەتلەر شۇندىن باشلانغان.
بەختىمنى ئىزدەيمەن ئۇنىڭ كۆزىدىن،
ۋەسلىمنى ئۇ ئېلىپ قاچقانچە ھەر ئان.
ئوت بىلەن قەلبىمنى ئايرىيالمايمەن،
سورايمەن: گۈزەلمۇ جاھان ياجانان؟
شۇ سىما ئىلكىدە جىلۋىدار دۇنيا،
بۇ جاھان تۇغسىمۇ ئاھۇ نازىنى.
كۆل گۈزەل بولسىمۇ جىمجىتلىق ئارا،
سۆيىمەن كۆلنى — مەس كۆلنىڭ غازىنى.
شۇڭىمۇ بىلىنمەس ئاچچىق ئاھلىرىم،
گەر ئالەم قىستىغى ئەيلىسىمۇ زار.
يالقۇنلۇق يۈرەكنىڭ چېقىندىلىرى،
تۈندىكى يۇلتۇزدەك چاقنار ۋە چاقنار.
بىر سىما ئىلكىدە ياپراق تەنلىرىم
ئاسماندا، زېمىندا تۇرار ئۇ چاقناپ.
مەيلى ئۇ بىلسۇن يا بىلمىسۇن زىنھار،
مەن ئۇنى ئىزدەيمەن باغلاردەك ياشناپ.

3

مەمنۇنلۇق بىلدۇرسەم بۈگۈن ئامرىقىم،
مەڭگۈلۈك رازى ئۇ دېمىگىن زىنھار.

يورىغان تاغلارنىڭ ئاتار تاڭلارنىڭ،
ھەۋىسى ئۆزگىچە، ئوخشىماس دىلدار.
بۈگۈنكى ئەجرىڭدىن تولدۇردۇڭ دىلنى
جاپادىن چۈشسىمۇ چاچلىرىڭغا ئاق.
قارىغىن،
ئەتىنىڭ ئېزگۈ خىيالى -
سالماقتا يۈرەككە يېڭى ئىشتىياق.
كەل ھەر تاڭ پەيزىنى سۈرەيلى بىللە،
تاڭ كەبى سۆيگۈدىن يېڭى بەت ئېچىپ.
بىر سۆيۈش بىلەنلا قانسا مۇھەببەت،
يۈرمەيتتۇق بىز مۇنچە ئەگىپ - ئەگىشىپ.
كەل جانان لېۋىڭدىن بىر سۆيۈپ ئالاي،
ئەتىنىڭ ئارزۇلۇق سۆيگۈسى ئۈچۈن.
كېلەچەك لەۋلىرى قالمىسۇن قۇرۇپ،
ئويغانغان يۈرەكلەر شادلىقى ئۈچۈن.
مەمنۇنلۇق بىلدۈرسەم ساڭا ئامرىقىم،
مەڭگۈلۈك رازى ئۇ، دېمىگىن زىنھار.
يۈرەكلەر تەپتىدىن كۆلسۇن ئەتىمىز،
ئەتىنى سۆيەي مەن بولۇپ ئىنتىزار.

**ئابلىز ئوسمان**

## شېئىرلار

### شورلۇق ناخشىلار

1

جۇشقۇن كۆيلەر ئاۋالار ياڭراپ،
ھېسلىرىمنى ئويغاتتى يانا.
يۈرىكىمگە خۇشاللىق تاراپ،
ئايان بولدۇڭ ئالدىمدا مانا.
ئوخشىتاتتىم بىر چاغلار سېنى،
نۇر، مۇقەددەس ھاۋا ئانىغا.
تاتلىق بولغاچ قىلىقلىرىڭ ھەم،
ئوخشاتقانتىم سېنى بالىغا.
ئەسلەپ قالدىم دەل شۇ سائەتنى،
ئۆزۈمدىنمۇ كۆڭلۈم ئالدىراپ.
قۇچقىن دەپ شۇ ئوماق قامەتنى،
چىلىلماقتا قۇياش يالتىراپ.
بەرپا قىلساڭ يېڭى بىر قۇياش،
چاقنار مانا بىر زۇمرەت ئېقىن.
چېچەكلەرگە ئورالغان قىرغاق،
ئېخ، ئۇ ماڭا نەقەدەر يېقىن.
ياساپ قويدۇم سۆيگۈمدىن قولۋاق،
بولدى يوقال، قارا چۈشلىرىم.
تورلىرىڭغا بولمايمەن قامال،
ئەركىن ئۇچار سۆيگۈ قۇشلىرىم،
كۆك نۇرىغا چۆمۈلۈپ خۇشال.

2

يوقال ئەي ئاي، ئەمەسسەن خۇشتار،
نۇرلىرىڭغا كۆل رەڭ ھەم سوغۇق.
تۈنلىرىمنى يورۇتما زىنھار،
مەن باغلىدىم تاڭغا ئىشتىياق.
تەقدىرىمنى كۈتمەيمەن سەندىن،
بولساممۇ گەر غاردىكى بىر تاش.
يۈرىكىمنى ئاتسام ئۇپۇققا،
كۆلەر بىر كۆك مىڭلىغان قۇياش.

3

ئالتۇنۇم يوق ئالتۇنىمەن ئۆزۈم،
چۈشتىم مىسكەر قولىغا بىراق.
ئالۋۇنلارغا ئالدانغان كۆزۈم،
يوللىرىمغا ياسىدى تۇساق.
تەقدىرىمگە تۆكۈلمەس يېشىم،
سۆيگۈڭ ئارا چاقسىمەن چاقماق.
كۆرگۈڭ كەلسە كۆرۈپ كەت مېنى،
مەن ئۆزۈم شۇ — چۆلدىكى توغراق.

4

كۆزلىرىڭدىن يامرىغان زۇلمەت،
يۇتۇپ كەتتى ئىللىق نۇرۇمنى.
ئۇن ـ تىۋىشسىز قايتتىم ئاقىۋەت،
هاپاش قىلىپ جۇلجۇل سۆيگۈمنى.
قالدى قېتىپ ئۆلگەن تەبەسسۇم،
يۈرىكىمدە شورلۇق بىر ئاهاڭ.
ئەتىۋارلاپ ئۆستۈرگەن گۈلۈم،
ئاه، باهاردا تاشلىدى غازاڭ.
يىلتىزىدىن قومۇرۇپ ئۇنى،
تىكىپ قوياي دەيمەن قەبرەمگە.
هاياتىمنىڭ ئاخىرقى كۈنى،
تاپشۇرارمەن ئاللا ئىگەمگە.

ئەزىم ناسىر

## يۈرەك يىغلايدۇ

(شائىر ت. ئېلىيېۋغا مەرسىيە)

ئاي مۇڭلىنىپ تۇتۇلدى بۇ كەچ،
يۇلتۇزلارنىڭ كىرپىكلىرى نەم.
شۇ كېچىدە بىر يۇلتۇز ئۆچكەچ،
يۈرەكلەرنى ئەزدى دەرد ـ ئەلەم.

سىرغىپ ـ سىرغىپ ئاقتى كۆز يېشى،
بۇلۇتلارنىڭ گىرۋەكلىرىدىن.
چوققىلارنىڭ ئېگىلدى بېشى،
بۇلاقلارنىڭ ئېسەدىشىدىن.

ئورمانلارنى قاپلىدى سۈكۈت،
دەريا ئاقار غەمكىن لۆمۈلدەپ.
مونچاق ـ مونچاق ياش تۆكەر بۈركۈت،
ئاي قارايدۇ يەرگە مۆلدۈرلەپ.

ئۇزاق يىللار ئۆتكەن ئارىدىن،
تۇتۇلماستىن ئاي مۇنداق پۈتۈن؟!
ئايرىلدىمۇ يۇلتۇز يارىدىن،
ياش تۆكىدۇ نېمىشقا بۇ تۈن؟

2

بىر ئوت يۈرەك مۇزلىدى بۇ كەچ،
هايات شامى ئۆچتى پىلدىرلاپ.
بۇ جۇدالىق كۆپ ئېغىر كەلگەچ،
ياش تۆكمەكتە يۇلتۇز جىمىرلاپ.

تۇپراقلارغا كىرىپ بىر ۋۇجۇت،
ئۇپۇقلارغا سىڭدى سىماسى.
ئاه چىقىدۇ، چىقار گاهى دۇت،
يۈرەك يىغلاپ خورايدۇ ئېسى.
يىغلامسىراپ قارايدۇ يەرگە،
قۇياشنىڭمۇ چېهرىسى سولغۇن.
چىدالمىدى زېمىن بىر ئەرگە،
پەرياد چېكىپ يىغلايدۇ يۇلغۇن...

3

خەلقىم يىغلار شائىر سېنى دەپ،
قەبرەڭ ئۈزرە قويۇپ كېتەر گۈل.
ئېسىل ئىنسان ئىدىڭ سەن ئەجەب،
ئەلنى سۆيگەن ئۆمرۈڭدە پۈتكۈل.

سايراپ ـ سايراپ هارمايتتىڭ پەقەت،
سەن خەلقىمنىڭ بۇلبۇلى ئىدىڭ.
داستىخىنىڭدا بار ئىدى بەركەت،
سورۇنلارنىڭ بىر گۈلى ئىدىڭ.

تاشلىناتتىڭ كۆزگە سەن هامان،
شائىرلارنىڭ بولۇپ سەرخىلى.
ئىللىق چىراي يۈرەتتىڭ هەر ئان،
يېشىلگەندە گۈللەر كەمزىلى.

قەلىمىڭدە بار ئىدى ئامەت،
سۆزلەنگەچكە هامان ئەل دىلى.
تاپقان سەندە شۇنچە بالاغەت،
گۈزەللىشىپ ئۇيغۇرنىڭ تىلى.

شائىر ئىدىڭ شائىر دېگۈدەك،
مىسرالاردا قالدى ئىزلىرىڭ.
ساڭا قانداق چىدايدۇ يۈرەك،
ياش تۆكىدۇ ئوغۇل ـ قىزلىرىڭ.

4

ياخشىلارغا ئامراقمۇ تەگرىم،
ئېلىپ كېتەر قويماستىن ئۇزاق.
سەن كەتكەندە ئۆرتەندى باغرىم،
هاياجاندىن تەنلىرىم ياپراق...

سانجىلغاندەك يۈرەككە بىر تىغ،
ئېسەنكىرەپ دېدىم نەچچە ئاھ!
بۇ جاهاندا يامانلار مىغ ـ مىغ،
سەن ياخشىنى كۆردۈڭمۇ ئىلاھ؟

كاچ ئىكەنمۇ ئەجەب بۇ تەقدىر،
سېنى ئاخىر تاپتى ئەزرائىل.
قىلالماپسەن شائىرىم تەخىر،
سەن ياشىساڭ بولاتتى يۈز يىل.

ئۇنۇپ چىقار شائىر گۈل بولۇپ،
ئانا يەرگە كۆمۈلگەن جىسمىڭ.
سېنى خەلقىم قالماس ئۇنتۇلۇپ،
ئەل قەلبىدە يادلىنار ئىسمىڭ.

ئاۋۇت مۇھەممەدى

## ھەر قەترىدە بار بىر تىلەك

### سەدىقە بەر قۇياش

ئۇلاشتۇرۇپ قەلبىمگە تىترەك،
بىر كۆلەڭگۇ ئەگىپىدۇ باشتا.
كۆلەڭگىنى بۇزۇشقا تېزرەك،
تەلمۈرىمەن ھەقدار قۇياشقا.

نۇرمۇقەددەس،
نۇرهاياتلىقىم،
سېخى قۇياش سەدىقەڭنى بەر.
يېڭىلانسۇن ئۈمىد ـ شادلىقىم،
سۆيگۈۋۇسال قۇچقانغا قەدەر...

### پىغان چەكمە، ئەي سەبىيلىكىم

سەبىيلىكىم يۇمرانلىقىم چۈن،
قەدەمدە بىر تۆلىدىم بەدەل.
شۇنداقتىمۇ چىقارمىدىم ئۈن،
(كەلسە ھەتتا بېشىمغا ئەجەل.)

پىغان چەكمە، ئەي سەبىيلىكىم،
بالاغەتتىن قورقىمەن قەۋەت.
مەيلى قانچە بەدەل تولەيكىم،
سەبىيلىكىم سەن ئېسىل ئەبەت!

### گۈل ۋە غۇنچە

گۈل ئېيتىدۇ غۇنچىنى نوقۇپ:
مەندىن ئۆگەن پۇراق چېچىشنى.
غۇنچە دەيدۇ :ئۆگەن سەن ئاۋۋال،
تاڭدا مەندەك پورەك ئېچىشنى.

ھەي نادانلار پەخەس بولۇڭلار،
مەنمەنچىلىك چىقمىسۇن باشقا.
بىر ئەمەسمۇ يىلتىز ـ غولۇڭلار،
نەهاجەت بار بۇنداق تالاشقا؟!

### تامچىلار

تاشنى تېشەر تامغان تامچىلار،
رىتىملىق ھەم يۇمشاقلىقىدىن.
قاتقان بولسا مۇبادا مۇزدەك،
سۇنار «ئالىيجاناب» لىقىدىن.

يەكلىمىسۇن ھايات دەپ شۇڭا،
تامچە بولۇپ سىڭدىم تۇپراققا.
تەمانىدا قاتقانىڭ ئۆمرى،
بارمايدىكەن ھەرگىز ئۇزاققا.

### بەلكى سۆيگۈ...

سۆزلىشىدۇ قىزغىن، ئۈن ـ تىنسىز،
قارىچۇقتىكى پىنهان سۈرەتلەر.
بۇلاقتىكى شولىدەك كىرسىز،
پاك سۆيگۈنى تۇيغان يۈرەكلەر.

بەلكى سۆيگۈ شۇنداق باشلىنار،
سۆكۈت ئىچرە قەلب سىناشتا.
مۇھەببەتكە قەدەم تاشلىنار،
مەنزىلىنى سورىماي باشتا...

غەيرەت ئاسىم

# قۇياش ھەممىگە شاھىد



(ھېكايە)

1

ئەگەر سەن دۇنياغا مۇھەببەت باغلىغان بولساڭ، ئۇنداقتا ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ مەدەنىيەتلىك ۋە ئەڭ ئەقىللىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق قەلبىڭنى ئىزھار قىلىشىڭ، سۆز ئارقىلىق ئەمەس، ھەرىكەت ئارقىلىق ئىزھار قىلىشىڭ كېرەك. چۈنكى قۇياش ھەممىگە شاھىد. مەن ئۆزۈمنىڭ بەزى بىر ھېس قىلغانلىرىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بۇ ھېكايەمگە مۇشۇ تېمىنى تاللىۋالدىم. ھېكايەمنىڭ مۇقەددىمىسى ھېكايىغا ئوخشاش باشلانمىشى ناتايىن، شۇنداقلا نۆۋەتتىكى نورغۇنلىغان ھېكايىلارغا ئوخشاش راۋاجلىنىشىمۇ ناتايىن. ئەسلى مەن كىتابخانلارغا پۈتۈن بىر كۆرۈنۈش تەقدىم قىلسام ياخشى بولاتتى، لېكىن مەن بۇنداق قىلىشقا ئاجىزلىق قىلدىم. چۈنكى بەزىدە پارچە-پۇرات ئەقىللەر ۋە ئىدىيىلەرمۇ چەكسىز دېڭىزغا ئوخشاش بىزگە ئىلھام بېرىدۇ. دېڭىزچە، ياز پەسلى ئەڭ گۈزەل پەسىل. ئەگەر بۇ پەسىل بولمىغان بولسا، بەلكىم مەنمۇ كەچ شامىلىدىن ھۇزۇرئالىمەن دەپ تۆت كوچىنىڭ ئېغىزىغا چىقىپ پىۋا ئىچىپ ئولتۇرمىغان بولاتتىم. خەقلەرنىڭ مۇنۇ پاراڭلىرىنىمۇ ئاڭلىمىغان بولاتتىم. مەن ئۇلارنىڭ مۇبارەك ئىسىملىرىنى بىلمىگەنلىكىمدىن، دۇنيادا ئەڭ كەڭ تارقالغان ئا. ب. س. دېگەن مۇنۇ ئۈچ ھەرپ بىلەن ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم:

ئا: — ياق، ئۇنداق ئەمەس، قېرىندىشىم مەن سېنىڭ بۇ پىكرىڭگە قوشۇلمايمەن. ئەگەر سەن كۆڭۈل قويۇپ كۆزەتسەڭ، تەنقىد قىلساڭ، شۇنداق بىر پىكىرگە كېلىسەنكى، بۇ — دۇنيانى پىرقىرىتىۋاتقان نەرسە سەن دېگەندەك پېئىل ئەمەس، بەلكى ئىسىم. بۇنى ئېسىڭدىن چىقارما، جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان نەرسە ئىسىم. ئەگەر سەن ماكرو جەھەتتىن كۆزەتسەڭ، ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ھەر كۈنى يېڭى ھەم گۈزەل ئىسىملارنى ئىجاد قىلىۋاتقانلىقىنى بايقايسەن.

ب: — خاتالاشتىڭ ئاداش، بىز ئىشتان كىيمىگەن ۋاقىتلاردىن باشلاپ بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ئاغىنىلەردىن، شۇڭا مېنىڭ ساڭا گەپنى ئەگىتمەي تۈزلا قىلىش مەجبۇرىيىتىم بار. سېنىڭ ئاجىزلىقىڭ ئۆزۈڭگە قارىغۇچىلارچە ئىشىنىش. دېمەك،

بۇ خىل ئىشەنچەڭدە ئىلمىي ئاساس يوق. سەن ئىسىمنى ئۇنچىۋالا كۆككە كۆتۈرۈپ كەتمە، يۈرەكتىكى گەپنى قىلساق، بۇ دۇنيادا ئەڭ جانلىق نەرسە پېئىل، پېئىل بىز ئۈچۈن بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان نەرسە ئەمەس، پېئىل دۇنيادا ھەممە نەرسىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۇ، دۇنيادىكى بارلىق نەرسىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۇ دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەرنى ياراتقان ھېلىھەم بارلىق نەرسىلەرنى ياراتماقتا، دېمەك، نۇرغۇنلىغان سۆزلەرنىڭ ئىچىدە، پەقەت پېئىللا بىزنىڭ مەدھىيىلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ! چۈنكى ھەممە نەرسىنى ياراتقان شۇ...

س: — ئاغىنىلەر، ھەر ئىككىلىڭلار خاتالاشتىڭلار، پېئىل، ئىسىم دېگەن نەرسىلەر تۇرمۇشىمىزغا ۋە ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتىغا ھېچقانچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. سىلەر تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈۋاتىسىلەر، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككىسىنىڭ رولى ئانچە چوڭ ئەمەس، شۇنى ئۇنتۇماڭلاركى، ئەگەر دۇنيادا مۇكەممەل نەرسە مەۋجۇت دېيىلسە ئۇ شەپقەتلىك نۇر چېچىپ تۇرغان ئۇلۇغ سۈپەت سۆزى، ئەگەر سۈپەتنىڭ بىر نىيەت بىر دىل بىلەن قىلغان يېتەكچىلىكى بولمىسا، نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى تەسەۋۋۇر قىلغىنى بولمايتتى. بۇ دۇنيا مۇھەببەتلىك دۇنيا، ئەگەر بىز كىشىلەرنىڭ مۇھەببىتىنى قوزغىيالمىساق، ئۇنداقتا مەقسىتىمىزگە يېتىشىمىز تەس گەپ. شۇڭا سۈپەتنىڭ رولى ناھايىتى مۇھىم. بىز غەيرىي قاراشلىرىمىزدىن ۋاز كېچىپ، سۈپەتنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى ئورنىنى تونۇپ يېتىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىمىزنى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك...

مەن پىۋامنى ئىچىپ بوادۇم. ئۇلار تېخىچە مۇنازىرە قىلىۋاتاتتى، ئۇلار ماڭا تۇرۇپ بىر - بىرىدىن ئەقىللىق كۆرۈنسە، تۇرۇپلا يەنە بىر - بىرىدىن نادان كۆرۈنەتتى. نەزەرىمدە، ئۇلار كۆپ نەرسىنى بىلەتتى، لېكىن ئەڭ مۇھىم نەرسىنى بىلمەيتتى.

مەن بۇ ئۈچ ئۇلۇغ زاتتىن ئايرىلىپ، سۈپسۈزۈك سۇ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭنىڭ ئالدىغا كەلگىنىمدە، يېقىملىق سۇ مېنىڭ ھازىرقى ھال ئەھۋالىم ۋە ئارزۇ - ئۈمىدلىرىم ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشىمغا ئىلھام ئاتا قىلدى...

ئادەم زادى ئۆز ئارزۇ - ئۈمىدىنىڭ نېمىسى؟ مەن دائىم مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىمەن، بەزىدە ئادەم ئۆز - ئارزۇ ئۈمىدىنىڭ غالچىسى، قۇلى، دېگۈم كېلىدۇ. لېكىن بۇنداق ھۆكۈم چىقارساق ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن. بۇ مەسىلە مېنى بەكمۇ ئازابلىماقتا. چۈنكى تا بۈگۈنگىچە ئادەم ئۆز ئارزۇ - ئۈمىدىنىڭ زادى نېمىسى ئىكەنلىكىگە تەبىر بېرىدىغان مۇۋاپىقراق بىرەر سۆز تاپالمىدىم. شۇڭامەن ئۆزۈمدىن ئۆزۈم رازى بولماي كېلىۋاتىمەن. ھەتتا ئايالىمۇ مەندىن خاپا، ئۇنىڭ تەلەپلىرىنىڭ قانۇنىي ئاساسى بولمىغان ھالەتتىمۇ مەن يەنىلا ئازابلىق ھېس قىلىۋاتىمەن، بىر ئەر تۇرۇقلۇق ئايالىمنىڭ زامانىۋىلاشقان تاۋارغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرالماسلىق ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق ئىش. لېكىن، ئايالىمۇ مېنى چۈشىنىشى كېرەك. چۈنكى بىزنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىمىز ئاجىز، باشقىلارغا ئوخشاش ئوقەت قىلاي دېسەم، مەندە ئۇنداق ئىقتىدار يوق، بۇ مېنىڭ ئاجىزلىقىم ئەمەس، ئىش تەقسىماتى

كۈندىن ـ كۈنگە ئۆسۈپ كېتىۋاتقان
هازىرقى زاماندا، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ئورنىدا
چىڭ تۇرۇشۇم كېرەك. ئوقۇتقۇچىلىق
قىلىپ ئادەم تەربىيىلەش، تۇرلۇك يوللار
ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيە
سىنى ئۆستۈرۈش مېنىڭ ئىزچىل ئىزدىنىد
غان تۇرمۇش نىشانەم. شۇڭا مەن ئايالىم
نىڭ يېڭى مودىدىكى تاۋارلارنى سېتىۋې
لىش ئارزۇسىنىڭ قەلەم قەغەزلىرىم بىلەن
ۋە مېنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىم بىلەن زىددى
يەتلىشىپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن،
ئايالىمنىڭ مېنى چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلى
مەن، چۈنكى مەنمۇ ئۇنى ئىزچىل چۈشى
نىۋاتىمەن. قورساقنى، ئۈستىباشنى قىسىش
ھېسابىغا ئائىلىگە ئالىي سۈپەتلىك ئېلېك
ترونلۇق تاۋارلارنى ئېلىشقا قوشۇلالماي
مەن، بىز ئۈچۈن جانمۇ تاتلىق، مۇھەببەت
مۇ تاتلىق، بايلىقمۇ تاتلىق، لېكىن بۇنىڭ
دا بىردىنبىر مەقسەت بۇغداي، ئەتكەن
چاي ۋە ئۇلۇغ نان! قورساق تويمىسا ھەر
قانداق نەرسە ئادەمگە تېتىمايدۇ.

2

تۇرمۇش ھامان بىزنى جىمجىت ھالەت
تە خىيالىمىزغا كەلمىگەن يەرلەرگە ئاپىرىپ
تاشلايدۇ. بىر كۈنى مېنىڭ بىر ئاغىنەم
ئايالى بىلەن ئاجراشماقچى بولدى، دوس
تۇمنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئۇنىڭغا ھەمراھ
بولۇپ سوت مەھكىمىسىگە باردىم، مەھكىمى
نىڭ ئالدىدا ئوخشىمىغان ھېسسىياتتىكى
كىشىلەر ئىچكى ئازابتىن تېزرەك قۇتۇلۇشنى
كۈتۈپ تۇراتتى، شۇلارنىڭ قاتارىدا چىراي
لىق بىر چوكان ئۇنىڭ بارىچە ۋارقىراۋا
تاتتى، بۇ چوكاننىڭ ئالدىدا بىر ئەر يەرگە
قاراپ تۇراتتى.
— ھەي ماڭا قارا، سەن ئەركەكمۇ،
ئەگەر كاللاڭنىڭ سۆيى بولمىسا، نېمىشقا
مېنى قويۇۋەتمەيسەن؟ بىلىپ قوي، ئەمدى
مەن سەن بىلەن بىر كۈنمۇ ئۆي تۇتماي ـ
مەن. سەنچۇ شاپاق تېرىپ جان باقىدىغان
ئادەم سەن، ئۆزۈڭنىڭ ناباپلىقىڭدىن بۆگۈن
گىچە بىرەر ئاشنا تاپالمىغان نېمە سەن!
بۇ چوكاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەممە
ئادەم ياقىسىنى چىشلىشىپ قالدى. مەن
بىردىنلا ھوشۇمدىن كەتكەندەك بولۇپ
چوكانغا قاراپ تۇرۇپلا قالدىم. مەن ئېسىم
گە كېلىپ ئۆزۈمنىڭ يەر شارىدا تېخىچە
مەۋجۇت ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم، يەر
شارى ھەقىقەتەن بارلىق ئېغىرلىقنى
كۆتۈرىدىغان ئۇلۇغ ئەرباپ ئىدى. توغرا
ئەسلىدە ھەممە نەرسىنىڭ ئېغىرچىلىقىنى
كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان نەرسە يەر شارى
ئىكەن. بەلكى يەر شارىنىڭ تىلى بولمىغان
لىقى ئۈچۈن، ئىنسانلارغا مۇشۇنداق
بوزەك بولۇپ كېلىۋاتسا كېرەك. ياق،
ئۇنداق ئەمەس، مەن خاتالاشتىم، يەر شارى
سۆزلىيەلەيدۇ، ئەپسۇسكى، نۇرغۇنلىغان
كىشىلەر ئۇنىڭ سەمىمىي ئاگاھلاندۇرۇشىنى
ئاڭلىمايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەر كۈنى بىزگە
سىلەرنىڭ ھاياتىڭلار مەقسەتلىك ھايات،
سىلەرنىڭ جەمئىيەتنى بايلىق بىلەن تەمىن
لەش مەسئۇلىيىتىڭلار بار، سىلەر ئەجدادلار
بەرپا قىلغان بايلىقنى يەپ چوڭ بولغان،
شۇڭا كەلگۈسىدىكى ئىز باسارلارغىمۇ باي
لىق قالدۇرۇپ كېتىشىڭلار كېرەك، دەپ
جار كۆيدۈرەتتى.

3

بىز مۇھەببەتلىك نەزەرىمىز بىلەنلا
جەمئىيەتنى كۆزەتسەك، تۇرمۇشنىڭ نەقەدەر

گۈزەللىكنى بايقىيالايمىز. ئۇنىڭ كىشىنى
ئازابلايدىغان تەرەپلىرى ھەرگىزمۇ روھى
جەھەتتىن بىزنىڭ ئىرادىمىزنى كونـترول
قىلالمايدۇ.

مەن سەيلە ـ ساياھەتنى ياخشى كۆرۈ-
مەن، چۈنكى ساياھەت داۋامىدا بىز ئۇرغۇن-
لىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالالايمىز. ھەر
خىل تۇرمۇش ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى بىزگە
ئەقىل ـ پاراسەت بېغىشلايدۇ. ھەمدە بىزنى
جەمئىيەتتىن ئۆگىنىشكە يېتەكلەيدۇ.

ئىللىق باھار ماڭا مۇشۇنداق پۇر-
سەتنى ئېلىپ كەلدىدە، مەن تەييارلىقىمنى
پۈتتۈرۈپ يولغا چىقتىم. ئاپتوبۇس ئىچىدە
بىر ئايال يەنە بىر ئايالغا ئۆزىنىڭ دەر-
دىنى تۆكۈۋاتاتتى:

— ئۈچ يىلدىن بېرى مېنىڭ كۆر-
مىگەن كۈنۈم ئاز قالدى، ئوغلۇم ئۈچ ياش-
قا كىرەي دەپ قالدى، لېكىن ئۇنىڭ دادىسى
يوق، ئۆزىڭىز بىلىسىز، ئەركىشى يوق
ئۆيدە كۈن كەچۈرۈش تەس گەپ ئىكەن.
ئۆزۋاقتىدا ئۇ مېنى ئالىمەن دەپ ئالدىسا
«ھە» دەپتىمەن، كېيىن مېنى تاشلاپ
ياشقا بىر شەھەرگە قېچىپ كەتتى. ئۇ چاغ-
دا، مېنىڭ قورسىقىمدا قالغانىدى، بۇ گەپنى
كىمگە دەيمەن، ئاڭلىسام، ئۇ ھازىر ئاشۇ
شەھەردە بىر زاۋۇتنى كۆتۈرۈۋاپتۇ. مەن
بېرىپ ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ خەلق ـ ئالەم
ئالدىدا چاۋىسىنى چىتقا يايىمەن، مەن
ئۇنى باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىمەن.

ئاپتوبۇس قەدىمكى ئۇرمان يولىدا
ئىلگىرىلەۋاتاتتى. ئۇرمان ئىچىدىكى ساپ
ھاۋا يۈرىكىمنى ياشارتماقتا ئىدى، بۇ ئايال-
نىڭ گەپلىرى مېنى ئويغا سالدى. تۇرمۇش
مەسئۇلىيەت دېمەكتۇر. تۇرمۇش بىزنى
يەنىلا تىماي تۇرۇپ كۈلدۈرمەيدۇ، شۇڭا بىز

ئەمدى كۈلمىز دەپ ياشايمىز، ئابتوبۇستى-
كى ھېلىقى ئايال مەقسىتىگە يېتەرمۇ؟
ئەگەر يەتسە ئۇ بۇندىن كېيىنكى تۇر-
مۇشنى قانداق ئۆتكۈزەر؟ يېتىمەك دېگەن
ئىسىم ئوغلىغا لەقەم بولۇپ قالارمۇ؟

يېتىملەر يوق جەمئىيەت مەۋجۇت
ئەمەس، ئەلۋەتتە. لېكىن بىزنى ئازابلان-
دۇرىدىغىنى شۇكى، شەخسىيەتچىلىك، ئاڭسىز-
لىق قاتارلىقلار جەمئىيىتىمىزگە تېخىمۇ
كۆپلەپ يېتىملەرنى پەيدا قىلىۋاتىدۇ.

شەخسىيەتچى ئادەم تېخىمۇ كۆپ
مال ـ دۇنياغا ئىگە بولالىشى مۇمكىن،
لېكىن ھۆرمەتكە ئىگە بولالمايدۇ.

ئادەم ھۆرمەتكە موھتاج مەخلۇقات.

بەلكىم مېنىڭ بۇ خىل نەزەرىيەلىرىدىم
بۈگۈنكى جەمئىيەتتە بازار تاپالماسلىقى
مۇمكىن، لېكىن مەن ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ قارى-
شىدا چىڭ تۇرىمەن، ئادەم ئۆز ئالدىغا
غورۇر تىكلىشى كېرەك، ئۆزى ئۈچۈنلا
ئەمەس، باشقىلار ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلىشى
كېرەك. نۆۋەتتە بىز دۇچ كېلىۋاتقان پاجى-
ئەلەر يەنە مۇنۇ جەھەتلەردە كۆرۈنىۋاتى-
دۇ: بىز ئادەتتە ھەممە ئادەمگە زىيالىيلار-
غا قويۇدىغان تەلەپلەرنى قويۇۋاتىمىز. بالى-
مىزغا تۇتۇدىغان پوزىتسىيىنى بىللە ئىش-
لەيدىغان خىزمەتچىلەرگە تۇتۇۋاتىمىز، بىز
تېخىمۇ كەڭ ئەقىلگە موھتاج، لېكىن
بۇنىڭغا ۋاقىت، بىلىم، ئەمگەك كېرەك، جاپا
مۇشەققەتلىك مۇساپىمۇ، بەخت سائادەتلىك
مۇساپىمۇ بىزنى ھاياجانغا سالىدۇ، ئىنسان-
لارنى كۆپەيتىۋاتقان نەرسىمۇ مانا مۇشۇنداق
كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان نەرسە، شۇڭا
بىز جاپالىق تۇرمۇشقا بەرداشلىق بېرىپ،
باتۇرلارچە ئالغا باسىمىز. بىزنىڭ كېلەچى-
كىمىز نۇرلۇق كېلەچەك، شۇڭا بىزنىڭ

مەقسىتىمىز ئۇلۇغ مەقسەت، ھاياتقا ئەركىـ
لەشنىڭ ھاجىتى يوق، بەلكى بىز ھاياتىـ
مىزدىكى ئېچىلماي كېلىۋاتقان گۈللىرىمىز-
نى ئېچىلدۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ بىزنىڭ
ئۇممىدىمىز، شۇنداقلا بىزنىڭ نىشانىمىز.

4

مەقسەتسىز سەپەرنىڭ قىممىتى بول-
مايدۇ. مەقسەتلىك سەپەر — بىزنى نۇرغۇن-
لىغان نەرسىگە ئىگە قىلىدۇ. مېنى گۈزەل
جەنۇبىي شىنجاڭغا مانا مۇشۇ ئىدىيە باشلاپ
باردى.

مەن نۇرغۇنلىغان ئاق كۆڭۈل كىشى-
لەر بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇلار ئاۋۇل قوللىرى
ئارقىلىق، ئۆز ماكانلىرىنى بېيىتىشۇۋېتىپتۇ
ھەممە تېخىمۇ گۈللەندۇرۇشكە تىرىشىۋېتىپ-
تۇ. جەنۇبنىڭمۇ، شىمالنىڭمۇ ئۆز ئالاھى-
دىلىكى بار. تۇرمۇشنىڭ مەقسىتى بىر - بىرى-
نى مەسخىرە قىلىش ئەمەس، بەلكى بىر-
بىرىگە ئىلھام بېرىش.

يەكشەنبە كۈنى، مەن يېزا بازىرىغا
كەلدىم. شىمالدىكىلەرگە قارىغاندا، جەنۇبتى-
كىلەرنىڭ بازارغا بولغان مۇھەببىتى، خېلى
قىزغىن ئىكەن، يەتتە ياشتىن يەتمىش
ياشقىچە بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى
بازارغا كېلىپ كۆڭۈل ئاچىدۇ، ھاردۇقىنى
چىقىرىدۇ. سامسىپەز، كاۋاپچىلار خېرىدار-
لارنى ناھايىتى قىزغىن چىللايتتى. مەن
گۆشگىردىچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئاددىي
ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم.

— خوش — ئۆزلىرىگە چوڭىنى بىرەمـ
دىمەن، كىچىككىنىمۇ؟

ئۇستامنىڭ ئاۋازى ناھايىتى يۇمشاق
ئىدى.

— ئاـ چوڭىنى!

ئۇستام تۆمۈر چويارا بىلەن تونۇر-
دىن بىر گۆشگىردىنى قومۇردى. ئۇ بىر
قولىدا گۆشگىردىنى ماڭا ئۇزىتىپ يەنە
بىر قولىدا بىر چىنىگە چېلەكتىن سۇ
ئېلىپ مېنىڭ ئالدىمدا قويۇپ قويدى. مەن
گۆشگىردىنى قولۇمغا ئېلىپ ئالدىراپ
قالدىم، چۈنكى گۆشگىردە بەكمۇ قىزىق
ئىدى. ئۇستام مېنىڭ بۇ ھالىتىمنى بايقى-
دى بولغاي، قولۇمدىن گۆشگىردىنى ئېلىپ
ئۆلىنى چىنىدىكى سوغۇق سۇغا بىردەم
چىلىدىدە، ئاندىن ئۇنى ئۆلىدىن يېرىپ
ئىككى پارچە قىلىپ ماڭا تۇتقۇزۇپ قويدى.
مەن بىسمىللا دەپ ئېغىز تەگكۈچە، گۆش-
گىردىنىڭ ئىچىدىكى گۆش، زىرە، قارىمۇچ-
لارنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى دىمىغىمغا
ئۇرۇلۇپ مېنى ناھايىتى لەززەتلەندۈردى.
مەن بىردىنلا يولدا تارتقان جاپالىرىمغا
رازى بولۇپ قالدىم. مەن گۆشگىردىگە
ئىشتىياق بىلەن تېگىشكە باشلىدىم. ئاندىن
باشقىلارغا ئوخشاش، چىنىدىكى سوغۇق سۇنى
ئىچىۋەردىم، سۇ مېنى بەكمۇ ھوزۇرلاندۇر-
دى. بۇ مېنىڭ بىر نەچچە كۈن ئىچىدىكى
يېگەن ئەڭ ياخشى تامىقىم، شۇنداقلا
مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تامىقىم
بولۇپ قالدى.

مەن مۇشۇنداق پەيزى قىلىپ غىزا-
لىنىۋاتقىنىمدا، ئوڭ تەرىپىمدىن نەشىنىڭ
پۇراقلىرى لەيلەپ كەلدى. مەن بىردىنلا
ھەيران قالدىم. مەندىن ئۈچ - تۆت چامـ
دام نېرىدا بۇرۇتلۇق بىر ئادەم ھەدەپ
چېكىۋاتاتتى. مەن: بۇ جامائەت سورۇنى
تۇرسا ئۆزىنى زەھەرلىگەنىنى ئازدەپ باشـ
قىلارنىمۇ زەھەرلىسە قانداق بولىدۇ؟ دەپ
ھەيران بولدۇم.

گۆشگىردىچى ئۇستام مېنىڭ بۇ ئەشكەشكە بولغان ھېسسىياتىمنى بايقىدى بولغاي، ھېلىقى ئادەمگە قاراپ ۋارقىراپ كەتتى:

— ھەي! چاشقان ئوغرىسى، ماۋۇ دېگەن دۇكان، ئاۋۇ بىر نېمەڭنى ئۇستەڭ بويىغا ئاپىرىپ چەكسەڭ بولمامدۇ؟

— ئۇستام، بۇگۈن چۆشۈڭلار بۇزۇلۇپ، قالغان ئوخشىمامدۇ؟

— ھەي، خوتۇنى بىلەن كۆمەچ تالىشىپ يەيدىغان ئابدال، ئاغزىڭنى غېرىچلىماي يوقال، ماڭ، ھېلى بىكارا!

ھېلىقى ئەشكەش ئورنىدىن تۇرۇپ لېرى كەتتى.

— ئىنىم، يەنە بىرنى بېرەيمۇ؟

ئەسلىدە مەن تويۇپ قالغانىدىم، ئۇستامنىڭ ھېلىقى گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىش يۈزىسىدىن:

— كىچىكىدىن بىرنى بەرسىڭىز، — دېدىم. شۇ ئارىدا ئۈچ ئەركىشى بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرەيلەن مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياش بىر ئادەمنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ ئىلتىماس قىلدى:

— ئاداش، تۆت تالدىن بېرىڭلار!

— ئالتە كوينى تاشلاڭلار، —ئۇ ئادەم شۇنداق دېگىنىچە يانچۇقىدىن بىر دورا بوتۇلكىسىنى ئېلىپ ھېلىقى ئۈچ ئادەمگە تۆت تالدىن ئاق دورىنى بەردى - دە، بوتۇلكىنى قايتا يانچۇقىغا ئېلىپ، ئالدىدىكى پۇلىنى يىغدى.

مەن ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىگە چۈشەنمەي، ھەيران قالدىم.

ھېلىقى ئۈچ ئادەم دورىنى ئىچىپ بولۇپ، ئارقا - ئارقىدىن قىزىق چاي ئىچىشكە باشلىدى. بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن، ئۇلار مەست ئادەمگە ئوخشاش لىڭشىپ قالايمىقان سۆزلەشكە باشلىدى. ئاۋاقراق بىرسى ساراڭ ئادەمگە ئوخشاش كۈلگىلى تۇردى.

مەن دورا ساتقان ئادەمگە قارىدىم. ئۇ ماڭا قاراپ كۆزىنى قىسىپ كۈلۈپ قويدى.

— ھەي ئادىشەي، يەنە ئىككىدىن بەرمەمسىلەر؟ — ھېلىقى كۈلگەك ئاۋاق دورا پۇرۇچنىڭ ئالدىغا ئۈچ سوم پۇلنى تاشلىدى. دورا پۇرۇچ پۇلنى يانچۇقىغا سالدىدە، ئۇلارغا يەنە ئىككى تالدىن دورىنى بەردى.

مەن بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ئولتۇرالماي قالدىم.

— ئاكا، نېمە دورا سېتىۋاتىسىز؟ — ئاخىرى مەن قارامىلىق قىلىپ سوراشقا مەجبۇر بولدۇم.

— ئادەمنى كەيىپ قىلدىغان دورا، ئۇكام، بىر نەچچىنى بېرەيمۇ؟

— ياق، ئۆزۈمچە سوراپ قويدۇم.

ھېلىقى ئاۋاق مەست بولدى بولغاي، كۆزلىرىنى ئاچالماي كۈلۈشكە باشلىدى، قالغان ئىككىسى ئورنىدىن تەستە تۇرۇشۇپ بىر - بىرىنى يۆلىشىپ كېتىپ قېلىشتى.

— ئاكا، دورىڭىزنى كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟

دورا پۇرۇچ دورىسىنى ماڭا تەڭلىدى. بوتۇلكىنىڭ ئىچىدە يەنە 10 نەچچە تال دورا قالغانىدى. دورىنىڭ ماركىسىغا «مېتاكۋالون تابلېتكىسى» دەپ يېزىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئاستىدا «شاڭخەي خۇاڭخې دەرياسى دورا ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى» دېگەندەك خەتلەر تۇراتتى. مەن ماركىغا بې-

سىلىغان چۈشەندۈرۈشنى ئوقۇپ چىقتىم. ئەسلىدە بۇ، نېرۋىسنى تىنىچلاندۇرۇپ، ئۇيقۇلى كەلتۈرىدىغان دورا ئىكەن،

— ئاكا، بۇ نېرۋىنى تىنىچلاندۇرىدىغان دورا ئىكەنغۇ، سىز بۇنى كەيىپ دورىسى دەيسىزا؟

— شۇنداق ئۇكا، بۇ ئەسلىدە سەن دېگەندەك دورا. لېكىن بۇ ھازىر كەيىپ دورىسىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇنى ھازىر نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ھاراقنىڭ ئورنىغا ئىچىدۇ، بەش - ئالتە تال يەپلا ئارقا - ئارقىدىن بىر نەچچە پىيالە قىزىق چاي ئىچىۋەتسە مەست ئادەمدەك كەيىپ بولىدۇ.

— بۇنداق قىلىپ جېنىنى قىيىنىغۇچە ھاراق ئىچسە بولمامدۇ؟

— بىزنىڭ بۇ يەردە خەقلەر ھاراقنى ئۆزىنى ئانچە ئۇرۇپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاراقنى ئىچمەكمۇ بەك تەس، قارىغاندا، ياقا يۇرتتىن كەلگەن ئوخشىمامسىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، مەن تاغ ئارقىسىدىن كەلدىم.

— مەن ئۇياقتا بېرىپ باقمىغان، ئاڭلىسام ئۇ بىر ئەزىز زېمىنمىش، قانداق، ئۇكام، ئوغۇل بالا دېگەن ھەممە ئىشنى قىلىپ بېقىش كېرەك، ئۈچ - تۆت تال يەپ باقامسىز؟

— رەھمەت، مەن بۇنداق دورىغا كۆنمىگەن ئىكەنمەن. دورىنى ھاراق ئورنىدا ئىستېمال قىلىشنى كىم ئىجاد قىلىۋىدىكىن؟

— بۇنىڭغا ئېنىق بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ، ئىشقىلىپ بۇ ئىشقا خېلى يىللار بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر نەچچە خىل دورا بار، ئۇ دورىلار بۇنىڭدىنمۇ ياخشى.

— سىز بۇ دورىلارنى قەيەردىن ئالىسىز؟

— بۇ دورىلارنى قەيەردىن ئەكىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ ئۇلار يەشىك - يەشىكلەپ مۇشۇ بازاردا پەيدا بولىدۇ. مەن ئۆزۈم بۇ دورىلارنى يېمەيمەن، لېكىن بۇنىڭ پۇلى ياخشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جاپاسى يوق. خېرىدارلار ئۆزى ئىزدەپ كېلىدۇ. شۇڭا مەن مەخسۇس مۇشۇ ئوقەت بىلەن شۇغۇللىنىمەن.

— مەن سىزنىڭ بۇ ئوقىتىڭىزغا قارشى ئاكا، سىزنىڭ قىلىۋاتقان ئوقىتىڭىز كىشىلەرنى كاردىن چىقىرىدۇ، ھەممىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ تەن ساغلاملىقىنى، ساپاسىنى ساقلاش مەسئۇلىيىتىمىز بار. مېنىڭچە، سىز بۇ ئوقەتنى تاشلاڭ، قىلىمەن دېسىڭىز ئوقەت ئازمۇ؟

— بۇ ئوقەتنى مەن قىلمىسام قىلىدىغانلار جىق، مېنىڭ قىلمىغانلىقىم بىلەن بۇ ئىش يوقىلىپ كەتمەيدۇ. پۇل تاپقىلى بولىدىغان بولسىلا، قاراڭ، ئۇكام، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن باشقا ئىشنى قىلىۋېرىمەن، سىز تېخى كىچىك، پۇلنىڭ قەدرىنى بىلمەيسىز ... - ئۇ ماڭا راسا تىكىلىپ قارىدى، - ماۋۇ يېتىم ساراڭمۇ نېمە؟ — دېدى ۋە ئورنىدىن دەس تۇردى - دە، نېرى كەتتى.

مەن غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدۇم. مۇشۇنداق ياخشى گۆشگىردە بار يەردە نېمە ئۈچۈن ئادەمنىڭ ئەقلىنى تۇتۇپتىن يوقىتىدىغان مۇشۇنداق ئىشلار بولىدۇ؟

تۇرمۇش ھەققەتەن مۇرەككەپ، كىشىلىك ھايات يولىمۇ ئەگرى - توقاي ئىكەن،

ھەممىمىزنىڭ جەمئىيەت ئالدىدا تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىمىز بار، مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا بىزنىڭ تىرىشچانلىقىمىز چوڭ - كىچىك بولسۇن، ئۇ ھامان بىزنىڭ پاكلىقىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. تۇرمۇش ھەقىقەتەن مۇرەككەپ نەرسە.

## 5

يېزىدا بىر ئولتۇرۇشقا داخىل بولۇپ قالدىم. كەيپىياتىمىز يۇقىرى دولقۇنغا ئۆرلىگەندە، 20 ياشتىن ئاشقان بىر يىگىت ئالدىمغا كېلىپ، مەن بىلەن كۆرۈشتى:

— ياخشىمۇسىز ئاكا، ئاڭلىسام شىمالدىن كېلىپ قاپسىز، شۇنداقمۇ؟ — ئۇ تارتىنغاندەك قىلسىمۇ لېكىن ئاۋازى جاراڭلىق ئىدى

— شۇنداق، شىمالدىن كەلدىم، قېنى ئولتۇرۇڭ، ئۇكا! — ئۇ مېنىڭ قېشىمدا ئولتۇردى. ئۇنىڭ چىرايىدىن خۇشاللىق نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى.

— ئاڭلىسام شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئېرىقلىرىدىمۇ ماي ئاققۇدەك، ئاشۇ شەھەرگە بېرىپ جېنىمنى جان ئېتەي دەيمەن، ماڭا ئوخشاش ئادەملەر شىمالغا بارسا جان باقالارمۇ؟

— ئەلۋەتتە جان باقالايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز دېگەن ئەردە، ئىككى بىلىكىڭىز بار، نېمە ئۈچۈن جان باقالمايتتىڭىز؟

— ئانام ئايالىڭنى قويۇۋەت دەپ خاپا سېلىۋاتىدۇ، مەن قويۇۋەتمەيمەن دەپ ئۆز گېپىمدە چىڭ تۇرۇۋاتىمەن. مەن ئۇنى خىللاپ ئالغان، ئۇ ماڭا 17 ياش ۋاقتىدا تەگكەن، مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايمەن. لېكىن ئانام ھەر كۈنى بېشىمنى ئاغرىتىۋاتىدۇ. نېمە ئۈچۈن قويۇۋېتىمەن دېسەم، ياسەۋەبنى دېمەيدۇ، ئانامنىڭ كۆڭلىگە كىرىپ چىقسام، ئايالىڭ تۇغمىدى دەيدىكەن. مەنچە بۇ چوڭ ئىش ئەمەس، بالا بېقىۋالساق بولىدىغۇ؟ شۇڭا مەن ئايالىمنى ئېلىپلا شىمالغا كېتەيمىكىن، دەيمەن. ئايالىم ئىككىمىز خالۋاپلىق قىلىمىز. مەن يەتتە يېشىمدىن باشلاپ گىلەمچىلىككە شاگىرت كىرگەن، ئىران نۇسخا، ئەدىيال نۇسخا، ئالبان، ئانارگۈل نۇسخىلىق گىلەملەرنى خېلى ياخشى توقۇيمەن، ئايالىممۇ توققۇز ياشتا گىلەمچىلىككە شاگىرت كىرگەنىكەن، ئۇنىڭ قولىمۇ گۈل، قىيىنچىلىقتىن قورقمايمىز. شىمالدا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يوق ئادەملەر ئاسانلىقچە ماكانلىشالمايدۇ دەيدىكەن، ئۇلارغا خەقلەرمۇ ئىشەنمەسمىش، بېرىپ قالسام، ياردەم قىلارسىزمۇ؟

— بېرىڭ، مەن سىزگە ياردەم قىلاي! مەيلى قەيەردە بولسۇن، ھەممە ئادەم ئۆز رىسقىنى يەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنىڭ گۈلدەك ھۈنىرىڭىز بار ئىكەن، سىزمۇ خەقلەرگە ئوخشاش ياخشى تۇرمۇش كەچۈرەلەيسىز. خۇدا بۇيرۇسا بېرىڭ، ياردىمىمنى ئايىمايمەن.

ئۇ ماڭا ئارقا - ئارقىدىن رەھمەت ئېيتىپ، چوقۇم شىمالغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ يىگىتنىڭ گەپ - سۆزلىرى ماڭا مۇنداق بىر ئەقىل ئاتا قىلدى: جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭ، يەر ئەرگە موھتاج، ئەمگەكنى سۆيگەن ئەر ھەر قانداق يەردە خار بولمايدۇ.

بىز بىردەر مەسىلىنى ۋاستە قىلىپ ساياھەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. ساياھەت بىزنىڭ نەزەر دائىرىمىزنى ئاچىدۇ، بىزگە يېڭى تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى ئاتا قىلىدۇ.

## 6

بىر كۈنى بېكەتتە ئاپتوبۇس كۈتۈۋېتىپ، بىر يىگىت بىلەن بىر قىزنىڭ مۇلۇ

سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم:
— قانچە ياشقا كىردىڭىز؟ — سورىدى
يىگىت.
— سىز تېخىچە خېلى ئىشلاردىن سا-
ۋاتسىز ئوخشىمامسىز، قىز بالىنىڭ يېشىنى
سورىسا بولمايدۇ، بۇ، خۇددى ئوغۇل بالىدىن
قانچە پۇلىڭىز بار دەپ سورىغىلى بولمىغان-
دەك ئىش.
مەن چاندۇرماي ھېلىقى يىگىتنىڭ
چىرايىغا قارىدىم، ئۇ بەكمۇ ئوڭايسىزلىنىپ
كەتكەنىدى.
بىز ئەتراپىمىزدىكى بارلىق نەرسىلەر-
گە دىققەت قىلساق ھەر كۈنى دېگۈدەك
خۇش خۇي ئۆتەلەيمىز. بۇمۇ تۇرمۇشنىڭ
بىر قىزىقى.
ھېلىقى قىزنىڭ گېپى ناھايىتى دۇ-
رۇس ئىدى. پەرىگە ئوخشاش ھۆسن -
جامالىغا تولغان ئايدەك بىر قىز ئالدىڭىزدا
ناز - كەرەشمە قىلىپ تۇرغاندا ئۇنىڭ يې-
شىنى سورۇشتە قىلىپ نېمە قىلىسەن؟ بە-
زىلەر: بىر كىلوگرام گۆش ئون سومغا
چىققان دەۋردە قىز - يىگىت ئارىسىدا مۇھەب-
بەت مەۋجۇت بولمايدۇ، دەپ بەكمۇ دانىش-
مەن بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ بۇ
قارىشىنى قوبۇل قىلالمايمەن. مېنىڭچە، بىر
كىلوگرام گۆش 10 سوم تۇرماق، 100
سومغا چىققان ھالەتتىمۇ، ئىنسانلارنىڭ
مۇھەببىتى ئۆز تەپتىنى يوقاتمايدۇ.

7

جەنۇپتا ئۆتكەن كۈنلەر مەن ئۈچۈن
بەكمۇ يېڭى تۇيۇلدى. يېزىدا مەن مۇن-
داق بىر ئولتۇرۇشقا داخىل بولۇپ قالدىم.
بۇ ئولتۇرۇش مېنى نۇرغۇن ئويغا سالدى.

ئولتۇرۇشقا يېزىنىڭ كاتتىباشلىرىمۇ
قاتناشقانىدى. باشلىقلار تۆردىن ئورۇن ئال-
دى، كۆزىنى بۇ باشلىقلاردىن يۆتكىمەي
«خوش، خوش» دەپ تۇرىدىغان خۇشامەت-
چىلەر ئۇلارنىڭ قېشىدىن ئورۇن ئالدى.
مېھمان بولغانلىقىم ئۈچۈن ماڭىمۇ يېزا باش-
لىقلىرىدىن بىرىنىڭ يېنىدىن ئورۇن تې-
گىپ قالدى. چايدىن كېيىن، بىز ھاراق
ئىچىشكە باشلىدۇق. پەگادا كۆتەكتەك توت
يىگىت قول باغلاپ بىزگە قاراپ تۇراتتى.
بىر نەچچە بوتۇلكا ئىچىلگەندىن كېيىن،
يېزا باشلىقى بىردىنلا ئولتۇرۇشنىڭ مەر-
كىزى بولۇپ قالدى. ھەممە ئادەم شاڭجاڭ،
شاڭجاڭ دەپ چۇقان سالاتتى. كۈتكۈچى
يىگىت تونۇر كاۋىپىنى ئەكىرىپ شاڭجاڭ-
نىڭ ئالدىغا قويدى:
— ئالسىلا شاڭجاڭ، پاقلاننىڭ گۆشى
ئىدى ... — كۈتكۈچى يىگىتنىڭ ئاۋازى بەك-
مۇ بىچارە ئىدى. مەن بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ،
كىنولاردىكى قەرزدارلارنى كۆز ئالدىمغا
كەلتۈردۈم. شاڭجاڭ داستىخاندىكى چىراي-
لىق پىچىقنى ئېلىپ كاۋاپقا تەگدى، قال-
غانلار قول ئۇزاتماستىن جىم-جىت
تۇرۇشاتتى.
شاڭجاڭ بىر كەمدە پىچاقنى ماڭا
تەڭلىدى:
— قېنى ئۇكام، بۈگۈنكى كاۋاپ خې-
لى ئوخشاپتۇ! — مەن شاڭجاڭنىڭ قولىدىن
ھۆرمەت بىلەن پىچاقنى ئالدىم. ئۇ ناھايى-
تى سېمىز، قاپىقىنى ئاچماي ئولتۇرىدىغان
مەخلۇق ئىدى. پۈتۈن ئولتۇرۇش ناھايىتى
جىمجىتلىق ئىچىدە داۋاملىشىۋاتاتتى، چاق-
چاق دېگەن نەرسىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى.
ھەممە ئادەم شاڭجاڭغا قاراپ ئولتۇراتتى.
— ھەي شوۋىچىلار! — شاڭجاڭ قىزىپ

قالدى بولغاي، ئالدىدا قاراپ تۇرغان ھې-
لىقى تۆت يىگىتكە قاراپ ۋارقىرىدى،—
قىزىل ھاراق تۈگىدى، پىۋىمۇ تۈگىدى،
ئەكىلىشمەمسەن ھوي مەدەك ئوغرىلىرى!

قاتار تۇرغان يىگىتلەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىر - بىرىنى قوغلىشىپ قورۇغا چىقىپ موتسىكلىتلىرىنى مىنىشىپ چىپىشىپ چىقىپ كېتىشتى. ئەسلىدە شاڭجاڭ ئاق ھاراق ئىچمەيدىكەن. يىگىتلەر ئۇزۇن ئۆتمەيلا قىزىل ھاراق بىلەن بىر نەچچە يەشىك پىۋا ئېلىپ كەلدى. ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئاشقانىدى، مۇشۇ ۋاقىتقىچە، بۇ تۆت يىگىتكە بىرەر رومكىمۇ ھاراق بېرىپ قويىدىغان ئادەم چىقمىغانىدى.

مەن قاتتىق ئويغا چۆمدۇم، نېمە دېگەن ئىچىنىشلىق ئەھۋال - ھە، كۆندۈزى ئاڭجاڭ، شاڭجاڭ دەپ ئۆتۈك، ئاخشىمىمۇ خوش - خوش دەپ تۇرسا، بۇ نېمىدېگەن ئازاب!

— شاڭجاڭ ئاكا، ئاۋۇ يىگىتلەرگىمۇ ئازراق ھاراق بېرىپ قويساق بوپتىكەن!— ئاخىرى مەن ھېسسىياتىمنى باسالمىدىم.

— بۇ سويىملار بوگۈن ئىچمىسىمۇ بولۋېرىدۇ، ئۇلارنىڭ بوگۈنكى ۋەزىپىسى بىزگە ھاراق قويۇش!— شاڭجاڭنىڭ تەلەپپۇزى ناھايىتى كەسكىنىدى.

جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى مۇتلەق باراۋەرلىككە يول قويمايدۇ، بۇ بىز ئۈچۈن ئەقەللىي ساۋات، ئەلۋەتتە. لېكىن مۇشۇ ئولتۇرۇشتىكى كونكرېت ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن، مۇشۇ شاڭجاڭ يۈرىكىنى تۇتۇپ باقسا بولىدۇ.

بىز قورسىقىمىزنى تويدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بىلىم ئىگىلەشكە ئاتلىنىشىمىز كېرەك، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى، ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. ئۆزىمىزنىڭ غورۇرىنى ئۆزىمىز تىكلىشىمىز كېرەك. بىزدە، ئالىملارچە ياسىنىۋېلىپ، تېخىچە ئېتىنى يازالمايدىغان ئادەملەرمۇ كۆپ. ئۇۋۋەتتە بىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى توكلاتقۇ قاتارلىقلار ئەمەس، بەلكى ساۋات چىقىرىش.

شامالغا كەتمەسلىك ئۈچۈن، ئادەم بىلىم بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرۇشى كېرەك.

مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەن يەنە مۇنداق بىر پىشمىغان ئاددىي قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچى، بۇ بولسىمۇ، مەن ئىنسانلارنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىگە تولۇق يېتىشنى ئۈمىد قىلمايمەن، مۇنداق بولمايدىكەن، ھايات بىز ئۈچۈن ئانچە مۇڭلۇق تۇيۇلمايدۇ.

8

مەيلى چاكىنا ئادەملەر بولسۇن ياكى ئۇلۇغ ئەربابلار بولسۇن ھەممىسى يەنىلا ئادەم. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا بەزى ئادەملەر ياشاۋاتقان مۇھىتنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئاتالمىش ئۆزىنىڭ يېڭى بايقاشلىرى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن پەسكەش مەقسەتلىك پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغىنىدا، كۆپىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتقاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىدۇ. بۇ بولسا تارىخنىڭ ئىسپاتىدىن ئۆتكەن يەكۈن، كەلگۈسىدىمۇ تارىخ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

مەن ئۆتكەن گۈزەل كۈنلەرنى ئارمان قىلمايمەن، كەلگۈسىدىكى گۈزەللىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن.

جەنۇبتىكى سەپىرىم ئاياغلىشاي دەپ قالغاندا، مەن بىر قېتىملىق ئائىلە يىغىلىش-

ھا قاتنىشىپ قالدىم.

تاماقتىن ئىلگىرى، بۇ ئائىلىنىڭ ئايال خوجايىنى ماڭا ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى:

— خۇداغا شۈكرى، كۆڭلىمىز يامان ئەمەس، ماۋۇ مېنىڭ ئۈچىنچى قىزىم. بۇ يىل 17 ياشقا كىردى، مۇشۇنىڭ بىلەن ئۈچ ئەرگە تەگدى. يېقىندا قېيىن ئانىسى ئۇرۇپتىكەن، يامانلاپ كەپتۇ، ئۇنى يەنە ئاجراشتۇرۇۋالاي دەيمەن.

— قىزىڭىز يولدىشى بىلەن ئەپ ئەمەسكەن ـ دە؟

— ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ ياخشى، لېكىن قېيىن ئانىسى قىزىمغا كۈن بەرمەيدۇ.

— كۈيئوغلىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— قاسساپلىق قىلىدۇ.

— قازىنىڭلارنى ئايرىۋالساڭلار بولمامدۇ؟ — مەن قىزغا قارىدىم.

— قېيىن ئانام ئۇنىمايدۇ.

— ئەمىسە سىز يولدىشىڭىز بىلەن ئاجرىشىپ كېتىشكە رازىمۇ؟

— ياق، مەن ئۇنىڭ بىلەن ياخشى!

— ئۇنداق بولسا ئۆيۈڭلارنى ئايرىۋالساڭلار بوپتىكەن. قارىغاندا، سىز تېخى ئەمدى 17 ياشقا كىرىپسىز، ئۈچ ئەرگە تېگىپ بولۇپسىز، بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋال ئەمەسمۇ؟ ئەسلىدە سىزدەك قىزلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ۋاقتى! ئوقۇمىغان ھالەتتىمۇ 17 ياش دېگەن توي قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس! مېنىڭچە سىز يولدىشىڭىزدىن ئاجرىشىمەن دېمەي، ئۆي ئايرىپ چىقىپ كېتىڭلار. ئەگەر قېيىن ئانىڭىز يەنە سىزنى ئۇرسا، سوتقا ئەرز قىلىڭ. راست، قېيىن ئانىڭىزنىڭ سىزنى ئۇرىدىغان نېمە ھەققى بار؟!

— مېنى ھوررۇن دەپ ياراتمايدۇ! لېكىن مەن ئەمەلىيەتتە ئەتىدىن كەچكىچە ئۆينىڭ ئىشىدىن بىكار بولالمايمەن، ئۆينىڭ تامىقىنى ئېتىمەن، كىر ـ قاتلىرىنى يۇيىمەن. قېيىن ئانام يەنە رازى بولمايدۇ. مېنى يېرىم كېچىگىچە گىلەم توقۇغىلى سالىدۇ. بەزىدە گىلەمگە يۆگىنىپ ئۇخلاپ قالىمەن، مۇنداق ۋاقىتلاردا قېيىن ئانام مېنى نوغۇچ بىلەن ئۇرۇپ كېتىدۇ...



ئۇ يىغلىۋەتتى، كۆز يېشى ئۇنىڭ بالدۇرلا نۇرلىرى كەتكەن يۈزلىرىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ ئۆيىدىمۇ بولۇكدا قورۇنۇپ ئولتۇرۇپ، ئانىسى قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغان بىرچىنە پولۇنى ئېلىپ، ئوڭ قولىدا ياغاچ قوشۇقنى تۇتقان پېتى كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن ھەدەپ كۆز يېشىنى ئېرتاتتى....

بۇ دۇنيانىڭ تراگېدىيىسى شۇ يەر-

دىكى، مۇنداق قېيىن ئانىلار ۋە قېيىن ئانىلارغا ئوخشاش كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كېلىن بولغان دەۋرىدىكى تارتقان ئازابىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ شادلىقىنى باشقىلارنىڭ ئازابىنىڭ ئاساسىغا قۇرىدۇ.

بۇ يەردە پەقەت بىرلا يول بار، قورساق تويغاندىن كېيىن، بىلىم ئېگىلەشكە ئاتلىنىش كېرەك. بىلىم. ئۆچمەس چىراغ.

9

مۇشۇنداق ئازابلار «ئاتا قالغان» كەيپىياتلارنىڭ بارا - بارا غايىب بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئۆزۈمنىڭ خېلى بەختلىك ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلغىلى تۇردۇم. مەن جەنۇبتىكى ساياھىتىمنى ئاياغلاشتۇردۇم. مانا ئەتە قايتماقچىمەن. ئاخىرقى كۈنى بازارنى راسا ياخشى كۆرۈۋالاي دەپ كوچىدا كېتىۋاتقىنىمدا، بەختىمگە يارىشا مۇنداق بىر قوشۇنغا قوشۇلۇپ قالدىم.

ئۇلار 30—40 ياشلار ئەتراپىدىكى ياشلار ئىدى، ئەسلىدە ئۇلار مۇشۇ شەھەرنىڭ مائارىپچىلىرى ئىكەن. بۈگۈن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دەم ئېلىشقا چىققان ئۇستازىنى يوقلىغىلى كېتىۋاتقانىكەن.

— بىز دائىم سىزنى ياد ئېتىپ تۇرىمىز مۇئەللىم، سىز بىزنى بىلىملىك ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ قاتارغا قوشتىڭىز، — ئۇن نەچچە مۇئەللىمگە باش بولغان بۇرۇتلۇق بىر مۇئەللىم سەممىيلىك بىلەن گېپىنى باشلىدى، — 40 يىلدىن بېرى سىز نۇرغۇن نوتىلارنى يېتىشتۈردىڭىز، ھازىر دەم ئېلىشقا چىققان بولسىڭىزمۇ شەھىرىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ ئەقىل كۆرسىتىپ كېلىۋاتىسىز. سىز بىزنىڭ قەلبىمىزدىكى ئۆچمەس چىراغ، سىز ئۆزىڭىزنىڭ بارلىقىنى مىللەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلىدىڭىز، بۇنى پۈتۈن شەھەر خەلقى بىلىدۇ. ئۆتكەن يىلى ئاچىمىز ئالەمدىن ئۆتتى، بۇنىڭغا بىز بەكمۇ قايغۇردۇق، جاھان دېگەن شۇنداق ئىكەن، بىر كېلىپ بىر كېتىمىز! ھازىر شەھىرىمىزدە سىزنىڭ قولىڭىزدا ئوقۇپ چىقىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان قىز - ئوغۇل شاگىرتلىرىڭىزدىن بولۇپ 114 كىشى بار ئىكەنمىز، ئوقوغۇچىلىرىڭىز ئۆيىڭىزنىڭ كونىراپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەر بىرىمىز 100 سومدىن پۇل چىقىرىشىپ، سىزنى ئۆيلىرىنى رېمونت قىلىۋالسۇن دېگەن پىكىرگە كېلىپ، بىزنى ۋەكىل قىلىپ سىزگە ئەۋەتتى. شۇڭا بىز سىزنىڭ بۇ پۇلنى قوبۇل قىلىشىڭىزنى چىن يۈرىكىمىز بىلەن ئۈمىد قىلىمىز. بىز سىزنى چىن دىلىمىز بىلەن سۆيىمىز. ھەممىمىز سىزنىڭ سالامەت بولۇشىڭىزنى تىلەيمىز، بىز سىزنىڭ بىزگە دائىم دەيدىغان: «ئوقۇتقۇچىلىق — يۈكسەك كەسىپ» دېگەن گېپىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمىدۇق، بىز سىز بىلەن پەخىرلىنىمىز ...

ئاق چاچلىق مۇئەللىم ئورنىدىن ئاستا تۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مۇھەببەت نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى بۇ بۇرۇتلۇق ئوقۇغۇچىسىنى باغرىغا باستى.

بىز دائىم ئۆزىمىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنى ئىزھار قىلىمىز، ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۆزىمىزنى سۆيگەنلىكىمىز.

10

مەن جەنۇبتىكى ساياھەت ئارقىلىق كىتابتا يوق نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم.

كىشىلەرنى چۈشەندىم. تۇرمۇشنى تېخىمۇ چۈشەندىم. ئوقۇتقۇچىلىق قۇياش ئاستىدىكى ئەڭ گۈزەل كەسىپ. كۆڭۈلەر كۈلكە، چاقچاقلا جور بولۇپلا ئەمەس، ئوي-پىكىرلەر بىلەنمۇ بەنت بولۇپ ئۆتتى. مېنىڭ بىر شوپۇر ئاغىنەم مېنى خاڭغا ئەپچىقتى. شەھەردىن قىرىق كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بۇ خاڭ، بىر كەنتنىڭ ئايىغىغا ئورۇنلاشقانىدى. بىز خاڭغا بېرىپلا كۆمۈر قاچىلىدۇق. ئاندىن كېيىن كەنتنىڭ ئىچىدىكى ئاشخانىغا كېلىپ تاماق يېدۇق.

— كۆمۈرنى بېسىۋالدۇق، ئەمدى ئالدىراش يوق، بىر نەچچە سائەت ئولتۇرساقمۇ بولىدۇ، ئازراق ئىچىۋالامسەن؟ — دېدى شوپۇر ئاغىنەم.

— يالغۇز قانداق ئىچىمەن؟ — ئېغىزىمدا بۇنداق دېگىنىم بىلەن، كۆڭلۈمدە ئوتتەك ئىچكۈم بار ئىدى.

— مەن ماشىنا ھەيدەيمەن ئەمەسمۇ، سەن ئىچكىن!

ئاغىنەم ئاشخانىنىڭ قېشىدىكى ماگىزىنىدىن بىر بوتۇلكا ھاراق ئەكىردى. تاماقتىن كېيىن، مەن يالغۇز ئىچىشكە باشلىدىم.

— ئاداش، ئادەم يالغۇز ھاراق ئىچسە ھارام تاياق يېگەندەك بولۇپ قالىدىكەن جۇما، — دېدىم مەن.

ئاغىنەم كۈلۈپ كەتتى.

— بايامقى خاڭنى خېلى ياخشى كۆرگەنسەن. ئەسلى ئۇ خاڭنىڭ ھوقۇقى مۇشۇ كەنتتە، لېكىن ئىككى يىلدىن بېرى بۇ خاڭنى ئاچىدىغان ئوغۇل بالا چىقمىدى. كەنتنىڭ يىگىتلىرى خاڭدا ئىشلەشنى ئېغىر كۆرىدۇ، ئامال بولمىغاندىن كېيىن، كەنت بۇ خاڭنى ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىگە 10 يىللىق كۆتۈرە بەردى، پايدىنىڭ 40 پىرسەنتىنى كەنت، 60 پىرسەنتىنى ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئالىدۇ. ھازىر ئىشچىلارنىڭ ئايلىقى ئوتتۇرا ھېسابتا 500 يۈەندىن چۈشىدۇ، بۇ ئەلۋەتتە ئاز پۇل ئەمەس، لېكىن كەنتتىكى يىگىتلەر ھۇرۇن، خاڭنىڭ ئىشىنى ئېغىر كۆرۈپ ئىشلىمەيدۇ، بىليارت ئويناش بىلەن كۈننى كەچ قىلىدۇ. بۇ، كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان ئەھۋال ئەمەسمۇ؟

ئاغىنەمنىڭ كەسپى شوپۇر بولسىمۇ، دائىم دېگۈدەك مۇشۇنداق ئۆزىدىن ھالقىپ كەتكەن پىكىرلەرنى قىلاتتى. بىز يولغا چىقتۇق.

مەن ئاغىنەم ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىۋاتاتتىم. شۇنداق، ئادەم ئۆمرىنى مەنىلىك ۋە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئەمگەك قىلىشى ۋە تەر ئاققۇزۇشى كېرەك، بايلىق يارىتىشى كېرەك، چۈنكى بۈگۈنكى دەۋردە رىۋايەتكە تايىنىپ جان باققىلى بولمايدۇ.

## 11

مەن مۇئاشنى ئالغان كۈنۈم كوفىيخانىغا كىرىپ كۆڭۈل ئېچىشنى ياخشى كۆرىمەن، چۈنكى بۇمۇ تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمى؛ ھاياتنىڭ بىر لەززىتى. مانا مۇشۇنداق لەززەت تۇغدۇرىدىغان پۇرسەت كەلگەن كۈنى مەن خىزمەتداشلىرىم بىلەن كوفىيخانىغا كىردىم.

بىز ئولتۇرۇشىمىزنى باشلىدۇق، ئاغىنىلەرنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، قېشىمىزدىكى جوزىدا ئولتۇرغان بىر يىگىت پۇرژىنىغا ئوخشاش سوزۇلۇپ قوپۇپ مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ھەي ئاداش، مەن سىنى تونۇۋاتىمەن، راستلا تونۇۋاتىمەن جۇمۇ، سەن مۇئەللىملىك قىلاتتىڭ ئەمەسمۇ؟ ھە، بولدى، سەن مۇئەللىم! سەن باشقىلارنى تەربىيىلەيدىغان ئادەمغۇ، بۇنداق ئادەممۇ مۇشۇنداق يەرگە كىرىدىكەن - ھە؟ كوفىيخانا دېگەن، قارا، بىزگە ئوخشاش ئۆلۈم خېتىنىمۇ ئوقۇيالمايدىغان ئادەملەر كىرىدىغان يەر! — ئۇنىڭ پەيلى ناھايىتى يامانىدى. ئەپسۇسكى، مەن ئۇنى تونۇمايتتىم، كەيپىياتنى بوشىتىش ئۈچۈن مەن ئۇنىڭغا بىر تال تاماكا تەڭلىدىم.

— ياخشى، زىيالىيلارنىڭ تاماكىسىنىمۇ چېكىپ قوياي. لېكىن ئاداش قارا، مەن ساڭا يۈرىكىمدىكى پاراڭنى قىلسام، شاڭيەن چەككەن ئادەم بىلەن تازا خوشام يوق، ماۋۇ تاماكاڭنى يۈزۈڭنى دەپ ئېلىپ قويدۇم. باشقا بىر ئادەم تۇتقان بولسا ئىش باشقىچە بولاتتى! — ئۇ تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ بولۇپ، ماڭا تىكىلىپ قارىدى، — سەن بەلكىم مېنى تونۇمايۋاتىسەن، ئاداش، لېكىن مەن سېنى تونۇيمەن، سەن بىر زىيالىي. قېنى ئېيتىپباقە، ھەممە ئادەم بەخت، بەخت دېيدۇ، بەخت دېگەن زادى نېمە؟

مەن ئۇنىڭغا دەرھال جاۋاب بەرمەدىم، تاماكا تۇتاشتۇرغان بولۇپ، باشقىلارنىڭ گەپنى بۇرىۋېتىشىنى كۈتۈپ تۇراتتىم.

ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرغان خىزمەتدىشىم «بۇ ھارامزادىنى قوغلىۋېتەيلىمۇ». دېگەن مەنىدە ماڭا شەرەت قىلدى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ قوشۇمامنى تۈرۈپ قويدۇم.

— قېنى، بىرنېمە دېمەمسەن، زىيالىي ئاداش، بەخت دېگەن زادى نېمە؟ — ئۇ ۋارقىرىۋەتتى.

— بۇ مەسىلىنى ئېنىقراق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن سىزگە بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي دېدىم مەن چىشىمنى چىشلەپ تۇرۇپ.

— ھە، مۇنداق گەپنى قىلغىن!

مەن ھېكايەمنى باشلىدىم:

— زاماننىڭ زامانىسىدا بىر باي ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ كۆڭلى ئويۇن - تاماشا بىلەن ئۆتىدىكەن. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەنە بەختكە ئېرىشەلمىدىم دەپ قايغۇرۇپ يۈرۈدىكەن. بىر كۈنى ئۇ: «دبوستانلىق» دېگەن يەردە بىر دانىشمەن بوۋاي بار ئىكەن، ئۇ ئالەمدىكى ھەممە ئىشلارنى بىلىدىكەن» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇ دانىشمەن بوۋاينى ئىزدەپ تېپىپ، «بەخت دېگەن نېمە؟» دەپ سوئال قويۇپتۇ، «بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ئاسان، لېكىن بۇ ئېنىق بولۇش ئۈچۈن ئاۋۋال مەن دېگەننى قىلىشىڭىز كېرەك» دەپتۇ دانىشمەن بوۋاي. باي بۇنىڭغا كۆنۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دانىشمەن بوۋاي باينى قوشقا قوشۇپ يەر ھەيدىگىلى سېپتۇ. كۈن پاتقاندا دانىشمەن بوۋاي باينى ئۆيىگە ئەكىلىپ، قورسقىنى راسا تويدۇرۇپ سالقىن يەرگە ياتقۇزۇپ: «ھېسسىياتىڭىز قانداقراق بولۇۋاتىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. «رەھمەت سىزگە دانىشمەن بوۋاي، ئۆزۈمنىدىن بېرى مۇشۇنچىلىك ھاردۇقۇم چىقمىغانىدى. مانا مۇشۇ دەقىقىدە ئۆزۈمنى بەكمۇ بەختلىك ھېس قىلىۋاتىمەن» دەپتۇ...

مېنىڭ گېپىم ئاياغلىشىشى بىلەنلا، ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى مېنى خاتىرجەم قىلدى.

— يارايسەن ئاداش، زىيالىي دېگەن مىلىك قىلمىسا زىيالىيىدە! مۇنداقلا قارىسىغۇ

تازا بىر گىرىدەك كۆرۈنسەن، شۇڭا مەن سېنى بايام ئازراق «چېكىپ» قويغانىدىم. تۇرمۇش دېگەن مۇشۇنداق نەرسە، ئاداش بەخت دېسە دۇرغۇنلىغان ئادەم ئۇنى ئاجايىپ بىر نېمە دەپ بىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداقمۇ ئەمەس، بىز ھازىر مانا بۇ يەردە ناھايىتى ئوبدان كۆڭۈل ئېچىپ ئولتۇرۇۋاتىمىز. بەخت دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ؟ سەن دېگەن ھېلىقى باي ئەمەلىيەتتە كۈندە بەختنىڭ ئىچىدە ياشايدىكەن، لېكىن بەخت ئىزدەيمەن دەپ، ئىشەك ئورنىدا ئىشلىگەندىن كېيىن ئاندىن بەختنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ، شۇنداقمۇ؟ بىز نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى ئۆزىمىز مۇرەككەپلەشتۇرۇۋالىمىز، قېشىمىزدا تۇرغان نەرسىلەرنى كۆرەلمەيمىز! قىسقىسى، تازا ياخشى مىسال كەلتۈردۈڭ، مەن بىر خىزمەت قىلاي ئاداش! — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كۈتكۈچى قىزنى چاقىردى.

— رەھمەت، ئۇنداق قىلماڭ، سەت بولىدۇ.

— قويۇۋەت، گىرى دەپ مۇشۇنداقلارنى دەيمىز! — دېدى قېشىمدا ئولتۇرغان خىزمەتدىشىم.

كۈتكۈچى قىز 10 بوتۇلكا پىۋا كەلتۈردى.

— ئەمىسە كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇڭلار، ئاغىنىلىرىم قاراپ قالدى، مەن ئاۋۇ جوزىغا باراي!

مەن ئۇنىڭغا بىر رومكا ھاراق سۇندۇم.

— ياشاپ كەت، سېنىڭ قولۇڭدىن بىر رومكا ئىچىپ قوياي! ئەمىسە سالامەت بولۇڭلار! — ئۇ رومكىنى كۆتۈرۈۋېتىپ بىز بىلەن خوشلىشىپ ئاغىنىلىرىنىڭ قېشىغا كەتتى.

خىزمەتداشلىرىم بەس - بەستە ئۇنىڭغا باھا بەرگىلى تۇردى. شۇنداق، ھايات كەچۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىش ئاسان ئىش ئەمەس. ئەگەر باشتا مەنمۇ ئۇنىڭغا قوپاللىق قىلغان بولسام، بەلكىم بىز ھازىر سوقۇشۇۋاتقان بولاتتۇق. تۇرمۇشتا قوپال كىشىلەرگە سىلىق مۇئامىلە قىلىش كېرەك ئىكەن، مۇشۇنداق قىلغاندا ئادەم ئەقىل تاپىدىكەن.

تۇرمۇشتا بىز ياخشى ئادەملىنىمۇ ئايرىلالمايمىز، يامان ئادەملىنىمۇ ئايرىلالمايمىز. مانا بۇ بىزنىڭ ئەمەلىيىتىمىز. قالاقلىقنى مەدەنىيەت بىلەن يۇيۇش — بۇ بىزنىڭ مەقسىتىمىز. بىز يەنە ئەمەلىيەتچانلىقراق بولۇشىمىز كېرەك، بۇنىڭ بىزگە پايدىسى جىق. بىز ھەممىمىز يىللار بىزنى ئۆز باغرىغا ئالىدۇ دېگەن ئۈمىدتە ياشايمىز.

12

شەنبە ئۆزىنىڭ مېھرى، شەپقىتىنى ھەممە ئادەمگە تەڭ چاچمايدىكەن. شەنبە كۈنى ئىككى سائەتلىك دەرسىمنى ئۆتۈپ بولۇپ، بازارغا سودىغا چىقتىم. كەچتە ئايالىم ناھايىتى ئوخشىتىپ لەغمەن ئەتتى. مەن ئۇنىڭدىن ئوغرىلىقچە ئۈچ رومكا ئىچىۋالدىم. ئاندىن تېلېۋىزور كۆرۈشكە باشلىدىم.

مەن تېلېۋىزورغا ناھايىتى بېرىلىپ ئولتۇراتتىم، ئۆيگە بىرسى كىرگەندەك قىلىپ قالدى، قارىسام قوشنىمىز پىلورەم ھەدە ئىكەن:

— ئاۋارە قىلىپ قويىدىغان بولدۇم

ئۇكام، ئاكىڭىز كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكەنىدى، چـوڭ ئوغلۇمـمۇ ناھىيىگە چىقىپ كەتتى، داشۆدە ئوقۇۋاتقان قىزىمىزدىن خەت كەپتىكەن، خـاپا بولـماي ئوقۇپ بەرسىڭىز ئۇكـام، ئۇنىڭدىن خەت كەلـمىگىلى خېلى بولغان،ــ پىلورەم ھەدەم ماڭاخەتنىتەڭلىدى.

مەن خەتنى ئوقۇشقا باشلىدىم.

«...قەدىرلىك دادا، ئاپا، ئەھۋالىڭلار ياخشىمۇ، سالامەت تۇرۇۋاتامسىلەر، ئىنى ۋە سىڭىللىرىمنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ يېقىندا ئۆگىنىشىمىز بەك جىددىي بولۇپ كەتكەنلىكتىن، سىلەرگە ۋاقتىدا خەت يازالمىدىم، خاپا بولمايسىلەر.

سىلەرنىڭ ماڭا يازغان خېتىڭلاردىكى مەسىلـىگە كەلسەم، ئالدى بىلەن، ئىنىمنىڭ كەسىپ ئالماشتۇرماقچى بولغانلىقىغا قوشۇلمايمەن. كـۆز ئالدىدىكى ئازراق مەنپەئەتنى دەپ كەسىپنى تاشلىۋەتمىسۇن، كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالىدۇ. مەن ئىنىمنى ياخشى چۈشىنىمەن. ئۇنىڭ ئىقتىدارى مائارىپ ساھەسىدە كۆرۈنۈۋاتىدۇ، ئۇ مائارىپ خىزمىتىنى قىزغىن سۆيىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جەھەتتە ئۆزىنىڭ بەزى ئوي ـ پىكىرلىرىمۇ بـار، ۋاقىتـلىق قىيىنچىلىقنى دەپ ئۆزى سۆيىدىغان كەسىپـنى تاشلىۋەتمىسۇن. جەمئىيەت تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، كەلگۈسىدە جەمئىيەت ئىش تەقسىماتى تېخىمۇ ئىنچىكىلىشىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ كەسىپىدىن ۋاز كەچمىسۇن، مېنىڭچە بىر ئادەم ئۆمرىدە بىرلا كەسىپنى ياخشىراق ئىشلەلىسە شۇ كۇپايە، بۇ ئىش توغرىلىق مەن ئۆزىگىمۇ خەت يازدىم، كەسىپ ئالماشتۇرۇشقا ئالدىراپ كەتمىسۇن.

چوڭ دادامىلارنىڭ چەت ئەلدىن كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، ئۇلار بىزنى كۆرگىلى كەلمەپتۇ، كۆيدۈرگىلى كەپتۇ. توت كۈن بولا ـ بولمايلا مىراس دەۋاسى قىپتۇ، مىراس ئېلىش ئەسلىدە نـورمال ئىش، لېكىن بۇ گەپ چېگرا ئاتلاپ كەلگەن چوڭ دادامنىڭ ئاغزىدىن چىققاچقا ئازابلاندىم ھەمدە كۆپ ئويلاندىم. بۇنداق ئويلىنىشلار ماڭـا ئازاب ئاتا قىلدى. ئەلۋەتتە بۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئازاب ئەمەس، روھىي جەھەتتىكى ئازاب. مەن چوڭ دادامنىڭ چىن قەلبىدىن بىزنى كۆرگىلى كەلگەنلىكىگە گۇمانلىنىمەن. ئۇ ھازىر قورۇنى سېتىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپتـۇ، بۇ ھەقتە مېنىڭ بىر نېمە دېيىشكە ھوقۇقۇم يوق، بىرلا گەپتىن يـۈرىكىم ئازاب چېكىـۋاتىدۇ، بۇ خىل ئازاب مېنى مۇنداق گەپلەرنى قىلىشقا مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ: چوڭ دادام مال ـ دۇنيانى بەك دوست تـۇتـقان ئادەم ئىكەن، لېكىن مېنىڭچە بۇ ئانـچە قـورقۇپ كېتىدىغان ئىش ئەمەس، چۈنكى بىز شۇنچە قىيىنچىلىق يىللارنىمۇ بېسىپ ئۆتكەن. بۇ بىز ھازىر بـاي بولـۇپ قالـدۇق دېگەنلىكىم ئەمەس، بىزنىڭ تېخى ئەمدى قورسىقىمىز تويدى، ئىنىم ۋە سىڭىللىرىم مەكتەپنى پۈتتۈردى، مەن بولسام يەنە ئوقۇۋاتىمەن. بۇ بىز ئۈچۈن ئاسان ئىش ئەمەس، بۈگۈنكى جـۇڭگودا ئۈنئالغـۇ ۋە تېلېۋىزور قاتارلىق بۇيـۇملار ھەشـمەتلىك بۇيـۇملاردىن ئەمەس، لېكىن بىز تېخى بۇ نەرسىلەرگە ئېرىشمىدۇق، مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا چـوڭ دادامنىڭ قـورۇنى ساتىمىز دېگىنى مېـنى بەكـمـۇ ئازابـقا سالـدى.

چوڭ دادام ۋەتەندىن ئايرىلغىلى 30 يىل بولۇپتۇ، ئۇ ئەسلىدە ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىپ چىقىپ كەتكەنىكەن، بۈگۈنكى كۈندە جاھان ئۆزگىرىپ خۇدا ئۇنى ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا ماكانىغا كېلىشكە نېسىپ قىلىپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ نەزە-

رىدە مىراس بۆلۈشۈشتىن باشقا نەرسە يوق
ئىكەن. بىز ئۈچۈن قورۇ جايىدىن ئايرىلىپ
قېلىش ئۇنىچىمۇ چوڭ ئىش ئەمەس، بىز
تالادا قالمايمىز، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆيىدە ئول-
تۇرۇۋېرىمىز، ئەپسۇسكى روھى جەھەتتىن
مەن شۇ قورۇيىمىزدىن ئايرىلالمايمەن، بىز
شۇ قورۇدا چوڭ بولغان، بىزنىڭ بالىلىق
دەۋرىمىز شۇ قورۇ بىلەن تۇتاش...

ئۇنىڭدىن باشقا چوڭ دادامنىڭ كېلى-
شى بىلەن ئۆيدە چوقۇم قىيىنچىلىق بول-
دۇ، شۇڭا سىلەرگە ئازراق پۇل ئەۋەتتىم،
بۇ سىلەرنىڭ ماڭسا ھەر ئايدا ئەۋەتكەن
پۇلۇڭلاردىن تېجەپ قالغان پۇللار، يەنە
بىر قىسمى مېنىڭ قەلەم ھەققىم. بۇ پۇل-
نىڭ بىر قىسمىغا چوڭ دادامنىڭ قىزىغا بىر
قۇر كىيىم ئېلىپ بېرىڭلار، مېنىڭ ئۇ-
نىڭ قىزىغا قىلغىنىم شۇ بولۇپ قالسۇن...

ئاخىرىدا سىلەرگە سالامەتلىك تىلەي-
مەن، قىزىڭلار بىبىنۇردىن»

پىلورەم ھەدە يىغلىۋەتتى. مەن
خەتنى پىلورەم ھەدىنىڭ ئالدىغا قو-
يۇپ قويۇپ، ئاستاغىنا چىقىپ كەتتىم.

تۇرمۇش مۇشۇنداق بولۇدىكەن. مەيلى
كۈندۈز ياكى كېچە بولسۇن، ئۇ بىزنى
مەڭگۈ ئازابلاۋەرمەيدۇ ياكى مەڭگۈ كۈلدۈ-
رۈۋەرمەيدۇ. ئىنسانلار بەخت بېغىغا قاراپ
قىلىۋاتقان سەپىرى داۋامىدا، يەنە نۇرغۇن-
لىغان كۆڭۈلسىزلىكلەرگە يولۇقۇپ قېلىشى
مۇمكىن؛ ئېغىر كۈنلەرمۇ بىزنى كۈتۈپ
تۇرۇشى مۇمكىن، لېكىن بىزنى ھامان كۈ-
تۈۋالىدىغان نەرسە يەنىلا ئەشۇنداق نۇر
چېچىپ تۇرىدىغان گۈزەل نەرسىلەر، تۇر-
مۇشتا بىزنى ئۆزگەرتىدىغان نەرسە ئەشۇنداق
شەكىل جەھەتتە بىر بىرىگە باغلاشماي-
دىغان تاسادىپىي ئىشلار، شۇڭا مەن بۇ ھې-
كايەمنى ئىزچىل بىر لا ۋەقەلىك بىلەن دا-
ۋاملاشتۇرمىدىم، ئۆزۈمچە تۇرمۇشقا يېقىن-
لاشتۇرۇش ئۈچۈن سىلەر كۆرۈۋاتقان مۇشۇ
شەكىلنى تاللىۋالدىم، بەلكىم مەن بۇنىڭدا
ئۆزۈمگە بەكمۇ ئىشىنىپ كەتكەن بولسام
كېرەك، لېكىن... بەس، مۇشۇ يەردە بولدى
قىلاي، ئاخىرقى ھېسابتا ھەممىگە باھا بې-
رىدىغانلار يەنىلا كەڭ كىتابخانلاردۇر.

**مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل**



ماخمۇت مۇھاممەت

# خورلۇق

(ھېكايە)

ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ئاپتوبۇس شوپۇرلۇقىدىن پېنسىيىگە چىققان خالۋاي بۈگۈن ئايالىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ياساندۇرۇشىدىن كېيىن، كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە ھويلىسىدىن چىقتى، ئۇنىڭ قولىدا قورسىقى پومپاراپ كەتكەن قارا سومكا بولۇپ، قىزىرىپ قان تەپچىگىچە قىرىلغان ئېڭەكلىرى يالتىراپ تۇراتتى.

—توختىسلا ھوي! — دېگىنىچە كالىچىنى شاپىلدىتىپ يۈگۈرۈپ چىقىپ توختىتىۋالدى ئۇنى چېقىر كۆز ئايالى رەنىخان، — يېڭى نەۋرىگە تىكىپ قويغان چىپچىق ئۇنتۇلۇپ قاپتۇغۇ، يە سىلىمۇ مۆرىمەيلا...

خالۋاي تەرسا ئادىتى بويىچە ئايالغا بىر ھومىيىپ قارىدىدە، قۇراق لاتىدىن كېچىچە ئەپلەپ تىككەن «كۆز تەگمىسۇن» چىپچىقنى ئۇنىڭ قولىدىن يۇلۇپ دېگۈدەك ئالدى.

ئايالى كىرىپ كەتكەندىن كېيىن خالۋاي تەرسا ناھىيە بازىرىغا قاراپ ماڭدى، ئۇ يەردە ئۇ بۈگۈن بىرىنچى قېتىم ئاپتوبۇسقا يولۇچى قاتارىدا ئولتۇرىدۇ، تونۇش بىلىش كەسپداشلىرىدىن بىرەرسىنىڭ ئاپتوبۇسى دۇچ كەلسە بېلەتسىز چىقىۋېلىشى مۇمكىن، ئەمما لېكىن يەنىلا يولۇچى بولىدۇ، شوپۇر ئەمەس.

خالۋاي تەرسا ئېمىشقىدۇر بىر ئېغىر ئۇھ سىنىدىدە، قاپاقلىرىنى سالغان پېتى يولغا ماڭدى، يولدا تونۇش-بىلىشلەر پات پات ئۇچرىشاتتى، بەزىلىرى ئۇنىڭغا قاراپ سالام قىلاتتى، لېكىن خالۋاي تەرسا رول تۇتۇپ يۈرگەن چاغلىرىدىكى مەجەزى بويىچە ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىگە قارىماي ئۆتۈپ كېتەتتى، قارىغانلىرىغا بولسا «ھۇم...» دەپلا باش ئىرغىتاتتى، خالاس!

ئاندا-ساندا قەۋەتلىك بىنالار چۈشۈشكە باشلىغان ناھىيە بازىرىنىڭ شەھەرگە قاتنايدىغان ئاپتوبۇسلار توختايدىغان ئورنى يەنى خالۋاي تەرسا ئىككى ھەپتە ئىلگىرىكى ۋاقىتقىچىلا ھەر كۈنى كاپىنىكىدا ھومىيىپ ئولتۇرغىنىچە ئاپتوبۇسقا تاكى ئۆپكە-ھېسىپ تىققاندەك دەرىجىدە ئادەم توشمىغۇچە قوزغالمايدىغان دوقمۇشتا شۇ تاپتا پەقەت بىرلا ئاپتوبۇس تۇراتتى، ئاپتوبۇسقا يىراقتىن لاپپىدە بىر قارىغان خالۋاينىڭ يۈرىكى توساتتىن جىغغىدە قىلىپ قالدى، پۇتلىرى خۇددى بىراۋ ئىشكەل سالغاندەك ھەرىكەتتىن چەپپىدە توختىدى، سەۋەبى بېكەتتە تۇرغان ئاپتوبۇس باشقىسى ئەمەس، دەل بىر ئاي ئىلگىرى ئۇنىڭ ئۆزى كالونغا يۈرىكى ئېچىشىپ تۇرۇپ تاپشۇرۇۋەتكەن ھېلىقى قەدىناس ھەمراھى ئىدى.

خالۋاي تەرسا دېلىغۇل بولۇپ بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن خالار - خالىس

قەدەم بېسىپ، ئاپتوبۇسقا يېقىنلاشتى. نېمەلا بولمىسۇن خالۋاي تەرسا ئاپتوبۇسقا چىقمىسا بولمايتتى، چۈنكى ئۇ ئامراق قىزىنىڭ يېڭى تۇغۇتىنى مۇبارەكلەپ، نەۋرىسىنى كۆرۈپ چىقىشقا ئالدىرايتتى، يەنە ئازراق كۈتسىچۇ؟ كەچكۈزنىڭ نەشتەردەك سانجىلىپ تۇرغان سوغۇقىدا ئۇ كونا بەل ئاغرىقى بىلەن كوچىدا قاچان كېلىشى نامەلۇم بولغان يەنە بىر ئاپتوبۇسنى ساقلاپ تۇرالمايتتى.

خالۋاي تەرسا خۇددى بويىنىدىن باغلانغاندەك قەدىناس هەمراهىغا يېقىنلىشىپ، كاپىنكىنىڭ ئۆزى شوپۇرلۇق هاياتىدا مىڭلارچە قېتىم سۈرتكەن ئالدى ئەينىكىدىن رولدا ئولتۇرغان شوپۇرغا قارىدى. قاپقارا كۆتمەك بۇرۇتلۇق، ئالدى تەرىپى تامام مايلىشىپ كەتكەن كەپكىسىنى قويۇق قاشلىرىغىچە باستۇرۇپ كىيگەن دوغىلاق، مەنمەن چىراي شوپۇرنى كۆرۈپ يۈرىكى ئىككىنچى قېتىم جىغىلداپ كەتتى، ئۇ ياش شوپۇرنىڭ ئاشۇ تۇرقى هالىتىدىن ئۆزىنىڭ يىگىرمە نەچچە يىل ئىلگىرىكى ئەينى سۈرىتىنى كۆرگەندەك بولغانىدى.

خالۋاي تەرسا ئۆز يۇرتىدا ئۆزى قىسىلىپ يۈرىدىغان گاهىبىر ئادەملەردە بولىدىغان كۆڭۈلسىز هېسسىيات بىلەن ئاپتوبۇسقا چىقتى، ئاپتوبۇس ئىچى ئادەمگە لىق تولغان، هەتتا بىر نەچچە ئادەم ئۆرە تۇرۇشاتتى، يولۇچىلاردىن كۆپچىلىكى ئۇنى تونۇيتتى، بەزىلىرى ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلىق سالىمىنى ئىزهار قىلدى، لېكىن بىرسىمۇ ئىسسىق ئورنىنى بوشىتىپ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلمىدى، بۇ ئادەملەرنىڭ هەممىسى دېگۈدەك ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئاپتوبۇسىنىڭ يولوچىلىرى ئىدى.

خالۋاي تەرسا تۆرۆكلۈك قاپاقلىرى ئاستىدىن قىيسىق كۆزلىرىنى يوگۈرتۈپ، بوش ئورۇن ئىزدەپ نېرى - بېرى ئەلەڭلىدى، پەقەت كاپىنكا ئىچىدە كاپۇت تۆپىسىدە بىر كىشىلىك ئورۇن بار بولۇپ، خالۋاينىڭ كەينىدىن چىققان يولۇچىلارنىڭ بىرى هەدەپ شۇ ئورۇننى كۆزلەپ، ئۇنى دۈمبىسىدىن ئىتتىرىپ شىپىقماقتا ئىدى، خالۋاي تەرسا شۇ ئەسنادا ئۆزىنىڭ كەسپىي كېسىلى قارىغىش تەگكۈر بەل ئاغرىقىنى ۋە يىگىرمە ئۈچ كىلومېتىر يولنى ئەسلىدى-دە، دەررۇ كاپىنكا ئىچىگە كىرىپ هېلىقى بىر كىشىلىك سېرىلاڭغۇ، قاتتىق ئورۇنغا جايلاشتى.

يېڭى خوجايىنىنىڭ يەنە بىر ئىشى خالۋاي تەرسانىڭ يۈرىكىنى ئۈچىنچى قېتىم جىغىلداتتى، يەنى، شوپۇر يىگىت قىرىق نەچچە كىشىلىك ئاپتوبۇستىكى يولۇچى يەتمىشكە يېقىنلاي دېگەندىمۇ ماشىنىنى قوزغىتىشنى ئويلاپ قويمىدى، نارازىلىق خىتابلىرىغا پەقەت خالۋاي تەرسالا قېتىلماي، تاغ هاۋاسىدەك تۇتۇلۇپ ئولتۇراتتى، ئۆز ۋاقتىدا ئۇمۇ يولۇچىنى ئارىسىغا يىڭنە چۈشسە ئۆتمىگۈدەك لىقشىتىپ قاچىلىمىسا ماڭغىلى ئۇنىمايتتى ۋە شۇ سەۋەبلىك «تەرسا» لەقىمىنى ئالغانىدى، يولۇچىلارنىڭ نارازىلىق خىتابلىرى ئەۋجىگە چىققاندىلا شوپۇر يىگىت يەنە تۆت - بەش يولۇچىنى قاچىلىۋېلىپ ئاندىن ئاپتوبۇسنى كۆچەپ غۇڭۇلدىتىپ ئورنىدىن قوزغاتتى، بىراق ئاپتوبۇس قوزغىلىپ ئون مېتىرمۇ ماڭماستىن يەنە ئېغىر سىلكىنىپ توختىدى، شوپۇر يىگىت ئىشىك تۈۋىدىكى، هېلىلا خالۋاي تەرسانىڭ سەككىز موچىنى ئالغان بېلەتچى قىزغا ئىشىكنى ئېچىپ، نېرىدا قول

كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىككى ئايال يولۇچىنى
ئاپتوبۇسقا چىقىرىۋېلىشنى بۇيرۇدى. ئاپتو-
بۇس يېرىم سائەتكە يەتمەيدىغان ۋاقىت ئى-
چىدە يەنە ئۈچ قېتىم توختاپ، يەتتە - سەك-
كىز يولۇچىنى يۈتۈۋەتكەندىن كېيىن،
«چۆمۈلە قەدەم» مېڭىشىدا يۈرۈپ شەھەر-
نىڭ ئەڭ چېتىدىكى كىچىك بازارغا يەتتى،
يانتۇ، سىلىق ۋە قىزىپ كەتكەن كاپۆت ياپ-
قۇچى ئۈستىدە خالۋاي تەرسا ئازاب بىلەن
ئولتۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى.
— كابىنكىدىكىلەر، مەيەردىكى تەك-
شۈرۈش پونكىتىدىن ئۆتۈپ كەتكۈچە سىرت-
قا چىقىپ تۇرۇڭلار،— شوپۇر يىگىت كۆ-
زىنى يولدىن ئۈزمەي تۇرۇپ سۆزلىدى،
رولدىن بوشىغان ئوڭ قولى بولسا كەينىگە
سوزۇلۇپ، ھە دەپ ھەرە قوغلىغاندەك، كا-
بىنكىدىكىلەرنى كىچىك قىستاڭخاندىن چوڭ
قىستاڭخانغا ھەيدەشكە باشلىدى، مۇنداق
ئىشقا ئەسكەر مارشقا كۆنگەندەك كۆنۈپ
كەتكەن يولۇچىلار دەررۇ ئاپتوبۇسنى ئىككىگە
بۆلۈپ تۇرغان ھەم پاكار، ھەم تار ئىشىكتىن
قىستىلىشىپ سىرتقا سۈرۈلۈشكە باشلىدى، پە-
قەت يۈرىكى تۆتىنچى قېتىم جىغىلداپ
كەتكەن خالۋاي تەرسالا ئۆمرىدە قىلىپ
كۆرمىگەن بۇ ئىشنى خالىمايمۇ ياكى كۆ-
نەلمەيمۇ، ئىشقىلىپ كاپىنكا ئىچىدە، شو-
پۇرنىڭ كەينىدە لام - جىم دېمەي تۇرۇ-
ۋەردى، ئاڭغىچە ئاپتوبۇس تەكشۈرۈش پون-
كىتىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىغىلا كېلىپ
قالغانىدى، دەرۋازا ئالدىدا قوللىرىغا قىزىل-
يېشىل بايراقلارنى تۇتقان ئىككى ساقچى
تۇراتتى.
— بولدۇڭلارمۇ؟— شوپۇر يىگىت شۇ-
گەپ بىلەن تەڭلا كەينىگە قايرىلىپ كابىنى-
كىدىكىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى تەكشۈردى ۋە
جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى،— ئېگىمشە، ھەي
قېرى، ئېگىمش دەيمەن!
خالۋاي تەرسا ئۆزىنى ئوڭشاپ بول-
غۇچە شوپۇر يىگىتنىڭ بەقۇۋۋەت قولى خال-
ۋاي تەرسانى تۆۋەنگە تارتتى، ھەش - پەش
دېگۈچە بۇ قوپال قول ئۇنىڭ مانچېستىر
دوپپىلىق بېشىغا چىقىپ قالدى، خالۋاي
تەرسا دېمىنىمۇ چىقىرالماي تۆۋەنگە
ئېگىشتى.
ساقچىلار نېرىدىنلا بويلىشىپ، ئال-
دىدا توختىغان ئاپتوبۇسنىڭ كابىنكىسىنى
نەزەرىدىن ئۆتكۈزدى - دە، بايراقلىق
قولىنى شىلتاپ قوزغىلىشقا ئەمر بەردى،
لېكىن شوپۇر يىگىت جەنلى تېخىچە يان-
مىغاندەك ئاپتوبۇسنى خېلى يەرگىچە جا-
لاقشىتىپ ھەيدەپ باردى. خالۋاي تەرسا
شوپۇرنىڭ ئارقىسىدىلا تۆت پۈتلۈق بولۇپ
تۇرماقتا ئىدى. بىر ئاي ئىلگىرىلا ئۇنىڭ
ئۆزىمۇ ھەر كۈنى دەل مەشەگە كەلگەندە
ئۆزى سەككىز موچەنىڭ كەينىگە كىرىپ،
نورمىدىن ئارتۇق سىيلىۋالغان يولۇچىلار-
نىڭ كابىنكا ئىچىدىكىلىرىنى نەق مۇشۇنداق
قىستىلىپ، دوڭخىيىپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىلات-
تى. مانا بۈگۈن ئۇنىڭ ئۆزى ئۇنىڭدىنمۇ
بەتتەر ھالەتتە ھايۋانچىلاپ تۇرۇپ قېلىپ،
بەل، پۇتلىرى چىدىغۇسىز سىرقىراپ ئاغرى-
غاندىلا مۇنداق تۇرۇشنىڭ نەقەدەر خوز-
لۇق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، چۈشەن-
دى، ئىچىدە ھە دەپ «خورلۇق، خورلۇق»
دەپ توختىماي پىچىرلاشقا باشلىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن

# قەلبىم تۆرىدە

## ئاتا - ئانىمىز

(ئاتا - ئانامنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلايمەن)

ئۇچۇرما بولغان قۇش بالىسىدەك
قانات قۇيرۇقىمىز يېتىشكەن چاغدا،
ئوقۇيمىز دەيمىز، چىقىپ كېتىمىز،
ئىشقا چامىمىز كېلىشكەن چاغدا.

ئوقۇش - خىزمەت دەپ يۈرىمىز ھەريان
ئاتا - ئانىنى قالدۇرۇپ غەمدە.
ئائىلە غېمى پەرزەنت تەشۋىشى،
يەلكىمىزنى باسار بۇدەمدە.

كۆزلىرى ھەر ئان بولۇپ ئىشىكتە
دەر: ئېسەن بولسا بىر كۈنى كېلەر.
كۈندە قانچە رەت بولۇپ دۇئادا
ئەزىز پەرزەنتىنىڭ بەختىنى تىلەر.

بىز بولساق يىراق يۇرتتا يىل - يىللاپ
ئىشقا بەنتىمىز دەپ ئۇندا يۈرىمىز.
ئۇلار مىڭ يىل ياشايدىغاندەك،
كۆڭلىمىز توق بوپ دەۋران سۈرىمىز.

مانا - ئەنە دەپ ئۆتەر ئاي - يىللار
بارىمىز يىلدا ئاران - ئارانلا،
ئۆيىگە چىللاپ ئەپكىسەر يەنە،
ساۋاقداش ياكى دوستۇ - يارانلار.

بىر - بىرىمىزگە قېنىشماي شۇنداق،
ئۆتۈدۇ ئاران بىر كەلگەن پۇرسەت،
ئىش ئورنىمىزغا قالىمىز جۆنەپ
ئۇلارغا تۈزۈك قىلالماي خىزمەت.

كېتىدۇ ئۇلار باقىي دۇنياغا،
كۆزى ئىشىكتە بىزلەرنى كۈتۈپ.
بارىمىز بىزلەر ياتىمىز چاك - چاك
ئۇلار دۇنيادىن كەتكەندە ئۆتۈپ.

ئانىسىدىن ئايرىلغان بوتىلاقتەك بىز،
بوزلىساق يەردىن كەلمىگەي سادا.
ھەسرەت - ئەلەمدە ئۆتۈپ كېتىمىز،
قىلالمىدىم دەپ بۇرچۇمنى ئادا.

ئاھ، ئاتا - ئانا قەدرىنى بىلىپ
يەتكەندە پۇرسەت ئۆتكەن بولىدۇ.
خىزمىتىنى قىلىپ دۇئاسىنى ئالاي
دېسەڭ ئالەمدىن كەتكەن بولىدۇ.

ئاتا - ئانىنى قىلغىن كۆپ ئىززەت،
ئەقلى - ھوشۇڭنى بىلگەن شۇ چاغدا.
ئاتا - ئانىغا قىلنۋال خىزمەت،
قالمايمەن دېسەڭ ھەسرەتتە داغدا.

## ئىككى يىگىت ئىككى قېرىنداش

قەدەھلەردە مۆلدۈرلەر شەبنەم،
رۇخسارىنى چايقايدۇ قۇياش،
بېلىق كۆزى قەدەھلەر بۈدەم
ئايلىنىدۇ ھەممىگە ئوخشاش.
بىر - بىرىگە كۆرسىتەر خىزمەت
ئىككى يىگىت — ئىككى قېرىنداش،

دىل سۆزىنى قىلىشىپ ئىزھار،
ئاللىقاچان ئېرىپ كېتەر تاش.
ھاياجاندىن قىزارغان يۈزلەر
قىزىل چوغلۇق شەلپەرگە ئوخشاش.
جەم بولۇپتۇ بۆگۈن بۇ تويدا،
ئىككى يىگىت — ئىككى قېرىنداش.

* *

بىرى ئۇنىڭ ئىدى نەۋقىران،
يۈسۈپ ① كەبى ئىدى سىماسى
بۇرۇتلىرى ئەمدى خەت تارتقان،
كۆزلىرىدىن چاقنار زىياسى.
ئاتا - ئانا كۆزى ئىشىكتە
ئاقار ئىدى كۆزىنىڭ قارىسى
جان - جىگىردىن كۆرەتتى ئەزىز
بولغاچ يالغۇز يۈرەك پارىسى.
ئۇنىڭ ئۈچۈن چېچىنى تاراپ
كۈتەر ئىدى يارى - زىباسى
ئەمەسمۇ ئۇ خۇددى باغلارنىڭ
يېڭى ئۆسكەن نوتا گىياسى.

* *

يەنە بىرى ئىدى بۇغداي ئۆڭ
كەڭ يەلكىلىك پالۋان قىياپەت
ئىدى كەم سۆز لېكىن غورۇرلۇق
قەلبىگە يار پاكلىق - دىيانەت.
ئايرىلغاچقا ئاتا - ئانىدىن
چەككەن ئىدى چەكسىز رىيازەت.
تەنتەلەردە بولۇپ مەدىكار
سۆڭەكلىرى قاتقان كارامەت.
ئوقۇش كىتاب پۇلىغا ئاران
يېتەر ئىدى تاپقان دارامەت.
چىقىپ بولتۇر ئالىي مەكتەپكە
شادلىقىدا كۈلگەن ئالامەت.

* *

جەم بولۇشتى بۆگۈن شىرەدە،
ئىككى يىگىت، ئىككى ساۋاقداش

قەدەھلەردە مەرۋايىت شەبنەم
چاقنار گويا كۆزدىكى لىق ياش.
توختىمىدى قەدەھلەر بۇدەم،
خۇلقلارنى ئەيلىدى بەك شاش
بىر ئېغىز گەپ، بىرلا ئېغىز گەپ
زىل يۈرەككە تەگدى بولۇپ تاش.
بولدى چۆل - چۆل قەدەھ ۋە تەخسە
گالاچ - گۇلۇچ باشلاندى مۇشتلاش.
ھاي بەرمىدى ھېچكىم ئاچچىققا،
بولدى غورۇر ئەقىلگە پۇتلاش.
قاچتى باشتىن ئەقىل ۋە ئىدراك،
كۆپتى بۇرۇن، كۆزگە تولدى قان.
قۇلاقلارغا ياقماس ھېچبىر گەپ،
ئاجراتقانلار قۇتۇلدى ئاران.
چاچراپ كۆزلەر، ماكچايدى بۇرۇن
سۇنۇپ چىشلار، بولدى ئېغىز قان.
ئەيمىنىدۇ قاراشقا ئادەم
سىياقىدىن چۆچۈيدۇ ھايۋان.
چىقتى پىچاق قىنىدىن بۇ دەم
قېلىپىدىن چىقتى ھەم ئىمان.
يالىت - يۇلت قىلىپ چاقناپ قالدى تىغ
بەرنا يىگىت جان بەردى شۇئان.

* *

تۈرمە ئېيتى، تۆمۈر پەنجىرە
ئەيمەندۈرەر كۆرگەن كىشىنى.
ئاشۇ يەردە بولۇپ باغرى قان
قاۋۇل يىگىت، تۆكەر يېشىنى.
نېمە بولدۇم، نېمە قىلدىم ئاھ!
دەرۋ تامغا ئۇرار بېشىنى،
ئاھ: ئېسىت دەپ چىشلەيدۇ قولىنى
ئەسلىگەندە دوست - ئادىشىنى،
ئەسكە چۈشسە دەھشەتلىك قىسمەت،
پۇشايمان، دەرت ئۆرتەر ئىچىنى.
كىم ئۇنىڭغا بەرگەي تەسەللى،
كىممۇ سۈرتكەي ئۇنىڭ يېشىنى.

① يۈسۈپ — زىلەيخا داستانىدىكى بەرنا يىگىت

* *

ئىككى قەبرە تۇرار يانمۇ يان،
ئۆتكۈچىلەر ئۆتىدۇ توختاپ.
قىزلار لەزەر تاشلايدۇ ئاڭا،
كىرپىكلەرنى شەبنەمدە چايقاپ.
ياش يىگىتلەر دەيدۇ ئاھ ئىست!
يۈرەكلىرى بولىدۇ خۇناپ،
مويسىپىتلەر دەيدۇ «ئاھ خۇدا
باللارغا بەرگەيسەن ئىنساپ...
قېرى موماي دەيدۇ ئەۋلادىڭ
بولماسەىدى سېنىڭ بىھېساپ.»

ئىنسان

ئاھ ئاددىي قەبرە بار ئەزىز قەشقەردە،
زىننەتى پەقەتلا ئۇنىڭ لايسۇۋاق.
بار ئۇندا نەئىسىم، نە بىرەر بەلگە،
ئېگىزمۇ ئەمەس ئۇ، بار بىرلا پەشتاق.

قىش كۈنى ياپىدۇ ئۇنى كۈمۈش قار،
ياز كۈنى سېخىي نۇر سېپىدۇ ئاپتاپ.
شامالدا كۆكاتلار يەلپۈنسە لەرزان،
تورغايلار، قۇشقاچلار يۈرىدۇ دانلاپ.

يۈكۈنەر بۇ يەردە تۇغقان ۋە ياتلار
كۆپلەرنى سوئالغا ئورايدۇ بۇ ھال.
سورايدۇ ئۆتكۈنچى: قەبرىسى كىمنىڭ؟
جاۋابنى ئاڭلاپلا يۈكۈنەر دەرھال.

كېلىدۇ بۇ يەرگە ئالتە پەرزەنتى،
كەينىدىن ئەگىشىپ ئون نەچچە نەۋرە.
خۇدانىڭ ھەر قۇتلۇق كۈنى پەيشەنبە
دۇئادىن لەرزىگە كېلىدۇ قەبرە.

كېلىدۇ بۇ قەبرە بېشىغا يەنە
ھەر كاتتا زىيالىي، ئەمەلدار، ئىشچى.
ياش تۆكەر بىر بىمار قېرى دىۋانە،
كېلىدۇ بىر ھەربىي تۆكۈلۈپ يېشى.

كېلىدۇ بىر ئارتىست (يولدىشى بىلەن)
بىر ئۇستاز يىغلايدۇ قەبرىنى سىيپاپ.
كېلىدۇ ئاخۇنۇم، ئوقۇيدۇ قۇرئان،
بىر مېيىپ كېلىدۇ دائىما ئاقساپ.

كىم ياتار قەبرىدە، قۇغقنى قانچە،
نېمىشقا بۇ يەردىن ئۆكسۈمەس ئادەم.
شائىرمۇ، ئالىممۇ ۋە ياكى زەردار،
يا كاتتا ئەمەلدار كۆپكە تونۇش ھەم.

يا ئالىم، ئەمەلدار ئەمەستۇر ھەم باي،
ياتىدۇ بۇ يەردە ئاددىي بىر ئىنسان.
ئۇ ئالتە پەرزەنتنى ئۆستۈرگەن ئاتا،
ھەر بىرى ئەقىل ھەم خىسلەتكە تولغان.

ئون نەچچە نەۋرىسى بار ئىشقى بىلەن،
بۇ ياخشى بوۋىنى يادلايدۇ ھامان.
نە ئۆچۈن بۇ يەردە تىز چۆكەر خەقلەر،
نە ئۆچۈن دۇئادا بولىدۇ ھەر ئان.

ياتىدۇ بۇ يەردە بىر سېخىي ئىنسان،
كۆپ بىلەن يېيىشكەن تاپسىمۇ بىر نان.
ئاداققى تەڭگىنى خەجلىگەن بايدەك،
ئۆيىگە كەپ قالسا ھەر قانداق مېھمان.

ئۇ ئىدى مەرت سېخى، شۇنداق مېھرىبان،
يېتىملار بېشىنى سىلىغان ھەر ئان.
تالادا سوغۇقتا ئېگىرىغان جانلار،
بۇ ئادەم قەلبىدىن تېپىشقان گۈلخان.

ئازغىنا مائاشى تۇرمىغان يانىدا،
گادايغا بەرگەچكە خەيرھەم ئېھسان.
تالادا تەمتىرىگەن يېتىم باللار،
بوۋاينىڭ ئۆيىدە بولۇشقان مېھمان.

بىر توكۇر بىر نىمجان قېرى دىۋانە
ھەر كۈنلۈك رىسقىنى ئالاتتى ئۇندىن.
بىر تويۇپ كېكىرسە نامرات بىچارە،
بوۋاينىڭ قەلبى شاد بولاتتى شۇندىن.

ئۇ دارىلئاجىزغا يېتىلەپ بارغان،
مېيىپلار ئۇنىڭغا ئېيتاتتى رەھمەت.
ئىلىم - پەن كانىغا ئاپىرىپ بەرگەن،
يېتىملار ئۇنىڭدىن كۆرگەنتى شەپقەت.

زىيالىي، ئەمەلدار، ھەربىي بىر چاغدا،
يېتىمدى كوچىدا تەمتىرەپ يۈرگەن،
شۇ ئادەم قەلبىدىن ئىللىغان قەلبى،
شۇ ئادەم ئەقلىنىڭ نۇرۇقىن تەرگەن.

ھەزرەتتە لاي سۇۋاق ئاددىي بىر قەبرە،
ئۆتكۈنچى دۇئاغا توختايدۇ ھەر رەت.
باي ئەمەس ئىدى - يۇ، خىسلىتى ھاتەم،
ئۆمرىدە نامراتقا ئەيلىگەن شەپقەت.

قەلبىمنىڭ تۆرىدە ئەزىز شۇ قەبرە
ئۇ مېنىڭ قىبلەمدۇر ئۇ مېنىڭ كەبەم.
ياش تۆكتۈم باش قويۇپ ئىززەت ھۆرمەتتە،
شۇ يەرگە باش قويار مېنىڭمۇ نەۋرەم.

ئامىنەگۈل ھېكىم

## شېئىرلار

**غۇرغا رەڭداش تۇن باغرىدا كۆي**

چۇشلىرىدە قىپقىزىل رومال،
سېلىپ كۆرەر بويىنغا قىشلاق.
ئاھ كۆكتە بىر، كۆلدە بىر قولۋاق،
تۇيغۇلارغا چېكىدۇ زەر خال.

غىڭشىپ ناخشا ئېيتىدۇ قىزچاق،
كۆزنەكلەردىن يىراققا قاراپ.
باش كۆتۈرەر ئېرىقتىن ئۇماق،
مارىغاندەك بويناقمۇ قاۋاپ.

گۈلەڭگۈچتەك تەۋرىنىپ لەرزان،
شۋاقلارنى ئويىنتار شامال.
تۈن باغرىدا نۇرلانغان ۋىسال،
قىز قەلبىدە كېزىدۇ پىنھان.

**تاڭ تۇغىدۇ ۋىسالدىن ناخشا**

ئورمانلاردا ئوينايدۇ ماتان،
چاتقاللارغا باقىدۇ قىيا.
يېرىلغاندا ئۇپۇقنىڭ كۆكسى،
لالە رەڭدە يۇيۇنار دۇنيا.

ئاھ، چاچلارنى سىلايدۇ تەمكىن،
سۈرە ئوقۇپ سېھىرلىك شامال.
ئۇچۇپ كەلسە يىراقتىن ناخشا،
قىز ساكتەر ئېتىزدا رومال.

**سىرلىق كېچە - سېھىرلىك كېچە**

ئايدىڭ كېچە سېھىرلەرگە باي،
زەنجىر سىمان چۇشلىرى تالاي.
تۇگۈلۈكلەردىن ساماغا بېقىپ،
ئۇلۇغ كىچىك تىنىدۇ موماي.

ئۇ سۆزلەيدۇ مۇڭلۇق شىۋىرلاپ:
ئەجەب ئوبدان ئادەمتى بوۋاڭ...
نەۋرىسىچۇ، نەۋرىسى بىراق،
ناخشىسىدا يېڭى بىر ئاھاڭ.

بەرگىنىدەك سۆبھى جۇشقۇن كۆي،
كىرپىكلەردە ئوينىسا شەبنەم.
ئاھ، ئۆكسۈشكە پولغاندا ئەللەي،
دېگۈلۈكمۇ نەۋرىنى بىغەم؟

نۇرگۈل يۈنۇس

# ئىككى شېئىر

## ئەللەي

ئەسەبىي كۆي ئەمەس كېچە قوينىغا
سىڭىشىپ كەتكەن شۇ يېقىملىق ئەللەي،
ساماۋى قىسسەلەر ئىدىنغۇ مىسكىن،
تىل بەرگەن دىلىمغا بىرتاتلىق، ھەي -ھەي.

ئەسلىتەر مەن چۆچەك ئاڭلىغان ئۆينى،
قاچاندۇر ئۇيقۇدا ئاڭلىغان سۆزلەر.
ئەندىزە قىپ ئالغان ئەللەي كۈيىنى،
شۇتاتلىق مىسكىن تىل، خىيالچان كۆزلەر.

ئەللەينى بەرگەن شۇ تىترەڭگۇ يۈرەك،
ئەي، دۇنيا، سەن ئۇچۇن قويىدۇ قوشاق.
تۇغۇلار ھەر نەرە تارتقاندا ئۇھلار،
شۇ ئەللەي ئەۋجىدىن سوكۇتلەر ئۇزاق:

ئاھ،ئەللەي،ئاھ ئەللەيمۇ كۈلۈقشۇ ئەللەي،
بۇسەبىي كۈيۈمگە بولىدۇ ئۇ باش.
ئەللەينىڭ ئانىسى مېنىڭمۇ ئانام،
قەلبىمگە تۇنجى رەت نۇر بەرگەن قۇياش.

## ئىلتىجا

ياپراقتىن تۆكۈلگەن، ئاداققى ئىگراش،
بولغانمۇ بۇلبۇلنىڭ دەردىگە سەۋەب،
بىردەمدە ئاقاردى قاراڭغۇ باغلار،
پېچىرلار نازۇك شاخ ئەلەمدە تىترەپ.

ئۇ كۈيلەپ ئېيتىدۇ بىر مىسكىن ناخشا،
تىڭشايدۇ يىراقلار سىلكىنىشىپ قول.
ئاڭلايدۇ مۇڭلىنىپ خىيال ئىلكىدە،
قار باسقان داللار تىمتاس چىغىر يول.

چىمىرلار يۇلتۇزلار ئاپئاق داللار،
ئەشۇ ئۇن كېلىدۇ يەرنىڭ ئاستىدىن.
مەڭگۈگە سوزۇلسۇن بۇنداق گۈزەل كەچ،
ۋەمىنى تۇغسىكەن ئانام باشقىدىن.

ئاھ ئاشۇ ناخشىچى ناخشىسى بىلەن،
يۈرگەندۇ قەيەردە دوقۇرۇپ ئۇدا؟
مۇڭ بىلەن تولغانغۇ سېنىڭ ئالەمىڭ،
ئۇ كۈتكەن نەرسىنى بەرگىنە خۇدا؟

بۈۋىھەجەر ئارمىيە

# رازى مەندەك قىزدىن

مىراس بولۇپ قالدى ماڭا ئاتامدىن،
شەمشەر كەبى ئۆتكۈر بىسلىق گاڭ قەلەم.
مىراس بولۇپ قالدى ماڭا ئانامدىن،
يۈرەكلەرنى تىترەتكۈچى كۈيىمۇ ھەم.
ئاتا - ئانامنىڭ كۆپتۇر دەردى پىراقى،
مەن ئۇلارنىڭ يېقىپ كەتكەن چىراقى.

مەن چوڭ بولدۇم تەڭرىتاغنىڭ باغرىدا،
مەھكۇم بولۇپ دەرد، ئەلەمنىڭ ئۆيىگە.
چېكىپ نۇرغۇن رىيازەتلەر، ئۆلمىدىم،
گۇۋاھ بولدۇم جاپاكەشلەر كۈيىگە.
ئۆتكەن كۈنۈم بەكمۇ دەھشەت، تۇمانلىق،
شۇڭا يۈرەك ناخشام چىققار پىغانلىق.

مۆشكۆللەرنىڭ گۈلخىنىدا تاۋلىنىپ،
بۇ ھاياتنىڭ قاينىمىدا چايقىلىپ.
يېتىلدىمەن قاپلان يۈرەك قىز بولۇپ،
قەلەم ئېلىپ، سەپەرلەرگە ئاتلىنىپ.
ئوتلۇق ناخشا قالسۇن ئەمدى مېنىڭدىن،
مىسرالارنى تىزاي يۈرەك قېنىمدىن.

كۈيلىرىمگە گۇۋاھ قىلىپ ھەممىنى،
ئەيىبىنى ئېچىپ بەرسەم جاھاننىڭ.
كۈيلىرىمگە سىڭدۈرۈپ مەن خۇشاللىق،
قايغۇسىنى يېزىپ چىقسام زاماننىڭ.
بىلسەم دەيمەن بۇ دۇنيانىڭ سىرىنى،
ئېرىتسەم ھەم كۆڭۈللەرنىڭ كىرىنى.

يۈرىكىمدە ئارمان تولا، كۆي تولا،
بىخۇتلۇقتا ئۆتۈپ كەتتى كۆپ كۈنۈم.
چاتقاللىقتا قالدىم گاھى تەمتىرەپ،
گاھ كەڭلىكتە جاراڭلىدى كۈيلىرىم.
ئانام بەرگەن ئەللىيىمنىڭ كۈيىنى،
ئاتام بەرگەن ئوتلۇق يۈرەك ئۆيىنى.

تاپىلغان قەدىردانىم جان ئاتام،
ئال قەلەمنى، كۆمۈلمىسۇن ئىزىم، دەپ.
ئانام ئېيتقان جان ئۈزۈشنىڭ ئالدىدا،
كۈيلىرىمنى بەردىم ساڭا قىزىم دەپ.
شۇڭا ماڭدىم مەن ئۇلارنىڭ ئىزىدىن،
ئۇلار روھى رازى مەندەك قىزىدىن.

ھەبىبۇللا رەجەپ

## قىڭغىرلىق

### لەۋلىرىمنى كۆيدۈردى ئاتەش

قىيىق شامال كۆتۈرۈپ غەۋغا،
دەيدىكەندە ئىزدەپ خېرىدار.
مەسخۇش بولۇپ داۋۇلغۇپ كۆكتە،
پۈركىگەندە دالىلارغا قار.

سۆيۈنۈشنىڭ بۇيرۇقى بىلەن،
يار ئىككىمىز چىقتۇق سەيلىگە.
ئىشىكىنى ئېچىپ سۆيگۈنىڭ
كۆڭۈللەرنى قويدۇق مەيلىگە.

قونۇپ قالدى يۈزلىرىگە قار،
تۈيغۇلىرىم ياسىدى ئۆركەش.
ئېرىتەي دەپ سۆيگەندە ئاستا،
لەۋلىرىمنى كۆيدۈردى ئاتەش.

### جاننى يەيدۇ شۇنداق بىر گۇمان

نەم شورايدۇ ئېچىرقاپ ئاپتاپ،
سۇغا تەشنا لەۋدىن، يۈرەكتىن.
چاڭقاقلىقتا سولاشتىم بۇ دەم،
ئايرىلغاندەك خەمەك پىلەكتىن.

ھاردۇق سۆرەپ كېلىمەن يولدا،
سۇ ئىزدەيمەن ئوقتۇر نىگاھىم.
قول سوزىمەن بىراۋغا سۇ دەپ،
ھەم پەلەكنى قوچىمدى ئاھىم.

«چاڭقاقلىقتا يۈرەرمۇ ھەممە...»
خىياللىرىم چېگىش ۋە تۇمان.
ھەر دىۋىنىسەم سۇ دەپ ئۆزگىگە،
جاننى يەيدۇ شۇنداق بىر گۇمان.

### كۆتمىسەن نېمە

تىلسىماتتەك شۇ بىر جۈپ كۆزۈڭ،
سىرلىرىمغا سىلىپ يۈرەر پال.
پاللىرىڭنى يېغىشتۇر، بولدى،
يۈرىكىمنى بېرەي ساڭا، ئال!

تېپىشماقتەك بىر قىزسەن بىراق،
ھېچ گېپىڭنى دېمەيسەن ئوچۇق.

ئۆزۈك سېپىپ ئاپتاپنى باشتا،
ئارمىنىمغا ياپمەن يوپۇق.

سىرىمغا پال سالمىغان چېغىڭ،
كۆڭلۈم پۈتۈن، كۆنلىرىم قەندى.
قۇياش چۆككەن ھەسرەت يېشىمدىن،
ئېيتقىن، نېمە كۈتمەسەن ئەمدى.

## مەن سۆكۈتتە

چۇقان سالدىڭ مەۋجۇتلۇقتىن نىشان دەپ،
يولۇڭ بەلكىم ئوقۇغاندۇ ئاپىرىن.
ئەمما سادا قوشالمىدىڭ دەپ مېنى،
مەسخىرىنىڭ قۇچىقىغا ئاتمىغىن.

مەن سۆكۈتتە، سۆكۈتلىرىم جەڭگىۋار،
يۇلتۇزلارنى ئۈزۈپ يۈرەر ئاسماندىن.
قۇدرىتى بار تىترەتكۈدەك دۇنيانى،
سۆكۈتلىرىم ئەلا شۇڭا چۇقاندىن.

سۆكۈتۈمگە ئەخمەق خىيال يار ئەمەس،
سۆكۈتۈمدىن پارلار روھىم دۇنياسى.
سۆكۈتۈمدە بار ئۆركىشى دېڭىزنىڭ،
ھاياتلىقنى ئويغىتىدۇ ساداسى.

## قاخشال دەرەخ تەزكىرىسى

بۇلاقلاردىن ئۈزگەن رىشتىنى،
گۈلباھارى ئۆچكەن بەستىدىن.
ياپراقلىرى يوقالغان تامام،
لۆكچەكسىمان بوران قەستىدىن.

قانچە باھار يوقلىغان ئۇنى،
بۇلاقلارمۇ قىلغان كۆپ شەپقەت.
ئەمما سوغۇق ئىمانى ئۇنىڭ،
ھېسداشلىققا كۆنمىگەن پەقەت.

قاغا قونۇپ كۈيلىسە مۇڭسىز،
ئەللىيىگە بۆلىنەر ئۇزاق.
ئۆزى سەزگەچ شۈكرىنى بايلىق،
ئىپتىخارى كۆتەرگەن بايراق.

## ھېسلار چۇقانى

نەدىن تاپاي زور سۆلەتنى يۈرەككە،
سەن بەرمىسەڭ كۆزلىرىڭدىن نۇر - گۆھەر.
مېنى قانداق قەتلى قىلسۇن تۈنۈگۈن،
بۈگۈن كۈلسە يېڭى تىلەك، ئوق نەزەر.

ئىشەنچ بەرسەڭ چۇقان سېلىپ ئالدىدا،
نېچۈن مېنىمەي تۇلپار قىلىپ تاغلارنى.
ئارمان بەرسەڭ نېچۈن چۆلگە باشلىماي،
ناخشام بىلەن يېشىل بوستان باغلارنى.

ئالۋۇنلاردا كۆزۈم قانداق ئېزىلسۇن.
يوللىرىمغا باشلاپ كەلسەڭ قۇياشنى.
ئايلانمىسۇن كۆلگە قانداق يېتىرقاش،
كۆلكەڭ بىلەن يېقىۋەتسەڭ ئوتقاشنى.

نۇر بەرمىسەڭ دۇر بەرمىسەڭ كۆزۈڭدىن،
نۇر تۆكۈلسۇن قانداق مېنىڭ جىسمىمدىن.
بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىدە مەن ئۈزسەممۇ،
قانداق چىقاي ئۆزۈك تۈزگەن قىسمىدىن.

## قىزغىنلىق

خۇشاللىقنى تۈتۈنسىمان كۆيدۈرۈپ،
ئازار ئۈچۈن تۇغ كۆتۈرەر قىزغىن سۆز.
خارۇ - خەسكە ئايلىنىدۇ زەر گۈللەر،
ئۆز سەتىنگە ئالغان چېغى قىزغىن كۆز.

زەھەر پۈركەپ قىزغىن نىيەت، قىزغىن دىل،
قىلىچ ئۇرار پاك دىللارغا ھەر قاچان.
چوقۇپ كۈننى قىزغىن تۇيغۇ، قىزغىن ھېس،
ئۆزگىلەرگە باشلاپ كېلەر تۈن - تۇمان.

تەۋەللۇتتۇر قىزغىنلىقتىن ئالەمگە،
قىزغىن كېسەل، قىزغىن جىسىم، قىزغىن يول.
قىزغىن دىلدا چايان بارۇ - چايان بار،
چايانلارنى ئۆلتۈرەلمەس قىزغىن قول.

قىزغىنلىقنى قارغاپ تۇرۇپ ناۋادا،
قىزغىن يولغا بېسىپ قالسام ئامال يوق.
قىزغىن يولدا تۈز دەسسەيمەن ئەبەدى،
قىزغىن يادىن چىققان كەبى تۈپ-تۈز ئوق.

مۇھەممەتجان ئەمەت

# دوستۇم بۇڭا رەنجىش بىمەنە

## چۈشتىكى ھەمراھ

دەھشەت ئۆلۈم قالدۇرغان سايە،
ئۇچقۇر دەريا ياتار بىـ‍ى دەرمان.
شۇنچە لەرزان ئايلانماقتىمىز،
گۈزەل چۈش كەڭ ئېتەكلەر يايغان.

بىلدىم، گىرە سالدى ئەرۋاھ قول،
بىلدىم كۆزلەر بولغان پۈتتۈشۈپ.
ئۈيات تاشلاپ كەتكەن شولىلار،
تۈرار بارچە بىزگە كـۈلۈشۈپ.

تاپالمىدى نىچۈن داللار،
ئاختۇرمىدۇق نىچۈن بىز ئورمان؟!
تاڭنى كۈتۈپ زىرىككەن ئاخشـام،
چۈشلىرىنى تاشلاپ يوقـالغان.

## كېچە

كېچە.
تور تاشلىغان چاچلار سەن ئېپار،
تالاي دەريا باغلانغان قـاچقۇن.
كـۆزلەر قۇرغان ئاداققى ساداق،
مەيلى بولسا بىردەمگە تۇتقۇن.
ھەيران ئاسمان ئاچقان مىڭ كۆزنەك،
ئۆچكەن يولغا بولۇشار جىسمەك.

## كۈندۈز

كۈندۈز،
سۈتتەك شولا چاچرىغان چېچەك.
بەلـكى ھۆسن تاپقان بىر گـۈزەل.
ئەركە بوۋاق يۈتتۈرگەن ئەمچەك،
تۇرغايلاردىن سورىغان غـەزەل.

خۇددى نېگىر قىزىنىڭ لېۋى،
تۇتالمىغان چىشتۇر يوپ - يورۇق.
ھەتتا ئاخشام تاپقان خۇشاللىق،
قايرىۋەتكەن يۈزلەردىن يوپۇق.

### دوستۇم، بۇڭا رەنجىش بىمەنە

1

ئابىدە تېشىدەك تىرىك خىياللار،
بەلكى باغدا يۈرگـەن بىر ساياق.
چۈۋۈشلىرى ھەقلىق ئۆتمۈشنى،
ئەتىگەنلەر تۇغقان ئىشتىياق.

كىم قويۇپتۇ ساڭا ماختاشنى؟
ئەرۋاھلارنىڭ ئىقرارى تـولۇق.
كىم قويۇپتۇ كۆللەرنى ئالداپ،
بېلىقلارنى قالدۇر دەپ قۇرۇق.

كىم كۆرۈپتۇ ئـۆلگەن چۆچەكنىڭ،
قەبرە كەبى ياتقىنىن زۇمچەك.
مۇمايلارغا كايىش ئەخمەقلىق،
ھامان ئۇلار بىزگە كۆڭۈلچەك.

كۆپتۇر توغرا چىققان جاۋابلار،
كەچۈر باردۇر كەتكىنى خاتـا.
چىنە يايغان ئاق نىلۇپـەرنىڭ،
بەلكىم ئاخشام كۆلگىنى خاتا.

مەن ئۆڭكۈردىن ئىزدىگەن چۈشنى،
سەن يايسەن دېڭىزغا بەزەن.
مەن ئىزدىگەن ئايدىڭنى ھەتتـا،
بىرەلمەيدۇ توز رەڭ ئەتىگەن.

قەبرىستانغا يانغان شولىدەك،
ئەقىلسىز روھ سىزغان كۆلەڭگە؛

تالاي بەردى خاتا يوللاردىن،
چىدام بېرىپ خاتا ئەلەمگە.

تەۋرىشلارغا كۆنۈك تۇنلەرنىڭ،
رەنجىشلىرى ئارتۇق سەۋداغا.
چېقىنچىلىك تەبەسسۇم ئۈچۈن،
قىزىق چۈشلەر ئۆلدى دۇنيادا.

چۈشۈپ مېنى رەنجىتكەن يوللار،
مەندىن بۇرۇن بولمىغان مەۋجۇت.
باش سۆڭەكتە قاتقان خىيالنىڭ،
تېنچلىقىن بوزۇشتى قۇرت.

دوستۇم، بۇندا رەنجىش بىمەنە،
بىمەنە ھەم قوۋانماق پۈتۈن.
سەن بىلدىڭمۇ؟
مەن كۆڭگەن قانداق،
سەن كۆيۈپسەن كىم كۆردى تۈتۈن؟

ئىقرار، كېچە ئۇنتۇلسام دەقىق،
ئىقرار، ئەسلەپ ئۆتتۈم بىر ئۆمۈر.

كەچتە دولقۇن قوغلاشقان خىيال،
چاچلىرىڭدا قالدۇرغان بۇدۇر.

كىم تۇنىڭنى قاقشاتقان تەكرار؟
كىم چۈشۈڭگە پەر سۇنغان زەنگەر؟
مەيلىڭ پۈتمەي رەنجى، رەنجىمە،
تاشلىمىسۇن كۆزلىرىڭ شەلپەر.

قوي قەسەمنى ھودۇققان كۈلكە،
مۆكۈنۈشتىن زېرىكتى قۇياش.
مېڭىلمىغان يوللار كۆپ تېخى،
كەل قولۇم تۇت بولساڭ سەپەرداش.

دوستۇم، بۇندا رەنجىش بىمەنە،
بىمەنە ھەم كۆل مەيلى ئوخشاش.
باس...!
لېۋىڭنى تارتمىغان چاقماق،
ئىزدەر كۆزدە بولدانى ئوتتاش.

ئەھمەتجان قادىر

## ئەلۋىدا، ئەھمەت زىيائى

بەللەردە ئاق،
خەلقىم كۆزىدىن
يامغۇر كەبى تۆكۈلمەكتە ياش.
(يىغلىماستىن بولارمۇ مۇمكىن
بۇ مۇسىبەت - قايغۇغا چىداش.)

ئەھمەت زىيا دېسە ھەر كىمنىڭ
كۆز ئالدىغا كېلەر بىر سىما:
شېئىرلىرى توزىمايدىغان،
ئوتلۇق شائىر - ئۆچمەس نۇر - زىيا،

ئارىمىزدىن ئېپ كەتتى ئەجەل،
رەھىم قىلماي ئاشۇ ئىنسانىنى.
ئېپ كەتتى يۇ،

ئېپ كەلدى ئەمما
بىزلەر ئۈچۈن ئېغىر پىغاننى،
ئەل قايغۇرۇپ يىغلىدى شۇنچە
يىغلىدى كۆك،
يىغلىدى ساما.

سۆكۈتتە باغ - ئورمان،
قىلمىدى —
قۇشلارمۇ شوخ ۋىچىرلاپ ناۋا.
نېمىلەرنى قىلمايدۇ خىيال
شۇدەم باغرى چاك - چاك مۇئەللەپ،
«بۇ جۇدالىق سالغاچ ئېسىگە
كەچمىشلىرىدىن بىر - بىرلەپ تىزىپ

بىرگە ئىدىم —
(مەن ياش ئۇ قېرى،
قانخور يىللار پەيتى مۇشەققەت.
گۇناھ ئىدى ئۇ چاغ دىلدىكى
پىنھانە سىر - سۆيگۈ - مۇھەببەت.

تۇرمە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش
مەيدانلىرى بولسا ئىمتىھان.
غالىب كەلدى ھامان ئۇنىڭدىن،
ئۇنىڭدىكى سۆيگۈ لىق ۋىجدان.

تىل كېسىلگەن پەيتتە تەپەككۇر،
ئىلىم سۆيەر ئادەم ئۈچۈن بەس.
مىلىك نوتۇقتىن ئەۋزەل، بەۋزە —
سۆزدىن ھەزەر ئەيلىگەن نەپەس.

مەن كۆرەتتىم ئۇنى ھەر كۈنى،
شۇ ھالەتتە —
(ئەمەس ھېچ يالغان،
كالللىسىدا بىر دەريا پىكىر
شۇنچە جىمىغۇر، غەمكىن خىيالچان.

ئۇ نەزەربەند لېكىن پىكىرنىڭ
قۇشى ئەركىن قىلغانتى پەرۋاز.
تىزىپ ئاشىق - مەشۇق قىسسىسى
ئۈچۈن چىمەن - جەننەتكە ئەنداز.

پۈتكەن شۇندا «رابىيە - سەئىدىن»
داستانىمۇ ئاخىر يېزىلىپ،
قەلبىگە چىلىك، ئولتۇرغان چېغى
تامنى يۇلەپ دەرتتىن ئېزىلىپ.

ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن يۇكسەك
سانىلاتتى ئىجادىي ئەمگەك.
ئىلىمنى دەپ ئۇنتۇپ ئۆزىنى
قان تەرىدىن ئەلگە نەپ بەرمەك.

چۈشەنسۇن دەپ ھازىرقى تىلىدا،
شۇ قەدىمى كىتابنى ئاۋام.
شەرھى يېزىش - تەرجىمە ئىشىنى
ئەتتى تۆت يىل ئىچىدە تامام.

ئۇ ئىدى ئاھ شۇنداق يېتىلگەن
بىر شائىركى، نە شائىر — ئالىم،
تارىخچىلار دېسە پىر كامىل،
ئۇستازىمىز دەيتتى ھەر نازىم.

مىسرالارنى تۇرغۇزدى قاتار،
ئەزرائىلغا ئاچچىق كايىشىم.
نېمىلەرنى دېگۈزمەس ھەسرەت،
ئاشقان تۇرسا چەكتىن نالىشىم.

ياخشىغا كۈن - يامانغا ئۆلۈم
يوق دېگىنى شۇمىكىن زادى.
رازى بولغىن، شۇ بولسا تەقدىر
ئەلۋىدا،
ئاھ، ئەھمەت زىيائىي.

ئۈچقۇنجان ئۆمەر

## ئەھمەد زىيائىي ھەققىدە مۇخەممەس

ئەي زىيائىي، ئۆلۈمىڭگە، كۆلپىتىڭگە يىغلىدىم،
كۆز يۇمۇش ئالدىدا ئۇتقان غەيرىتىڭگە يىغلىدىم،
تېلۋىزور، ئېكراندىكى خۇش سۆھبىتىڭگە يىغلىدىم.
شۇم زالالەتكە ئېتىلغان جۈرئىتىڭگە يىغلىدىم،
ئەل - ۋەتەن ئىشقىدا كۆيگەن خىسلىتىڭگە يىغلىدىم.

دوررى زەر قازدىڭ قەلەمدە سەن چېكىپ جەۋرى ئېغىر،
«رابىيە - سەئىدىن» ① ئۈچۈن، ئاھ، بىر ئۆمۈر قىلدىڭ زىكىر،
«ئاڭ گېزىتى» ② بولدى مۇشتاق، يازغىنىڭ ئالتۇن پىكىر،
بولدى كۆمپەيكۇم رەقىبلەر ھەم ساڭا تۈزگەن مىكىر،
ھەر كىشى ئۆتسۇن سېنىڭدەك، قىسمىتىڭگە يىغلىدىم.

خەلقىمىزگە چىن مۇھەببەت يازمىشىڭنىڭ جانىدۇر،
يىغلىسا يۇرت بىللە يىغلاپ، بىللە كۈلگەن دائىمدۇر،
كۆڭلى ئۇ، ئەلنىڭ ساڭا تۇتقان ھالال سۈت، نانىدۇر.
«گۈل ۋە بۇلبۇل» دەك ئەسەرلەر مەڭگۈ پارلاق يانىدۇ،
تاڭ ئۈچۈن چەككەن رىيازەت، ھەسرىتىڭگە يىغلىدىم.

«ئەل ئۈچۈن تارتقان ئازابنى تەڭ - دېدىڭ، — شاھ تەختىگە.»
مېھرى - شەپقەت ياغدۇرۇپ مىسكىن - يېتىملار بەختىگە،
نۇر - زىيا كۆزلەپ ۋەتەنگە، كۈننى ئۇلاپ ھەپتىگە،
قادىلىپ ئۇقتەك رەقىبكە ھەم ئۇنىڭ سەت ئەپتىگە،
يوللىغان گۆرگە - لەھەتكە، قامىتىڭگە يىغلىدىم.

ئۆتتى ئۆمرۈڭ ئىزدىنىپ ئەل دەردىگە دائىم داۋا،
ۋە لېكىن تەتۈر پەلەك كۆپ چاپلىدى تۆھمەت - بالا،
تۈرمە - زىندان ئىزدىنىشىڭنىڭ پۇرسىتى بولدى ساڭا،
بۇ ھاياتلىقنىڭ ئۆمىدى قايتىدىن ياندى يانا،
بىباھا تاپقان ئاشۇ كۆپ قىسمىتىڭگە يىغلىدىم.

بەختىمىز ساماسىنىڭ چىن يۇلتۇزى ئېرپان دېدىڭ،
قاپقارا تۇرمۇش تۈنىنىڭ مەشئىلى، چولپان، دېدىڭ،
ئىلمۇ ئېرپان نەدە بولسا، شۇ ماكان بوستان، دېدىڭ،
مەرىپەتسىز ئۆزگە يۇرتنىڭ راھىتى ۋەيران، دېدىڭ،
راست دېدىڭ، ھەقنى دېدىڭ، بۇ قۇربىتىڭگە يىغلىدىم.

ئاھ، ئىدىڭ ئەھمەد زىيائى نۇرغا ئامراق شۇقەدەر،
تاشقا مۆھۈر باسقان كەبى تۆھپەڭ ئۇلۇغتۇر ئەي پەدەر،
تۆرگە سەن لايىق زامانداش، ئەقلى ئۆتكۈر، ساپ گۆھەر،
بۇ مۇخەممەسنى ساڭا خوپ كۆردى ئۈچقۇنجان ئۆمەر،
جەننەتى بولغاي ئىلاھىم، سۈرىتىڭگە يىغلىدىم.

---

① شائىرنىڭ شۇ ناملىق داستانى.
② ئازادلىقتىن ئىلگىرى قەشقەردە نەشر قىلىنغان دېموكراتىك گېزىت.

ئابلىكىم تۇردى

# شېئىرلار

## ئەلۆيدا

ئەلۆيدا، پىر شائىر ئەھمەد زىيائى،
ئەلۆيدا، سەنئەتكە ئاشىق - پىدايى.
مۇجەسسەم ئىدىكى جۇشقۇن قەلبىڭدە
سەئىدىنىدەك ①مەردلەرنىڭ ئارمان - خىيالى.

يېقىندا زىيارەت قىلساق يارانلار،
روھلىنىپ بەرگەنتىڭ ئىلھام - دەرمانلار.
نەكەتتىڭ ۋىجدانلىق پېشىۋا شائىر؟
قىينالدى ھىجرىڭدە بۇ ئېزىز جانلار.

گاھىلار تىكلىسە پۇل - مالدا ھەيكەل،
تىكلىدىڭ سەن ئىجاد - ئەجرىڭدىن مۇنار
«رابىيە - سەئىدىن» ھەم «ئىلمى ئابىدە②»
كۆرسەتكەن تۆھپەڭنىڭ مىسالى بولار.

سەن ئىدىڭ مەرىپەت، شېئىر چولپانى،
پۈتكۈل ئەل، شەرققە، جاھانغا مەشھۇر.
تىز پۈكمەي دەھشەتلىك شىۋىرغانغىمۇ،
ئۆمرۈڭنى مەنىلىك ئۆتكۈزدۈڭ مەغرۇر.

مەرىپەت نۇرىنى يەتكۈزدۈڭ ئەلگە،
بىر ئۆمۈر تەر تۆكۈپ، چېكىپ رىيازەت؟
ئەۋلادلار تا ئەبەت يادلايدۇ سېنى
قۇچاقلاپ قەبرەڭنى — قىلىپ زىيارەت.

## پارچىلار

روبائىي يازمىقىم ئىچ پۇشقىمىنى
چىقىرىش ئەمەستۇر زادى دوستلۇرۇم؛
يېشىلسە دىلدىكى چىگىش تۈگۈنلەر
شۇ مېنىڭ شادلىقىم مەڭگۈ خۇشلۇقۇم!

## ئەقىل مۇنارى

مال، پۇل، دۇر...بىلەن بىزەلگەن بىنا
ئۈزۈلدى كونىراپ، بولدى گۆرىستان؛
تەپەككۇر - ئەقىلدىن تىكلەنگەن «مۇنار»
تىك تۇردى مىڭ يىللاپ، مىسلى «گۈلىستان»③

## ئەخمەق

ئەخمەقسەن: ياشايسەن تىخدا ئېلىنغان
نى ئامەت، بايلىقنى گەپ بىلەن «ئېلىپ»؟
ئەمەلدە «ئولجاڭ» دىن كۆرمەيسەن راھەت
يۈرسەڭمۇ زارلىنىپ - باغرىڭنى «يېرىپ»!

## بولامدۇ ئۇسال

ھەقىقەت ئاشنا مەردانىلەرگە،
نامەرتكە، ناكەسكە سەپسەتە قورال؛
ياپمىسا غەرەزنى سەپسەتە بىلەن
ھەقىقەت ئالدىدا بولامدۇ ئۇسال؟!

① مەرھۇمنىڭ «رابىيە - سەئىدىن» داستانىدىكى پېرسوناژ.

② مەرھۇمنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە يېزىپ قالدۇرغان «ئىلمى ئابىدىلەر» ناملىق قۇرغۇچىلىرى يۈسۈپ ۋە مەھمۇت» ناملىق زور ھەجىمدىكى شېئىرى قىسمى نەزەردە تۇتۇلغان.

③ سەئىدىنىڭ «گۈلۇستان» داستانى كۆزدە تۇتۇلغان.

### يارىمغا

غەم - تەشۋىش قىلىسەن ئۈمىد ئىچىدە،
ئۈمىدلىك ياشايسەن تەشۋىش ئىچىدە؛
تۈتۈپباق قەلبىڭنى ئەنسىز جانانىم،
كۈندۈزى كېلەمسەن ۋە يا كېچىدە؟!

### مۆجىزە - كەشپىيات

مۆجىزە كەشپىيات مۇقەددەس نېمە،
ئاسانلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ دېمە.
ئۇنىڭ تىك، خەتەرلىك داۋانلىرىدا
ياتىدۇ نى توسقۇن، بەدنىيەت «دىۋە»!

### بولار قىيامەت

«خەلقىمگە چاكار» دەپ چەكتىم رىيازەت،
كۆرسەتكەن «قىبلەڭ» گە قىلدىم ئىبادەت.
ياي قۇشۇم يوقاتتىڭ چاكارلىقىڭنى
شىللامغا مىندىڭسەن چەكتىم رىيازەت.

### قانۇنغا خىتاب

(بىر داۋاگەر ئاغزىدىن)

خۇدانىڭ ئەمرىدەك مۇقەددەس قانۇن،
شاھ، قۇلغا ئوخشاش تىغ، بازاردا ئۆتسە،
تۆگىسە قانۇننى شاختەك ئىگىشلەر
ھىيلىلەر، مىكىرلەر ماز ارغا كۆچسە.

### ئۆتەر زارلىنىپ

ئەل - يۇرتتىن يۈز ئۆرۈپ ياتقا باغلانغان
بىر كۆنىمۇ شادلانماي ئۆتەر زارلىنىپ؛
ئۇندىكى ئادەملىك سۆيگۈگە ئەمەس
قالغاندۇر قورساقۇ گالغا باغلىنىپ.

### قەسەم ئىچكەنگۇ

بىز قەسەم ئىچكەنگۇ «ۋاپا» ئالدىدا،
سۇيىقەست قىلمىغىن ئەمدى دالدىدا؛
قاغىمۇ قاغىغا قەست قىلماس ئىمىش
ئادەمبىز چانمايلى مەخلۇق ئالدىدا.


### تەركى دۇنيالارغا

تەركى دۇنيالارنىڭ دوستى يوق بولۇر،
ئەل بىلەن يۇرت بىلەن خۇشتى يوق بولۇر؛
سۆيىمۇ شوللار دېرىزىسىنى
ئاخىرى زۇلمەت تۈن ئاڭا ئوق بولۇر.

### بىر ۋاپاسىزغا

بىۋاپا مەن سەندىن بىزار ئەمەسمۇ
دەردىڭدە ئۆتكەچمەن قان-زەرداپ يۇتۇپ؛
ئۇنتۇما دەيسەنكى ياخشىلىقىمنى
ئەسلەيمەن نېمەڭنى ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ؟!





# ھايات كۈيپىسى

غاپپار تەۋەككول

(پوۋېست)

1

مەن ھەر كۈنى ئىشىكنى ئېچىپ ئىككى قەدەم چامداپ توختايمەن ـ دە، سۇف! دەپ قويىمەن. بۇ سۇفلىرىمنىڭ نېمىگە پايدىسى بارلىقىنى بىلمەيمەن، بىر چاغلاردا دادامنىڭ بىرەر نەرسىنىڭ ئامانلىقىنى تىلىمەكچى بولسا قانداقتۇر بىر ئايەتلەرنى ئوقۇپ ئاندىن ئاشۇ نەرسىگە قاراپ كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ قېتىم سۇفلەپ قوياتتى. ھەتتىكەي، دادام شۇ چاغدا قايسى ئايەتنى ئوقۇۋىدىكىن؟ قانداقلا بولمىسۇن، مەنمۇ ھەر قېتىم بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىپلا ئۆزۈمگە بەلگىلىك بولغان جايغا ئۈچ قېتىم سۇفلەپ قويىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھېچقانداق كۈچ تەلەپ قىلمايدىغان، ئاۋارىچىلىقى يوق ئىش بولغاچقا، يىگىرمە يىلدىن بۇيان مۇشۇنداق قىلىپ كېلىۋاتىمەن.

سۇف! يا خۇدا، بۇ نېمە كارامەت!

يۈگۈنمۇ سۇف دەپ بولغاندىن كېيىن يەرگە قارىدىم. مېنىڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىم كۆمۈلگەن جاي ئوچۇق تۇراتتى. مەن بۇ يەرگە قانچىلىك ۋاقىت قاراپ تۇردۇم، بىر ئاش پىشىم ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ۋاقىت قارىغاندىمەن، لېكىن بۇنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. يۈرىكىم سوقۇۋەردىمۇ ياكى توختاپ قالدىمۇ، بۇمۇ نامەلۇم. بىر چاغدا ئاھ! دېگەن ئاۋاز قۇلىقىمغا كىردى، ئۆزۈم ۋارقىرىغان ئوخشايمەن. شۇ زاماتلا يۈزۈمنىڭ تولىمۇ تەگكىنىنى سەزدىم...

بىر چاغدا قۇلىقىمغا كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى ئاڭلاندى. ئۇلار مەندىن بىر نەرسىلەرنى سوراۋاتاتتى.

— نېمە، ۋۇ تىللا دېدىلىما؟ راستىما؟

— بۇ ئادەم راست سۆزلەۋاتامدۇ ياكى يالغانمۇ؟ ئەقلىدىن ئېزىپ قالمىغاندۇ ـ ھە؟

— ھەي تاڭەي، قالغىنىنى خۇدا بىلىدۇ جۇما، مۇشۇ ئادەمنىڭ ۋۇ تىللاسى بار

ئىدى، دېمە ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.

— راست، كىشىنىڭ زادى ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. مەن بۇ ئادەمنىڭ ئۆمرىدە يېڭىراق كىيىم كىيگىنىنى كۆرگەن ئەمەسمەن. قاراڭلار، بۇ ئۆيىنى ئۆمۈچۈك تورلىرى قاپلاپ كېتىپتۇ. بىر پارچە كىگىز بىلەن يوتقان - كۆرپىدىن باشقا ھېچنېمە يوق. تۇرسا...

— مېنىڭچە تىللاسى بواسىمۇ بولغاندۇ جۇما. بۇ ئادەم بىر تىيىن چاغلىق چىقىم قىلمىسا، ھەر كۈنى بىرمۇنچە پۇلغا ئىشلەۋاتسا.

— تىللانى ئالغان ئوغرى تازا مېغىزدىنى چاقىدىغان بولدى - دە.

— يېمىگەنىنىڭ چىشىغا تاش دېگەن شۇدە. مۇنچىۋالا بايلىق يىققان ئادەم ئانچە - مۇنچە ئۆشرە - زاكات قىلىپ تۇرمىسا خۇدا راۋا كۆرەمدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئادەم بىرەر ۋاخ نامازمۇ ئوقۇمايتتى، ئەسلى يېگىلى نېسىپ قىلمىغان گەپ.

— مۇنچىلا بايلىقنى يىغىپ نېمە قىلماقچىدىكىنە بۇ بىچارە؟

— پىلانلاۋاتقان بىرەر ئىشى باردۇر بەلكىم، ياكى بىرەر مەسچىت سالدۇرۇپ قوياي دېگەن بولغىيدى...

ۋاي، بۇ ئادەملەر نەدىن پەيدا بولدى؟ ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا نېمىشقا جاۋاب بەردىم؟ ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى بىلەن يۈرىكىم تېخىمۇ مۇجۇلۇشقا باشلىدى. بۇ ئادەملەر نېمىشقا كۆزۈمگە كىرىۋېلىپ مۇنداقمىدى، ئۇنداقمىدى دېيىشىپ مېنى بىزارقىلىدۇ؟

— نېمىشقا كىرىدىڭلار؟ — دېدىم مەن ئۇلارغا.

— ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلانغانىدى، نېمە بولغاندۇ، دەپ كىرسەك تىللالىرىمنى ئوغرى ئالدى، دەپ يېتىپلا، شۇڭا...

— مەن ھېچقاچان ئۇنداق دېگىنىم يوق، سىلەر يالغان سۆزلەۋاتىسىلەر، مېنىڭ نەدە تىللالىرىم بولسۇن، — دېدىم، لېكىن ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ مىدىرلىماي تۇرۇشتى،

— خۇدا ھەققى، مېنى ئارامخۇدا قويساڭلارچۇ! — دەپ ۋارقىرىدىم ئاخىر چىداپ تۇرالماي.

— بىچارە، تىللانىڭ دەردىدە شۇنداق بولۇپ قاپتۇ - دە. بۇ ئەسلىدىمۇ باشقىلارغا ئارىلاشمايدىغان ئادەم ئىدى، يۈرۈڭلار، چىقىپ كېتەيلى.

ئۇلار چىقىپ كېتىشتى. بوغۇزۇمغا بىر نەرسە كەپلەشكەندەك بولدى. ئىشىكنى ئىچىدىن مەھكەم زەنجىرلەپ، قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان ئورۇن - كۆرپىلىرىمنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈمنى تاشلاپ يىغلاپ كەتتىم.

يىغلىماسلىقىم كېرەك ئىدى، مەن ئەسلىدىلا يىغلاشنى يامان كۆرەتتىم. لېكىن مانا مۇشۇنداق يىغلاپ تاشلايدىغان ئىشمۇ بولىدىكەن، لېكىن يىغلىغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ يوقالغان نەرسە بەرىبىر تېپىلمايدۇ. پۈتۈن كۈچۈم بىلەن يىغلىماسلىققا تىرىشتىم،

مەن مۇشۇ تەقلىدتە يېتىۋەردىم. قانچە قېتىم كۈندۈز بىلەن كېچە ئالماشتى، بۇ ماڭا نامەلۇم. بىر ۋاقىتتا قارىسام تۈڭلۈكتىن ئاي نۇرىمۇ ياكى كۈن نۇرىمۇ، ئىشقىلىپ بىر يورۇقلۇق چۈشۈپ تۇرۇپتىكەن. كۆرگىنىم پەقەت شۇ بولدى. بىرنەچچە قېتىم ئىشىكنىڭ قېقىلغان ئاۋازى قۇلىقىمغا كىردى، پەرۋا قىلماي يېتىۋەردىم.

ئەدى مېنىڭ ھايات ياشىشىمنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى قالدى؟ ئەڭ ياخشىسى ئۆلۈپلا مۇشۇ جاھاننىڭ دېشۋارچىلىقىدىن قۇتۇلۇش كېرەك!

ئۆلۈمەن دېيىش ئاسان، لېكىن ئۆلۈش تەس، ئەزرائىل كېلىپلا جاننى ئېلىۋەرمەيدۇ، شۇڭا ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئۆلتۈرۈشۈمگە توغرا كېلىدۇ. مەن ئۆلۈۋېلىشنىڭ بىرقانچە خىل ئۇسۇلىنى بىلىمەن. بىرى، ئارغامچا بىلەن ئېسىلىپ ئۆلۈش، يەنە بىرى تىغ بىلەن كېكىردەكنى كېسىش. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە زەھەر دەيدىغان نەرسە بارمىش. لېكىن مەن ئۇ نەرسىنى كۆرۈپ باقمىغان، شۇڭا بۇنىڭدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. مەن ئادەتتە تىغ ئىشلەتمەيتتىم. بىرەر تىغ تېپىلىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى ئالا قويماي ئاختۇردۇم. ئاخىر يەنە تىغ بىلەن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالسام ۋارقىراپ تاشلىشىم مۇمكىن، دېگەن خىيال بىلەن بۇ ئۇسۇلنىڭ قاملاشمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇل — ئېسىلىپ ئۆلۈۋېلىش. ئارغامچا كېكىردەكنى بىرلا بوغسا جان ئوڭايلا چىقىدۇ. ۋارقىراشقىمۇ پۇرسەت بولمايدۇ. قىدىرىشقاندەك ئۆيدىن ئارغامچا تۇرماق چوكراق بىرەر شوينىمۇ تېپىلمىدى. ئاھ خۇدا! ئۆلۈۋېلىشنىڭ قىيىنلىقىنى قارا.

تۇيۇقسىز مەھەللىمىزدىكى كۆل ئېسىمگە كەلدى، خۇشال بولۇپ كەتتىم. مۇشۇ كۆلگە ئۆزۈمنى تاشلىسام بولمىدىمۇ. ئەڭ ياخشى چارە مۇشۇ، كۆلگە كېچىدە سەكرىگىنىم تۈزۈك، بولمىسا كۈندۈزدە بىرەرسى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشى مۇمكىن، توڭلۇكتىن كۈن نۇرى چۈشۈۋاتىدۇ. كەچ كىرىشىنى كۈتۈشۈم كېرەك.

— تاك! تاك! تاك! ...

كىمدۇر بىرى ئىشىكنى قاقتى، قاقسا قېقىۋەرسۇن. ئاخىرى زېرىكىپ قايتىپ كېتىدۇ، خۇددى مېنىڭ ھاياتتىن زېرىككىنىمگە ئوخشاش.

— تاك! تاك! تاك ...

ئىشىكنى نېمانچە چىڭ ئۇرۇۋاتىدۇ، يېرىۋەتتەمدۇ نېمە؟ ئەجەبىمۇ جېنىمنى چىقاردى. ئىشىكنى قاققان كىشىنىڭ بېشىغا كالتەك بىلەن ئۇرماقچى بولۇپ ئىشىكنى ئېچىۋىدىم، كۆزۈم قامىشىپ ھېچنەرسىنى كۆرەلمىدىم. بىردەمدىن كېيىن قارىسام ئىككى ساقچى تۇرۇپتۇ. يۈرىكىم ئېغىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىرى كايىغاندەك:

— ئىشىكنى شۇنچە قاقساق نېمىشقا ئاچمايلا؟ بىز سىلىنى تېخى ئۆلگەن ئوخشايدۇ دەپتىمىز، — دېدى.

ھەئە، مەن زادى ئۆلمەكچى ئىدىم، دېگۈم كەلدى، لېكىن بۇنى ئاغزىمدىن چىقىرالمىدىم. ئۇلارنىڭ يەنە بىرى:

— شۇنچىۋالا نەرسىنى ئوغرىغا بېرىپ بىزنى نېمىشقا خەۋەردار قىلمايلا؟ — دېدى ئۇ ئۆي ئىچىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن.

— مېنىڭ ھېچنەرسەمنى ئوغرى ئالغىنى يوق، — دېدىم مەن. ئىككى ساقچى بىر-بىرىگە قارىشىپ قويۇپ بىر ھازاغىچە جىمجىت تۇرۇپ قېلىشتى.

— بولدى، بۇ گەپنى قويۇپ تۇرايلى. تىللانى نەگە كۆمگەنتىلە، شۇنى دېسىلە، ھە مايەرگە كۆمۈپتىكەنلا - دە.

ئۇلارنىڭ بىرى سومكىسىدىن ئاپپارات چىقىرىپ، چاس قىلىپ سۈرەتكە تارتتى. ماڭا دەسلەپتە گەپ قىلغان ساقچى مەندىن ئايالىمنىڭ ۋە بالامنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سورىدى. مەن گەپ قىلماي تۇردۇم. ئۇ: «نېمىشقا گەپ قىلمايلا، تولا قايغۇرغاننىڭ پايدىسى يوق، بىرەر كىشىدىن گۇمان قىلغان بولسىلا ئېيتسىلا، بىز ئېنىقلاپ تاپىمىز» دېدى. مەن ئاخىر چىداپ تۇرالماي:

— مېنىڭ نەدىمۇ ئوغرى ئېلىۋالغۇدەك تىللالىرىم بولسۇن، مېنىڭ ھېچنەرسەم يوقالغىنى يوق، — دېدىم قوپاللىق بىلەن.

— نېماندىق ساراڭ ئادەم سەن. بىزنىڭ بېشىمىز ئايلىنىپ قېلىپ كەلگىنىمىز يوق، سېنىڭ تىللالىرىڭنى تېپىپ بەرگىلى كەلدۇق.

— ئادەمنىڭ كۆڭلى جايىدا بولمىسا ئاشۇنداق بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. بۇ ئادەم بىرنەچچە كۈن بولدى سىرتقا چىقمىغىلى.

قارىسام ئىشىكتە بىرمۇنچە ئادەم قارىشىپ تۇرۇپتۇ، مانا تاماشا دېگەن!

— مېنىڭ ھېچنەرسەم يوقالمىدى. گۇناھىم بولسا قاماڭلار، يا ئۆلتۈرۈڭلار! بولمىسا يوقۇلۇڭلار بۇ يەردىن! — دەپ ۋارقىرىۋەتتىم. ساقچىلارنىڭ چىرايىغا قارىمىدىم. پەقەتلا قارىغۇم يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ راسا ئاچچىقى كەلگەن بولسا كېرەك.

— بۇ ئادەم ساراڭمۇ نېمە؟ بولدى، كارىمىز بولمىسۇن، — دېدى ساقچىلارنىڭ بىرى.

— ئۇنىڭ راستىنلا تىللاسى بولغان بولسا ئۇنى نەدىن ئالغانلىقىنى ئېنىقلايمىز تېخى.

ساقچىلار بىرنەچچە قېتىم كېلىشتى. ئاچچىقىمغا چىدىماي نېمىلەرنى دەۋەتكەنلىكىمنى بىلمەيمەن. ھەتتا بىر قېتىم:

— سىلەر ماڭا نېمىشقا يېپىشىۋالدىڭلار؟ ئوغرىغا بەرسەم ئۆزۈمنىڭكىنى بەردىم. مەن سىلەرگە ئوغرىنى تۇتۇپ بېرىڭلار دېمىگەندىن كېيىن نېمە كارىڭلار، — دېدىم.

ئاخىر ئۇلار مېنى ساراڭ ھېسابلاپ، ئىزدىمەيدىغان بولدى، قانداقلا بولمىسۇن ئۇلاردىن قۇتۇلدۇم.

مېنىڭ ئۆلۈشۈم كېرەك ئىدى، لېكىن ئۆلەلمىدىم. كۆلگىمۇ ئۆزۈمنى تاشلىمىدىم، چۈنكى مەن كۆلگە ئۆزۈمنى تاشلىسام كىشىلەر يەنىبىر مېنىڭ ئۆلۈكۈمنى سۈزۈۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ تاماشا قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قېلىشىم مۇمكىن، دەپ ئويلاپ يالتىيىپ قالدىم.

ئاھ خۇدا! نېمىشقىمۇ تۇغۇلغان بولغىيدىم! يا ئۆلگىلى يا ئارامخۇدا ياشىغىلى بولمىسا! ئۆمرۈمدە نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدىم؟ ئاشۇ لەنەت تەككۈر تىللالارنى يىغقەنمەن دەپ ئاز جاپا چەككەنمۇ مەن؟!

2

مەن تاڭ سەھەردىن باشلاپ ناماز شامغىچە ھەرە تارتىمەن، ھېرىپ كەتكەنلىكىمدىن بىلىنمىي رۇسلىيالماي قالىمەن. ھازىرمۇ شارت ـ شۇرت، شارت ـ شۇرت ... قىلىپ ھەرە تار-

تۈۋاتىمەن. مانا، كۈنىپېتىشقا ئاز قالدى. شاللارنى تىلىپ دۈۋىلەۋەتتۇق.

مەن ئەسلىدە 3 - سىنىپقىچىلا ئوقۇيالىغان. راستىنى ئېيتقاندا، مەكتەپكە بېرىشتىن زېرىككەن ئىدىم، ئوقۇش خۇشياقمايتتى. شۇڭا مەكتەپ بىلەن خوشلاشتىم، دادام ــ مۇ ئوقۇمىساڭ ئىختىيارىڭ، دېدى. ئۇ چاغدا دادام ئەترەتنىڭ كالىسىنى باقاتتى. مەن ئىككى - ئۈچ يىلغىچە لاغايلاپ يۈردۈم. بىر كۈنى دادام «بالام بىرەر ھۈنەر ئۆگىنىپ قويساڭ بولارمىكىن» دەپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ياغاچچىغا شاگىرت بولدۇم. پۈتۈن كۈنلۈك ۋاقتىم شال تىلىش بىلەن ئۆتەتتى.

خىيالغا بېرىلىپ كەتكەنلىكىمدىن قولۇمدىكى ھەرە توختاپ قالغانىدى. يەنە بىر شاگىرت مۈگدىمەكتە ئىدى. شۇ چاغدا ئۇستامنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. بىز ھاپىلا - شاپىلا ھەرىگە تۇتۇندۇق.

ئۇستام مېنى چاقىرغىلى ئۆيىمىزدىن ئادەم كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. مەن ئۆي - ئۆمدىكىلەرنىڭ مېنى چاقىرتقانلىقىدىن ئىنتايىن مىننەتدار بولدۇم. چۈنكى ھېرىپ ھالىمدىن كېتەي دەپ قالغانىدىم. بىر ئاز ئارام ئېلىۋالىدىغان بولدۇم - دە.

ئۆيگە كىردىم. ئانام ۋە بىرنەچچە تۇغقانلىرىمىز دادامنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋاپتۇ. دادامنىڭ ساقىسىز بولۇپ يېتىپ قالغىنىغا خېلى ئۇزاق كۈنلەر بولۇپ قالغانىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ ئۇڭدا ياتاتتى. مەن دادامنىڭ قېشىدا تىزلىنىپ ئولتۇردۇم.

— دادىسى، كۆزلىرىنى ئاچسىلا، قارىسىلا، ئوغلىمىز كەلدى، — دېدى ئانام. ئۇ يىغلاۋاتقاندەك قىلاتتى. دادام كۆزىنى ئېچىپ:

— ئوغلۇم. كەلدىڭمۇ؟ — دېدى.

— ھەئە دادا، مەن كەلدىم، — دېدىم.

— ساڭا ئېيتىدىغان بىر گېپىم بار بالام ... — ئۇ بىر ئاز دېمىنى ئېلىۋالدى، — ئادەم ھاياتىدا مەقسەتلىك ياشىشى كېرەك، بولمىسا ھايۋان بىلەن پەرقى بولماي قالىدۇ، بالام ... مەن ئۆمرۈمدە بىرەر قېتىم ھەرەمگە بېرىپ كەلسەم، دەپ ئارزۇ قىلغان. لېكىن قولۇمنىڭ قىسقىلىقىدىن ھەرەمگە بارالماي ئارماندا كەتتىم. شۇڭا ... كېيىنچە پۇللۇق بولۇپ قالسا مېنىڭ ئارزۇلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرار دېگەن ئۈمىدتە سېنى ھۈنەر ئۆگىنىشكە ئاپىرىپ بەرگەن بالام ... سەن چوقۇم ...

دادام جىمىپ قالدى، ئۆيدە ۋار - ۋۇر يىغلىغان ئاۋازلار ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. مەن خىيالغا كەتتىم.

مەن دادامنى ھېچنەرسىنى بىلمەيدىغان قاراتۇرۇك ئادەم، دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىكەنمەن. ئۇمۇ كۆپ ئىشلارنى ئويلايدىكەن ئەمەسمۇ. دادام يەنە بىر ئاز ياشىغان بولسا ئۇرغۇن گەپلەرنى دەپ بېرەركەن، ھەي ئىسىت. بۇنداق گەپلەرنى ماڭا نېمىشقا بۇرۇنراق دېمىگەن بولغىيدى؟ ياكى ئۆلۈش ئالدىدا دەيدىغان قائىدە بارمىكىن؟ دادام ھەرەمگە بېرىش توغرىسىدا گەپ قىلدى. راست! ھەممە ئادەم بېرىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن ئاشۇ جاي زادى قانداقراق يەردۇ؟ ئۇ يەرنى بىر كۆرۈۋېلىشمۇ چوڭ ئىشقۇ.

قاتتىق ھېرىپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن مېنى ئۇيقۇ بېسىشقا باشلىدى. ئۆيدىكى يىغا -

زارە تېخى بېسىلمىغانىدى. بىرسى قولىقىمغا «ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال» دېدى. ئۆزۈمنى قانداق تۇتۇۋالىدىغان بولغىيدىم-ھە. مەن تاغامدىن دادامنى قاچان يەرلىككە قويىدىغانلىقىمىزنى سورىدىم، ئۇ، ئەتە يەرلىككە قويىمىز، دېدى. ئۇ، كېچىچە قانغۇدەك ئۇخلىۋالىدىغان بولدۇم-دە. مەن ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ ئۆزۈمنى داق يەرگە تاشلىدىم. مېنى شۇنداق قاتتىق ئۇيقۇ باسقان ئىدىكى، يېتىپلا ئۇخلاپ كېتىشىم مۇمكىن ئىدى. لېكىن شۇ چاغدا كىمدۇر بىرى مېنى تۈرتكەندەك قىلدى. كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، تاغام ماڭا مىختەك قادىلىپ تۇرۇپتۇ، «قوپ ئورنۇڭدىن، داداڭ ئۆلۈۋاتسا ئۇخلىغىنىڭ نېمىسى» دېدى ئۇ. ئەسلىدە مەن «كېچىچە ئۇخلىمىسام دادام تىرىلىپ قالامتىمۇ» دېمەكچى ئىدىم، لېكىن ئۇنداق دېيەلمىدىم.

— ئەمىسە مەن قانداق قىلىمەن؟

— كېچىچە داداڭنىڭ يېنىدا ئولتۇرىسەن.

— ئولتۇرۇپ نېمە ئىش قىلىمەن؟

— سەن يىگىرمە نەچچىگە كىرگەندىمۇ ھېچ ئادەم بولمايسەنا؟ قوپە، تولا گەپ قىلماي!

مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ دادام ياتقان ئۆيگە چىقتىم. ئۆينى جىن چىراغ غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. مەن دادامنىڭ يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇردۇم، بىر چاغدا مېنى كىمدۇر بىرى شۇنداق تۈرتكەندەك قىلدى. كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، دادامنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈمنى تاشلاپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. مېنى تىترەك باستى، ئۇيقۇم نەگىدۇ يوقالدى.

سەھەردە تاغام ماڭا دادامنىڭ ئۇزۇن يەكتىكىنى كىيدۈرۈپ قويدى، بېشىمغا دادامنىڭ كونا سەرپۇش تۇمىقىنى كىيدىم. بېلىمنى ئاق خەسىدە باغلىدىم. تاغام بىردەمدىن كېيىن جامائەتنىڭ كېلىدىغانلىقىنى، شۇ چاغدا ھويلىغا چىقىپ يىغلايدىغانلىقىمىزنى ئېيتتى ۋە: «ئەسلىدە بۇ گەپنى دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. لېكىن سەن قائىدە-يوسۇن بىلمىگىنىڭ ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتىمەن» دېدى.

ھويلىغا ئەڭ دەسلەپتە قوشنىلىرىمىز كىردى. شۇنىڭ بىلەن تاغام، ئۇنىڭ تۆت ئوغلى ۋە ئىككى تۇغقىنىمىز كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلىدى. مەن يىغلاي دەپ شۇنچە تەمشەلسەممۇ كېلىمىغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك ھېچبىر يىغلىيالمايۋاتاتتىم. مەن دادامنىڭ يالغۇز ئوغلى تۇرۇقلۇق يىغلىمىسام باشقىلار نېمە دەر؟ يۈرىكىم قىسىلغاندەك بىئارام بولۇپ كەتتىم. بۇنداق ھويلىغا چىقىۋېلىپ يىغلايدىغان قائىدە قاچان پەيدا بولۇۋىدىكىن؟ ئۆيدىنمۇ ئاياللارنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن تۇغقانلىرىمىزنىڭ دادامغا مۇنداق كۆيۈمچان ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىكەنمەن. پەقەت مەنلا كۆيۈمسىز ئوخشايمەن، لېكىن مەن يىغلىمايمەن دېمىدىمغۇ، يىغلاش دېگەننىمۇ ئۆگىنىپ قويسا بولغۇدەك.

كىرگەن جامائەت ھويلىدىكى سۇپىغا جايلاشقانىدى، مەن ئۇلارغا ئارقامنى قىلىپ تۇرغاچقا، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى كۆرەلمەيتتىم. ئۇلار خۇددى بىر توپ ھەرىلەردەك غوڭۇلدىشىپ سۆزلىشەتتى. مەن پەقەت ئۇلارنىڭ «جۇمە نامىزىغا ئۈلگۈرتۈپ...» دېگەن سۆزلىرىنى يېرىم-ياتا ئاڭلاپ قالدىم. ئېنىقكى، جۇمە ۋاقتىغىچە مۇشۇنداق تۇرۇدىغان گەپ.

جۈمە ۋاقتىغىچە پۈتۈم شۇنداق تېلىپ كەتتىكى، پەقەتلا بولالماي قالدىم.

بىز ئاق باغلىۋالغانلار جىنازىنىڭ ئالدىدا كېتىپ باراتتۇق. مەندىن باشقىلىرى «ۋاي دادام!» دېيىشىپ يىغلاپ كېتىپ باراتتى. مەن پات - پات كەينىمدىكى جىنازىغا ئۇرۇلۇپ كېتەتتىم - دە، لېۋىمنى چىشلەپ چوڭراق چامدايتتىم.

ھاۋا تونۇردەك قىزىپ كەتكەندى، ئۇچامغا ئۇزۇن چاپان كىيىپ، ئاق خەسىدە بېلىمنى باغلىۋالغانلىقىم ئۈچۈن، بەدىنىم قىزىق سۇدا كۆيۈۋاتقاندەك ئېچىشاتتى. سىرپۇش تۇماق تېگىدىن ئاچچىق تەر ئېقىپ كۆزۈمگە ساقىپ چۈشەتتى. يوغان ئۆتۈك بىلەن ھوشۇقىمغىچە قىزىق توپىنى كېچىپ كېتىۋاتقىنىم ئۈچۈن پۈتۈم تەرلەپ، مېڭىشقا تېخىمۇ قولايسىز بولماقتائىدى. مەن ئالدىمدىكى يىغلاۋاتقانلارغا قارىدىم، تاغام چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمگەن ھالدا يىغلاپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىن ئېقىۋاتقان تەرلىرى ياشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇنىڭ قارامتۇل يۈزىنى تولىمۇ قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. مېنىڭ ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئىچىم ئاغرىدى. ئەگەر مۇشۇ ۋاقىتتا توساتتىن ماغدۇرسىزلىنىپ يىقىلىپ چۈشسەم نېمە بولۇپ كېتەرمەن، دېگەن ئەندىشە مېنى قىينايتتى.

ئارقامغا قايرىلىپ قارىغان ئىدىم، جىنازىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن ئادەمنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەن تونۇمايدىغان ئادەملەر كۆپ ئىدى. بىردىنلا دادام كېسەل بولۇپ ياتقان مەزگىل ئېسىمگە كەلدى. ئانام پۇل تاپالماي ئۇيان - بۇيان چېپىپ يۈرگەندە، دۇنيادا رەھىمدىل ئادەملەر يوق ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالغانىدىم، مەن بۇرۇن ئادەملەرنى راستىنلا خاتا چۈشەنگەن ئىكەنمەن. بۇلار دادامنىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرۇپ كەلگەنلەر ئىكەن. قەبرىستانلىققا تېخىچە يېتىپ بارالمايۋاتاتتۇق. تۇيۇقسىز دادامغا غەزىپىم كېلىپ قالدى، ئەگەر ئۇ ئۆلمىگەن بولسا مۇنداق قىينىلىپمۇ كەتمىگەن بولاتتىم. دېمەك، ھەممە جاپا ئۆلگەندە تۈگەيدىغان ئوخشايدۇ، دادام بولسا ھەممە جاپادىن خالاس بولدى. تېخى ئۇنى تۆت ئادەم تالىشىپ كۆتۈرۈپ ماڭماقتا. ئەگەر مەن ئۆلسەممۇ كىشىلەر جىنازامنى مۇشۇنداق تالىشىپ كۆتۈرۈپ ماڭارمۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم.

دادامنى يەرلىكىدە قويىدىغان چاغدا، تاغام يۈزىنى ئاق ياغلىق بىلەن باغلاپ، يەنە ئىككى ئادەمنىڭ ياردىمى بىلەن دادامنى گۆر ئىچىگە ئېلىپ كىردى، بۇ چاغدا مېنىڭ يۈرىكىممۇ سوغۇرۇلۇپ چىقىپ دادام بىلەن گۆرگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك بولدى.

«دادا، قورسىقىم ئاچتى»، «مانا بالام، بۇنى يە». «دادا، مېنى كۆتۈرگىنە»، «چوڭ بولغاندىمۇ كۆتۈرەمدىم، بالام»، «ياق كۆتۈر»، «ماقۇل كۆتۈرەي، مېنىڭ ئاپئاق قوزام». «دادا، قورقۇۋاتىمەن»، «نېمىدىن قورقۇۋاتىسەن بالام»، «قاراڭغۇدىن، كۆزۈمگە بىر نەرسە كۆرۈنۈۋاتىدۇ»، «قورقما بالام، مەن يېنىڭدا، مېنى چىڭ قۇچاقلىۋالغىن، ئانىسى، بالىمىزغا ئوبدانراق قارىغىن ئاغرىپ قالمىسۇن». «دادا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نەگە باردىڭ، سېنى بەكمۇ كۆرگۈم كەلدى»، «ساڭا نان تېپىپ كەلدىم ئوغلۇم»، «ئۆيدە نان بارغۇ»، «ئۇ تۈگەيدۇ، كەل، سېنى بىر سۆيۈپ قوياي مېنىڭ تاتلىق ئوغلۇم». «دادا، ئۆزۈڭ يېمەي ماڭىلا بېرىۋاتىسەنغۇ»، «مەن يېمىسەممۇ بولىدۇ بالام، سەن يېگىن»، «ياق، سەن يېمىسەڭ مەنمۇ يېمەيمەن»، «مەن سەندەك چېغىمدا كۆپ يېگەن بالام، سەن يېگىن»...

كۆزلىرىمدىن ياشلار ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. ئۆزۈمنى زادىلا تۇتۇۋالالمىدىم.

ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ يىغلاپ كەتتىم. بىر ساقاللىق كىشى مېنى قۇچاقلاپ نېرىغا سۆرەپ ماڭدى ۋە مۇنداق ۋاقىتتا يىغلىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى، لېكىن مېنىڭ راسا يىغلىغۇم كېلىۋاتاتتى. قاچان يىغلىغۇسى كەلسە شۇ چاغدا يىغلىسا بولىدىغۇ. بۇ چاغدا يىغلىسا بولمايتتى، ئۇ چاغدا يىغلىسا بولاتتى دېگەن قانداق گەپ بۇ.

مەن ئۆزۈمنى بىر ئاز تۇتۇۋالغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ قارىسام، كىشىلەر گۆرنىڭ ئاغزىغا كېسەك تىزغىلى تۇرۇپتۇ. تاغام قۇلىقىمغا «ھېلىقى گەپنى ئۇنۇتمىغانسەن؟ ئەمدى دەيدىغان چاغ كەلدى» دېدى. قەبرىستانلىقتا مېڭىشىنىڭ ئالدىدا ئۇ مېنى بىر تەرەپكە تارتىپ «قەبرىستانلىقتا چىققاندا ئىمام ئاخۇنۇمدىن دادام قانداق ئادەم ئىدى، دەپ سورايدىغان ئىش بار» دېگەندەك قىلىۋىدى.

— ئاخۇنۇم، دادام قانداق ئادەم ئىدى؟ — دېدىم مەن ئىمام ئاخۇنۇمغا قاراپ.

— دادىلىرى ياۋاش، مۆمىن، بەش ناماز ئادەم ئىدى ... — دەپ خېلى جىق ماختاش سۆزلىرىنى بايان قىلدى ئۇ.

— ئىمام ئاخۇنۇم، دادام بەش ۋاق ئەمەس بىر ۋاق ناماز ئوقۇيتتى، — دېدىم مەن ئاخۇنۇم بۇنى بىلمىسە كېرەك دەپ پەرەز قىلىپ.

— قانداق ئادەم بۇ؟ قاملاشمىغان ... — جامائەت بىر نەرسىلەرنى دەپ غودۇڭشىشقا باشلىدى.

تاغام بولسا «ئادەم بولمايدىغان ...» دەپ خېلى كايىدى.

ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خېلى ۋاقىتقىچە يىغا - زارە بېسىقمىدى. مەن ئەسلىدە بايا يىغلىيالمىغان يىغامنى ئۆيگە بارغاندا راسا يىغلىۋالماقچى ئىدىم. لېكىن يەنىلا يىغلىمىدىم. مېنى ئۇيقۇ قىستىماقتا ئىدى.

3

— پاخشى بولغان خورازدەك ئولتۇرۇپ كېتىپسەنغۇ؟ قويغىنا سېنى، ياش يىگىت دېگەن بۇنداق سالپىيىپ ئولتۇرغۇلۇق ئەمەس. سەندەك ۋاقتىمدا ئاجايىپ شوخ ئىدىم مەن.

تۈنۈگۈن قولۇمنى كەكە كېسىۋەتكەچكە بۈگۈن ئۇستامنىڭكىگە بارمىغانىدىم، سىرتتا قار يېغىۋاتاتتى. ئانام ياتلىق بولۇپ كەتكەندىن بۇيان ئۆيدە ئۆزۈم خان، ئۆزۈم بەگ بولۇپ قالغانىدىم، بۇنداق تۇرمۇشنى ئۆزۈممۇ ئۇزاقتىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم. بۈگۈن كۈن چۈشتىن ئاشقاندا ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئوچاققا ئوت قالاپ قويۇپ كەچكىچە ئوت سىنىپ ئولتۇردۇم. كەچتە قوشنىمىز ئەنە شۇنداق سۆزلەپ كىرىپ كەلدى. بۇ قوشنام باشقىلار بىلەن ئانچە ئارىلاشمايتتى. مېنىڭچە ئۇ ھېچقانچە ئەسكى ئادەم ئەمەس ئىدى. دادام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئەترەت باشلىقلىرى مېنى ئىشقا ھەيدىگىلى تۇردى، مۇشۇ قوشنامنىڭ مەسلىھىتى بىلەن ئەترەت كادىرلىرىنى مېھمانغا چاقىردىم - دە، ئىككى قوينى سويۇپ، بىرىنى ئۇلارغا پىشۇرۇپ بەردىم؛ بىرىنى پارچىلاپ ئۆيلىرىگە ماڭغۇزدۇم. شۇنىڭ

بىلەن ئۇلارنىڭ مەن بىلەن كارى بولمىدى. قوشنامنىڭ ياردىمى پەقەت مۇشۇ ئەمەس، ئانامنىڭ دادىسىدىن مىراس قالغان تۆت دانە تىللاسى بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرىنى مۇشۇ ئادەم پۇلغا ئايلاندۇرۇپ بەرگەنىدى، بۇ پۇللار بىلەن دادامنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىۋالدۇق، قەرزلەرنى تۆلىدۇق. شۇڭا بۇ قوشنامدىن خېلىلا رازى ئىدىم. ئانام ياتلىق بولۇپ كەتكەندىن بۇيان بۇ ئادەم ئۆيۈمگە پات - پات كىرىپ پاراڭ سېلىپ بېرىپ چىقىپ كېتەتتى. ئۇ گەپ قىلغاندا مەن ھە، ھە، دەپ قويۇپ ئولتۇراتتىم.

بۈگۈن ئۇ تولىمۇ خۇشالدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ بۈگۈن قار ياغقانلىقى ئۈچۈن ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ ئىشقا ھەيدىمىگەنلىكى، ئۆزىنىڭ خورىزىنىڭ يۇقىرى مەھەللىدىكى راخمان توخۇنىڭ داڭلىق خورىزىنى قاچۇرغانلىقى ۋە كەپتەر مەستانىسى ھوشۇرەكنىڭ كەپتەر ئۇچۇرىمەن دەپ ئۆگزىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ پۇتى سۇنۇپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا بىر ھازا گەپ ساتقاندىن كېيىن، ئاخىرىدا ئۆزىچىلا قايناپ قالدى:

— ھەي، قويغىنا، بىزار بولدۇم مۇشۇ ئادەملەردىن. ھەممىسى ئىنساپسىز بولۇپ كەتتى. مانا، ئىنىمنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى كۆرمەمسەن، ئۇ ئاتا - ئانامدىن كىچىك قالغانىدى، بېقىپ چوڭ قىلىپ قويسام ئەمدى «سەن دادامدىن قالغان ئۆينىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ئىگىلىۋالدىڭ، ماڭا بەش يۈز كوي بېرىسەن» دەۋاتمامدۇ. «سېنى بېقىپ چوڭ قىلىپ قويسام ماڭا پۇت ئېتىۋاتامسەن» دېدىم. «ئەگەر بەرمىسەڭ قارىنىڭنى چۈۋۈۋېتىمەن» دەۋاتىدۇ. ئېيتىپ باقە، ئۇكام مۇشۇنداق قىلىۋاتقان يەردە باشقىلار نېمە قىلمايدۇ؟

ئۇ بىردەم خىيال سۈرۈپ ئولتارغاندىن كېيىن ماڭا نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى:

— راست، سەن نېمىشقا ئۆيلەنمەيسەن؟ ئۆيلەن، ئەخمەق. بىلسەڭ ھاياتنىڭ لەززىتى ئايالدا، خوتۇنسىز ھاياتنىڭ نېمە مەنىسى بار.

ئىلگىرى ئۇ خوتۇنىنى تولا ئۇراتتى. «خوتۇنلىرىنى نېمىشقا ئۇرۇلا» دېسەم ئۇ، خوتۇن كىشىنى پات - پات ئۇرۇپ تۇرمىسا ئادەمنىڭ بېشىغا مىنىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، لېكىن ئۇ ھازىر باشقىچە سۆزلەۋاتاتتى. مەن بۇ توغرىدا بىر نەرسە دېيىشنى لايىق كۆرمىدىم. ئۇنىڭ ئورنىغا:

— خوتۇن ئالمىسا زادى بولمامدۇ؟ — دېدىم.

— ھاي، ئەخمەق! شۇمۇ گەپمۇ؟ ئۆيلەنمەي قانداق ياشىغىلى بولىدۇ؟

ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئورنۇمدا يېتىپ مۇشۇ توغرىدا خىيال قىلىشقا باشلىدىم. نېمىشقا ياشىغىلى بولمىغۇدەك؟ توختا، مەن ئۇنىڭغا ياشىغىلى بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى بىر كۆرسىتىپ قوياي. راست ئەمەسمۇ، خوتۇن دېگەن نېمىنى ئېلىپ نەدە سۆرەپ يۈرىمەن؟ مەن بۇ دۇنياغا خوتۇن ئېلىشقىلا كەلمىگەن - دە. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خوتۇن دېگەننى پات - پات ئۇرۇپ تۇرمىسا بېشىغا مىنىۋالىدىغان ئىش بار ئىكەن، ئۇنى ئۇرۇپ تۇرغىلى نەدە ۋاقىت. ھەرەمگە بېرىش ئۈچۈن كەم دېگەندە قىرىق دانە تىللا يىغىش لازىمكەن. ھۈنەرنى ئۆگىنىۋېلىشقا ئاز قالدىم. خۇدا بۇيرۇسا، كېلەر يىلدىن باشلاپ دۇكان ئايرىۋالسام تىللا يىغىشقا باشلايمەن. ھەرەمگە بېرىپلا ئۆلسەم ئارمىنىم قالمىغان بولاتتى.

«ئۆيلەنمەي قانداق ياشىغىلى بولىدۇ؟» قىز، ئايال، خوتۇن ... ۋاي ياق، خوتۇن
دېگەن نېمىگە ھەرگىز يېقىن يولىماسلىق كېرەك.
«ھاھ ... ھاھ ... ھاھ! ... توختاڭ دەيمەن! سىزنى چوقۇم تۇتۇۋالىمەن.» مەن
قېچىۋاتىمەن. پۇتلىرىمدا جان قالمىدى، بىر قىز مېنى قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ مېنى
تۇتۇۋالىدىغان بولدى. ياق، ھەرگىز تۇتۇۋالالمايدۇ، ئۇ بەرىبىر قىزغۇ. ئالدىمدا ناھايىتى
ئېگىز بىر دۆڭلۈك كۆرۈندى. ئاشۇ دۆڭلۈكنىڭ ئارقىسىغىلا ئۆتۈپ كەتسەم تۇتالمايدۇ.
تېزرەك يۈگۈرەي. يەنە ئازراق بەرداشلىق بېرەي، ئەنە شۇ يەردە نېمە بولسا بولسۇن.
ئۇ دۆڭ نەگە كەتتى؟ چەكسىز قۇملۇق، پۇتۇم نېمىدېگەن ئېغىر، پۇتلىرىم قۇمغا پېتى-
ۋېلىپ، يۈگۈرۈشۈم تېخىمۇ قىيىنلاشتى، قىز يېقىنلاشتى. ئۇ مېنى تۇتۇۋالدى. «قېچىپ
نەگە باراتتىڭىز، مەندىن ھەرگىز قۇتۇلالمايسىز.» قىز مېنى قۇچاقلاپ، خۇددى كىچىك
ۋاقتىمدا ئانام بىلەن دادام سۆيگەندەك سۆيۈشكە باشلىدى ...
سەھەردە ئويغىنىپ تولىمۇ خۇشال بولۇپ قالغانلىقىمنى سەزدىم. ھېلىقى قىز كەچ-
كىچە خىيالىمدىن كەتمىدى. ئۇستامۇ كەيپىياتىمدىكى ئۆزگىرىشتىن ھەيران بولغان بولسا
كېرەك، «نېمە بولدۇڭ» دەپ سوراپ قويدى. كەچتە ئۇخلاش ئالدىدىمۇ مۇشۇلارنى ئويلاپ
ياتتىم، قىز كۆز ئالدىمدىلا قادىلىپ تۇرۇۋالدى.
«ھەي قىز! توختاپ تۇرۇڭا، سىزگە گېپىم بار. ھازىرلا ...»
جېنىمنىڭ بارىچە يۈگۈردۈم. «يامان بولسىڭىز تۇتۇۋېلىڭ. ھا ... ھا ... ھاھ ...!»
قىز يۈگۈرۈپ قېچىپ كېتىۋاتاتتى. قاراپ تۇر، چوقۇم تۇتۇۋالمايدىغان بولسام. ئۇ ئېگىز
بىر دۆڭدە پەيدا بولدى. ئۇ دۆڭدە تۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلەتتى ۋە «قېنى، يامان بولسىڭىز
بۇ يەرگە چىقىڭا» دەۋاتاتتى. بۇ دۆڭگە قەيەردىن چىققاندۇ؟ مەن ئۇ يەرگە چىقىدىغان
يەر تاپالمىدىم. مۇشۇ چاغدا ئۇنى تۇتۇۋېلىشقا شۇنچە تەقەززا بولدۇم. دۆڭلۈكنىڭ ئەترا-
پىدا ئۇزاققىچە چۆگىلەپ يۈردۈم.
سەھەردە ئويغىنىپ بەكمۇ ئازابلىنىپ كەتتىم. ماڭا زادى نېمە بولدى؟ بۇ قىزنى
بۇرۇن نەدە كۆرگەن بولغىيدىم؟ قىز ماڭا تونۇشتەك بىلىنىدى، لېكىن ئۇنى قەيەردە كۆر-
گەنلىكىمنى ئەسلىيەلمىدىم. مەن ئۇنى چوقۇم بىر يەردە كۆرگەندىمەن، بولمىسا ... بۇ قىز
بىر نەچچە كۈنگىچە ئېسىمدىن چىقمىدى. بەلكى ئانامغا ياكى قوشنامغا ئېيتسام ئۇلار
ياردەم بېرەر. لېكىن ئۇلارغا قانداق دەيمەن؟ دېمەك، قوشنام ئېيتقاندەك، توي قىلماي
ياشىغىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ.
مەن ئانامنىڭ پىكرىگە قوشۇلىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم، ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ
كەتتى. ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇ توغرىلىق رەنجىشىپ قالغاچقا ئۇزاقتىن بېرى بۇ ئۆيگە كەل-
مىگەنىدى. ئانام بىر قىزنى ئالدىبۇرۇن كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانلىقىنى، ئۇنىڭ ھەم چىراي-
لىق ھەم ئىشچان قىز ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇنداق گەپلەر قۇلىقىمغا خۇشياقمايتتى.
مېنىڭچە قىز دېگەن چىرايلىق بولسۇن، سەت بولسۇن ھەممىسى ئوخشاش ئىدى. مەن
پەقەت ئۆيلەنسەملا بولاتتى. ھېلىقى چۈشۈمدە كۆرگەن قىز بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.
مېنىڭ ھازىرقى لايىقىم ئانامنىڭ ئۆي قىزى ئىكەن. مەن بۇ قىزنى چۈشۈمدىكى قىزغا
سېلىشتۇردۇم. ئەلۋەتتە ئەمەس.

مەن پات - پات ئانامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇرغانلىقىم ئۈچۈن بۇ قىزنى كۆرەتتىم. بۇ چاغدا قىز قىزارغاندەك بولاتتى. يېقىندىن بېرى مەنمۇ قىزلارنى كۆرگەندە يۈرىكىم گۈپ-گۈپ قىلىدىغان بولۇپ قالدى، بەلكى مېنىڭ يۈزۈممۇ ئاشۇنداق قىزىرىپ كەتكەندۇ.

تويىمىزنى قىلدۇق، بىراق ئۇ كۈنى مەن تولىمۇ بىزار بولۇپ كەتتىم. توي قىلىمىز دەپ مۇنچە شاۋقۇن - سۈرەن سېلىپ يۈرۈش ھاجەتسىز ئىدى. ئاخىرىنى ئىنكاھ ئوقۇپ قويسىلا توي دېگەن شۇ. بەلكى ئوقۇمىسىمۇ ھېچقانداق بىر ئىش بولۇپ كەتمەس. ئانامنىڭ ئېيتىشىچە قالغان ئۈچ تىللاسىنىڭ بىرىنى مۇشۇ توي ئۈچۈن ئىشلىتىپتۇ، بىرى بولسا ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن قاپتۇ. دېمەك، يەنە بىرى ئېشىپ قالدى، دېگەن گەپ. ئېشىپ قالغان بىر تىللانى ماڭا بەرسە مېنىڭ پىلانلىرىم بۇرۇنىراق ئەمەلگە ئاشقان بولاتتى، لېكىن بۇنداق دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم.

تويغا مەھەللىمىزنىڭ ياشلىرى كىرىشتى. ئۇلارنى تاغامنىڭ ئوغۇللىرى ئالاھىدە باغاق بىلەن چىللاپ كەلگەنىدى. نەغمە - ناۋا قىزىپ كەتتى. ئەزەلدىنلا ناخشا - ئۇسسۇل بىلەن خوشۇم يوق ئىدى، لېكىن چىداپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. ئۇلار مېنى خۇشال ئولتۇرۇشقا تەۋسىيە قىلىشتى. توي دېگەن ئادەمنىڭ ئەڭ بەختلىك چاغلىرى بولغاچقا، خۇشال بولۇشۇم لازىمكەن. لېكىن ھېچبىر خۇشال بولالمايۋاتاتتىم. چېلىنىۋاتقان ساز، ئوقۇلۇۋاتقان ناخشا، ئوينىلىۋاتقان ئۇسسۇللار خۇددى ئەللەيلەۋاتقاندەك ئۇيقۇمنى كەلتۈرەتتى.

4

مەن ئادەتتە ئىككى ۋاقلا تاماق يەيمەن، يالغۇز ياشاشقا باشلىغاندىن بېرى تېخىمۇ شۇنداق قىلىشقا باشلىغانىدىم. ئەتىگەندە ئىككى زاغرىنى يوغانىراق بىر قاچىغا چىلاپ، چاي قۇيۇپ، ئۈستىنى يېپىپ قويۇش كېرەك، بىردەمدىن كېيىن ئاجايىپ ياخشى بولۇپ قالىدۇ. بۇنى ئىچىۋالغاندىن كېيىن، كەچكىچە قورساق ئاچمايدىغان گەپ.

تويدىن كېيىن ئايالىمغا شۇنداق دەپ چۈشەندۈرۈۋىدىم، ئىككى ۋاق تاماق يېيىشكە قوشۇلدى، لېكىن ھەر كۈنى زاغرا يېيىشكە قوشۇلمىدى. ئۇ «كەچتە بىرەر ۋاق بولسىمۇ ياخشىراق تاماق ئېتىپ يېمەي قانداق ياشىغىلى بولىدۇ» دېدى. قانداق بولۇپ كەتتى بۇ جاھان. بىرى پالانى ئىشنى قىلماي قانداق ياشىغىلى بولىدۇ، دېسە يەنە بىرى بۇنداق دەۋاتسا، قانداق قىلسا ياشىغىلى بولىدىغاندۇ ئەمىسە. بوپتۇ، بۇنىڭغىمۇ ماقۇل.

مەن ھۈنەرنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن شۇ يوسۇندا ئىشىمنى باشلىۋەتتىم. باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، مەن ھۈنەرنى پۇختا ۋە سۈپەتلىك قىلىدىكەنمەن.

مەن ئاساسەن باشقىلارنىڭ ئۆيىدە ھۈنەر قىلاتتىم. ھاجەتمەنلەر ئىشكاپ، ئۈستەل، ساندۇق ... دېگەندەك نەرسىلەرنى ياساتتى. ئېھتىياجى چۈشكەنلەر بىرنەچچە كۈن بۇرۇن كېلىپ ئىشلىرىنى مەلۇم قىلىشاتتى. قارىغاندا، پات ئارىدا 40 تىللانى يىغالىشىمدا گەپ يوق ئىدى. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن قوشنام ماڭا تۆت دانە تىللا ئېلىپ بەردى. مەن تىللانى نەدىن سېتىۋالارمەن، دەپ خېلى باش قاتۇرغان، ئۇ مېنى يەنە بىر قېتىم مىننەتدار قىلدى. خۇدا بۇيرۇسا مەنمۇ ئۇنىڭغا ئەسقىتىپ قالارمەن.

مەن دادا بولىدىغانلىقىمنى ھەرگىز ئويلىماپتىكەنمەن. بەلكى ئېسىمگە كەلگەن بول-سىمۇ تېگى ـ تەكتىنى ئويلىمايلا ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولسام كېرەك. ئۆيلەنگەندىن كېيىن دا-دا بولىدىغان ئىش بار ئىكەن ئەمەسمۇ! ئەسلىدە ئۆيلەنمەيدىغان ئىش ئىكەن. سەۋەن-لىك ئۆزۈمدىن ئۆتكەن. قۇرۇپ كەتسۇن بالا دېگەن! مەن بۇ دۇنياغا بالا بېقىشقا كەلمىگەن ـ دە. بۇرۇن ئۆيگە كېلىشكە ئالدىرايتتىم. مانا ئەمدى بوينۇمدىن سۆرىگەندەك كېلىدىغان بولۇپ قالدىم. بەزىدە ئىش قىلىغان يېرىمدىلا قونۇپ قالاتتىم. بىر قېتىم يىراق-راق بىر يەردە ئىشلەپ ئالتە كۈندىن كېيىن ئۆيگە كەلسەم، ئايالىم قاپىقىنى سېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

— نېمە بولدۇڭ؟

— ھېچنېمە.

— ئەمىسە قاپىقىڭ تۈرۈلۈپ كېتىپتىغۇ؟

— ئادەمنى مۇنداق يالغۇز تاشلاپ ...

— ھە، يالغۇز بولسا نېمە بوپتۇ؟

— مەن ئىت ئەمەس، ئادەم دېگەن ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇۋەرسە زېرىكىدىغان گەپ...

مەن گەپ قىلمىدىم. ئۇنىڭ پومپىيىپ تۇرغان قورسىقىغا قارىشىم بىلەنلا بىئارام بولۇپ كەتتىم. مانا، ئاز كۈندىن كېيىن ئۆيىمىزدە بىر ئادەم كۆپىيىدۇ. ئۆيىمىزدە بوۋاق بالىنىڭ يىغىسى ئۈزۈلمەيدىغان بولىدۇ. خوشۇم بولمىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى بولۇۋاتىدۇغۇ بۇ ئۆيدە.



— مېنى يۆتكەپ كېتىدىغان گەپ، — دېدى ئايالىم. لېكىن مەن گەپ قىلمىدىم.

— ئاڭلاۋاتامىلا، مېنى يۆتكەپ كېتىدىغان گەپ.

— ھە، يۆتكەپ كەتسە نېمە بوپتۇ؟

— ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرمۇنچە مېھمان كېلىدىغان گەپ. پۇل كېتىدىغان گەپ، شۇ.

— بىرمۇنچە ئادەم كېلىپ نېمە قىلىدىكەن؟ ئۆزۈڭ مېڭىپلا كەتسەڭ بولمامدىمۇ؟ پادىشاھنىڭ خانىشىمىدىڭ يا سەن؟

— سەت تۇرىدۇ، خەلق ـ ئالەم ئالدىدا سەت بولىدۇ. شۇنداق قائىدە بار.

— كۆتۈر ئۇنداق قائىدەڭنى! ... — مېنىڭ ئاچچىقىم كەلدى. خوتۇن كىشىنى ئۇرۇپ تۇزىمىسا بېشىغا مىنىۋالىدۇ، دېگىنى راست ئوخشىمامدۇ. تېخى بۇنىڭ مەن بىلەن تاكاللىشىۋاتقىنىنى قارىمامدىغان. مەن ئۇنىڭ كاچىتىغا بىرنى سېلىۋىدىم، كەڭگىزگە يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ ماڭا

بىردەم ھەيران بولغاندەك قاراپ تۇرۇپ، ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. مېنىڭ يۈرىكىم ئېچىشتى، ئۇرۇپ ساپتىمەن، خاپا بولمىغىن، دېمەكچى ئىدىم. نېمىشقىدۇ دېگۈم كەلمىدى.

ئۇ خېلى يىغلىغاندىن كېيىن، كىيىم - كېچەكلىرىنى بىر ياغلىققا چېگىپ، گەپ-سۆز قىلماي چىقىپ كەتتى. بەلكى ئۇ بىر كاچات يېگەندىن كېيىن ئۆزىلا مېڭىپ كەتكەن بولسا كېرەك.

ئەتىسى ئانام كېلىپ، نېمىشقا ئۇرۇشۇپ قالغانلىقىمىزنى سورىۋىدى، گەپ - سۆز قىلمىدىم. بېشىمغا مېنىۋالمىسۇن دەپ ئۇردۇم، دېسەم ئەلۋەتتە قاملاشمايتتى. ئانام مەندىن قايتا كوچىلاپ سوراپ يۈرمىدى. ئۇ مۇنداق ئىشلارنىڭ بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، بۇ ئادەتتىكى ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە «ئەرنىڭ خوتۇنىنى ئۇرۇپ تۇرۇشى سۈننەت، داداڭمۇ ياش ۋاقتىدا مېنى پات - پات ئۇرۇپ تۇراتتى، مەنمۇ پات - پات تاياق يەپ تۇرمىسام زېرىكىپ قالاتتىم» دېدى. مەن خوتۇننى ئۇرۇپ تۇرۇشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنى ئاڭلىماپتىكەنمەن.

قانداقلا بولمىسۇن ئۇنى ئۇرۇپ سالغىنىم ئۈچۈن كۆپ پۇشايمان قىلدىم.

5

ئايالىمنى بەكمۇ سېغىنىپ كەتتىم. ئاشۇ بىر كاچات ئۇنىڭ يۈزىگە ئەمەس، مېنىڭ يۈرىكىمگە تەگكەندەك بىلىنمەكتە. قۇرۇپ كەتسۇن ئايالنى ئۇرۇپ تۇرۇشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى.

ئايالىمنىڭ كەتكىنىگە ئىككى ئاي بولغاندا ئۇنى كۆرگىلى باردىم. ئۇنىڭ يېنىدا بىر بوۋاق ئۇخلاۋاتاتتى. ئېنىقكى، بۇ مېنىڭ ئوغلۇم. ئۇنى كۆرۈپ يۈرىكىم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. ئىختىيارسىز ئوغلۇمنى قولۇمغا ئېلىپ، ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدۇم. تۇيۇقسىز مەندە ئاجايىپ بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى. يۈرىكىمگە ئاجايىپ ئىللىق، تاتلىق بىر نەرسە شورۇلداپ ئېقىپ كىرىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم، ئەسلىدە مۇنداقمۇ بولىدىكەن - دە، بۇنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام قايتۇرۇپ يۈرمىگەن بولاتتىم.

ئايالىمغا قارىسام، ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈپ يېتىپتۇ. مېنىڭ شۇ چاغدا نۇرغۇن گەپلەرنى دېگۈم كەلدى. لېكىن نېمە دەيمەن؟ پەقەتلا «سېنى مۇندىن كېيىن ھەرگىز ئۇرمايمەن» دەپ قويدۇم. ئەسلىدە بۇ گەپنى دېمەكچى ئەمەس ئىدىم، ئېغىزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدىم. قانداقلا بولمىسۇن، پەقەت گەپ قىلماي تۇرغاندىن ياخشىراق - تە. ئۇنى سۆيۈپ قويغۇم كەلگەندەك بولدى. بالامنى سۆيگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئانىسىنىمۇ سۆيۈپ قويسام مۇۋاپىق بولارمۇ - يا!

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مەن ئانا - بالا ئىككىسىنى ئۆيۈمگە ئەكىلىۋالدىم؛ بالا دېگەن ئادەمگە خۇشاللىق بېغىشلايدىكەن ئەمەسمۇ! مەن ئۇنى كۆتۈرۈۋالسام، قوللىرى بىلەن يۈزۈمنى سىلايدۇ. ماڭا قاراپ كۈلىدۇ.

ئاھ، بالام! مېنىڭمۇ بالام بولدى، ئەگەر مەنمۇ دادامغا ئوخشاش ھەرەمگە بارالماي قالسام، ئۆلىدىغان ۋاقتىمدا ئۇنىڭغا ۋەسىيەت قالدۇرىمەن.

ئوغلۇم ئىككى ياشقا كىردى، ئۇ ئەمدى يېڭىۋېلىپ ئالدىمغا چىقىدۇ. ئۇ «دادا» دېيدىغان بولدى.

بۇ نېمە ئىش؟ يېقىنقىياقى كىشىلەر قىلغان ئىشلىرىمدىن ئانچە رازى بولمايدىغان بولۇپ قالغاندەك قىلىدۇ. ماڭا ئىش بۇيرۇتقۇچىلارمۇ ئازلاشقا باشلىدى. مەن ئىش جەريانىدىمۇ ئوغلۇمنى ئەسلەپ، ئىشلىرىمغا كۆڭۈل بۆلەلمەيۋاتقان ئوخشايمەن، ئۆيدە بىكار تۇرۇپ قالىدىغان ۋاقىتلىرىم كۆپىيىپ قالدى. مېنى ۋەھىمە باستى. مۇنداق بوشاڭلىق قىلسام 40 تىللانى قانداق يىغالايمەن؟ بەختىمگە يارىشا قوشنا ناھىيىدىن بىرەيلەننىڭ بىرمۇنچە نەرسىلەرنى ياساتماقچى بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. ئۇ يەر يىرىم كۈنلۈك يول ئىدى، ئۇزاقراق تۇرۇپ قالسام ھېچنېمە بولماس.

خۇداغا شۈكرى، ئۇ يەردە ئىككى ئايغا يېقىن ئىشلەپ، خېلى كۆپ پۇل تېپىۋالدىم. لېكىن مەن خوتۇنۇمنى مۇنداق قىلاردەپ ئويلىماپتىكەنمەن. ئەييۇھەننااس! خوتۇن كىشىگە زىنھار ئىشەنمەڭلار.

قايتىپ كەلسەم ئىشىك قۇلۇپلاقلىق ئىكەن. قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە چىقىپ ئايالىمنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرسەم، بىلىدىغانلار چىقمىدى. پەرەز قىلغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە بېرىپ سۈرۈشتۈردۈم. ئۇ بىر ھەپتە بۇرۇن ئوغلۇمنى تاغامنىڭ ئۆيىگە تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتكەنىكەن، شۇنىڭدىن بېرى قايتىپ كەلمەپتۇ. نېمە پاراكەندىچىلىك بۇ!

ئوغلۇمنى ئۆيگە ئەكىلىپ ئۇخلىتىپ قويدۇم، مېنىڭ ئۇيقۇم كەلمىدى. خوتۇنۇم زادى نەگە كەتكەندۇ؟ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانمىدۇ يا؟ ياق، ئۇنداقمۇ قىلماس. راست، ئۆتكەندە بىر ھەپتە يوقاپ كېتىپ بىرمۇنچە كۆڭۈلسىزلىك بولغانىدى، يالغۇز ئولتۇرسا زېرىككەندۇ. چۈنكى ئۇ ئىت ئەمەس ـ تە. ئۇ باشقا بىرى بىلەن پۈتۈشۈۋالدىمۇ يا؟ ... مۇشۇلارنى ئويلىغاندا يۈرىكىمگە بىر نەرسە قادالغاندەك ئاغرىپ كەتتى. مەن ئۇنى خۇددى شۇ ئىش ئۈستىدە تۇتۇۋالغاندەك ئازابلاندىم. چوقۇم شۇنداق بولغان. ۋاي رەسۋا. كەتكىنىگە بىر ھەپتە بولۇپتۇ ئەمەسمۇ.

ـــ تاك ... تاك ... تاك! ...

ئىشىك قېقىلىشى بىلەنلا ئويغىنىپ كەتتىم. قارىسام ئۆيگە خېلىلا يورۇق چۈشۈپ قاپتۇ، ئوغلۇم بولسا تاتلىق ئۇخلاۋېتىپتۇ. ئىشىك يەنە قېقىلدى. ئىشىكنى ئېچىۋىدىم، ئىشىك ئالدىدا ئايالىم تۇرۇپتۇ. ئۇنى راسا بىر ئەدەبلەپ قويغۇم كەلدى ـ يۇ، يەنە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. توختا، ئالدى بىلەن بىر سۈرۈشتۈرۈپ كۆرەي، باشقا بىر ئىش بولۇپ قالمىسۇن يەنە. ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئوغلۇمنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى، ئوغلۇممۇ ئويغىنىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۆينى ئانا ـ بالىنىڭ يىغىسى قاپلىدى. بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى. بىچارە، نېمە بولغاندۇ؟

ئەتىسى ئايالىم ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بېرىشىمنى ئېيتتى. مەن بۇنىڭغا ھەيرانمۇ بولمىدىم، قارشىلىقمۇ بىلدۈرمىدىم، خۇددى ئالىبۇرۇنلا تەييارلىق كۆرۈپ قويغاندەك، ئۇنىڭ ئاجرىشىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بەردىم. خوتۇنۇم ئوغلۇمنى باغرىغا چىڭ بېسىپ ئۇزاق سۆيدى ۋە ئارقىسىغا قاراپ ـ قاراپ قويۇپ، يىغلىغىنىچە ئۆيدىن

چىقىپ كەتتى. ئوغلۇمنىڭ ئۆزۈمگە قالغانلىقىغا خۇش بولدۇم. ئۇنى تاغام ئۇن ياشقا كىرگۈچە بېقىپ بېرىدىغان بولدى.

ئەمدى مەن خوتۇن دېگەن نەرسىنى ئالمايمەن. تويدۇمغۇ خوتۇن دېگەن نېمىدىن، نېمىدېگەن ئاۋارىچىلىق بۇ. ھەممە ئادەم نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلسا بولمىدىمۇ. خوتۇنۇمنىڭ گۈزەللىكىمۇ بىر بايلىق ئىكەن. كىشىلەر شۇنداق دېيىشىۋاتىدۇ. توۋا، مەن بىلمەيدىغان ئىشلار نېمىدېگەن كۆپ بۇ جاھاندا. مەيلى نېمە بولمىسۇن بۇ بايلىقنىڭ ماڭا كېرىكى يوق، ماڭا كېرىكى پۇل، پۇل! مەن پۇل تېپىپ ھەرەمگە بارىمەن.

ئەتىسىدىن باشلاپ ئايالىم توغرىسىدا سۆز - چۆچەك باشلىنىپ كەتتى. مەھەللىدىكى ئايالار قەستەن ئەتراپىمغا ئولىشىۋېلىشىپ ئايالىم ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشاتتى.

— ۋىييەي، ئەجەب قىلدى ھە، ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپتى. نەدىكى بىر يۇرتىنىڭ تايىنى يوق تېجىمەلنىڭ كەينىدىن كەتتى ھە، چىرايىغا ئىشىنىدۇ - دە، ئاشۇ چىرايى ئۆزىگە بالا بولىدۇ ئۇنىڭ.

— شۇنى دەيمەن، چىراي دېگەنگىمۇ چاي قويۇپ ئىچكىلى بولمايدۇ. قولىدا گۈلدەك ھۈنىرى بار ئەرنى تاشلاپ كەتتى - ھە.

— ئۆيدە ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇپ ياشايتتى، بىكار نان قورسىقىنى ئەسكەن گەپ، بىزگە ئوخشاش كۈندە دولىسىدىن تاغار چۈشمىسە قانداق قىلاتتىكى...

— ھەي، توختاڭلار، ئۇ ئادەمنى يالغۇز تېرەكتىكى زەيتۇنىخان دېگەن تۇل خوتۇننىڭ كىچىك چېغىدا بېقىۋالغان بالىسى دەيدىغۇ، شوپۇر بولۇۋېلىپلا باشقىلارنىڭ خوتۇنىنى ئازدۇرغىلى تۇرۇپتۇ - دە، ئۇ ھاراملىق.

— بىز تېخى ئۆيگە كىرىپ - چىقىپ يۈرسە تۇغقىنى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتىمىز ئەمەسما، ئىسىت، بىر بالىنى يېتىم قىلىپ...

بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا قايتىدىن غەزىپىم ئۆرلەپ قالاتتى. مەن قوشنامنىڭ قەدرىگە تېخىمۇ يەتتىم. ئۇ ھەقىقەتەن يىراقنى كۆرەلەيدىغان ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ خوتۇن كىشى دېگەننى پات - پات ئۇرۇپ تۇرمىسا ئادەمنىڭ بېشىغا مىنىۋالىدۇ، دېگەن گېپى ھەقىقەتەن توغرا ئىكەن!

لېكىن يەنە خوتۇنۇمنىڭ قىلغان ئىشى بەلكىم توغرىدۇر، دەپمۇ ئويلاپ قالاتتىم، چۈنكى دۇنيادا مەن بىلمەيدىغان ئىشلار بەك جىقكەن ئەمەسمۇ، شۇڭا قايسىسىنىڭ توغرا، قايسىسىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى تازا پەرق قىلالمايۋاتقان بولسام كېرەك.

قانداقلا بولمىسۇن، باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلدۇم، ئەمدى ھېچنېمىگە قارىماستىن ھەرەمگە بېرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلاي. پۇل تاپاي.

6

يېقىندىن بۇيان ئۇنداق ئۆزگىرىش، مۇنداق ئىسلاھات دېگەن گەپلەر پەيدا بولدى. كىشىلەر «خۇدا ھۆكۈمەتكە ئىنساب بەردى جۇما»، «پالانى جايدىن ئالغان يېرىم ئاجايىپ ياخشى، توپىسى يۇمشاق، قۇمسال، خۇدا بۇيرۇسا مو بېشىغا مىڭ جىڭدىن ئايلان-

دۇرمىسام ھېساب ئەمەس»، «ئاداش ئىككىمىز بىرلىشىپ كېلەر يىلىدىن باشلاپ شاگىخەيـ
دىن مال يۆتكىسەك بولامدىكى» ... دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشىدىغان بولىدى. ئەتىردىت
باشلىقى «ساگا يەر بۆلۈپ بەردۇق، بېرىپ يېرىڭنى كۆرۈپ كەل» دېۋىدى، يەر ئالـ
مايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. مەن يەرنى ئالساگمۇ ئالىسەن، ئالمىساگمۇ ئالىسەن، دەپ
يەنە ئىككى قوينىڭ بېشىغا چىقىدىغان بولدى، دەپ ئەنسىرىگەنىدىم. ئۇنداق بولمىدى.
مېنىڭچە، بۇنچىلىك ئىشلارنى ئۆزگىرىش دېگىلى بولماس. مەن ئۆپچۆرەمدىكى ھەممە
نەرسىنى دىققەت بىلەن كۆزەتتىم. كۈن ھەر كۈنى شەرقتىن چىقىپ غەربكە پېتىپ كېـ
تىۋاتاتتى. ھەممە ئادەم ئوخشاشلا كەچتە ئۇخلاپ، ئەتىگەندە قوپۇپ ئۆز ئىشىغا ماگاتتى.
دەل - دەرەخلەرمۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا يوپۇرماق چىقىرىپ، غۇر - غۇر شامالدا يەلپۈنۈپ،
ئىغاڭلاپ تۇراتتى. دېھقانلار ئىلگىرىكىدەكلا كالا بىلەن يەر ئاغدۇرۇپ، ئەتىيازدا ئۇرۇق
چېچىپ، كۈزدە ھوسۇل يىغىۋاتاتتى. پەقەت كىشىلەرنىڭ پاراڭلىرىلا ئۆزگەرگەندەك تۇ-
راتتى. ئۇندىن باشقا مېنىڭ تىللىرىممۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا خېلى كۆپىيىپ قالدى.
«ئۆزگىرىۋاتىدۇ» دېگەندىن كېيىن بەلكى ئۆزگەرگەندۇ.

7

بۈگۈن ئىشتىن ناھايىتى كەچ قايتتىم. ئۆيۈمگە كېلىۋالغۇچە خېلى قاراڭغۇ چۈ-
شۈپ قالدى، ئورنۇمدا يېتىشىم بىلەنلا ھېلىقى دەنشى دەيدىغان نەرسە ئېسىمگە كەلدى.
ئەجەب بىر نەرسىكەنا؟ ئۇنى ئادەم ياسىغاندىمۇ ياكى ... مەن ئۇنى يافاچىلىق قىلىۋاتقان
ئۆيدە كۆرگەنىدىم.
ئىشلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ قايتاي دەپ تۇرۇشۇمغا، ئۆي ئىگىسى يوغان بىر يەشىكنى
ھارۋىغا بېسىپ كىردى. يەشىكنىڭ ئىچىدىن بىر تەرىپىگە ئەينەك بېكىتىلگەن بىر سانـ
دۇقنى چىقاردى. بۇ چاغدا ھويلىغا بىر مۇنچە كىشىلەر يىغىلغانىدى، ئۇلار ئەجەب نەر-
سىكەن، دەنشى دېگەن مۇشۇكەن - دە، دېيىشىپ ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشماقتا ئىدى. ئۆي
ئىگىسى ئۇنىڭ بىر يېرىنى تولغاپ قويدى. ۋاي خۇدايىم! بۇنىڭ ئىچىدە ئادەم پەيدا
بولۇپ قالدىغۇ. كىشىلەر ۋاي، دېيىشىپ چاۋاك چېلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە خۇددى مېنىڭ
ئايالىمغا ئوخشايدىغان بىر ئايال ئۇسسۇل ئوينىماقتا. ماگا خۇددى ئايالىم دەنشىنىڭ ئىچىگە
كىرىۋالغاندەك بىلىنىپ يۈرىكىم قارت قىلىپ قالدى. يەنە بىر ئايال ناخشا ئېيتقىلى تۇرۇ-
ۋىدى، مېنىڭ بۇ دەنشى دېگەن نەرسىنى كۆرۈشتىن دەرھال رايىم ياندى.
ھەرگىز ئۇيقۇم كېلىدىغاندەك ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى، بۇندىن كېيىن دەنشى دې-
گەن نەرسىنى كۆرمىسەم بولغۇدەك، ئايال دەيدىغان نەرسىنىمۇ كۆرمىسەم، بولغۇدەك،
لېكىن مەندە نېمە ئامال؟ دەنشى دېگەنىنىمۇ كۆرمىسەم بولاۋېرىدۇ. ئايالىنچۇ؟ مەن ھەر-
كۈنى سىرتقا چىقىدىغان ئادەم تۇرسام، ئاياللارنى كۆرمەيمەن دېيەلەمتىم؟
ئايالىم كەتكەندىن كېيىنكى دەسلەپكى كۈنلەردە خېلى قايغۇرۇپ يۈردۈم. كېيىـن
پۈتۈن زېھنىم بىلەن ئۆز ئىشىمغا بېرىلىپ كەتكەچكە، ئايال دەيدىغان نەرسىنى ئانچە
ئويلىمايدىغان بولۇپ قالغانىدىم. ھازىر بولسا يالغۇز مېنىڭ ئايالىملا ئەمەس، مەن ئۇچـ

راتقان بارلىق ئايالىلار كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى. بۇلار ماڭا شۇ تاپتا تولىمۇ قەدىرلىك بىلىنىشكە باشلىدى. قوشنامنىڭ «ئەخمەق، خوتۇن ئالماي قانداق ياشىغىلى بولىدۇ» دېگەن سۆزى ئېسىمگە كەلدى. ھەقىقەتەن ئەقىللىق ئادەم ئىكەن. رەھمەتلىك ھايات بولغان بولسىغۇ مۇشۇ ئىشلار توغرىسىدا راسا مۇڭدىشىۋالغان بولاتتىم. ئىككى يىل بۇرۇن ئۇنىڭ ئىنىسى دادامدىن قالغان مىراسلارنىڭ كۆپىنى سەن ئىگىلىۋالدىڭ، دەپ ئۇنىڭ بىر نەچچە يېرىگە پىچاق تىقىپتىكەن، ئۇ ئۆلۈپ قالدى. ئىنىسىنى ساقچىلار تۇتۇپ كېتىپ، قاماققا ئالدى. شۇ چاغدا خېلى كۈنلەرگىچە ئايالىنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرغانىدى. «بىچارە ئېرىگە بەكمۇ ئامراقكەن، ئەمدى ئۆمۈرۋايەت تۇل ئۆتسە كېرەك» دەپ ئويلىغانىدىم. نەدىكىنى، بىر يىل بولا ـ بولمايلا ئەرگە تېگىپ كەتتى. ھەي، ئايال دېگەننىڭ ئىشەنگىلى بولمايدىكەن جۇمۇ.

مۇئەللىم قوشنامنىڭ ئۆيىدىن گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ ئاۋازلار ئاڭلانغىلى تۇردى. ئۇيقۇم تېخىمۇ قېچىپ كەتتى. مەن بۇ قوشنام بىلەن ئانچە ئارىلاشمايتتىم. ئۇنىڭمۇ مەن بىلەن تازا خوشى يوقتەك قىلاتتى. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىملىك قىلاتتى. بۇ ئۆيگە ئۇنىڭ باللىرىنىڭ كىتاب ئوقۇغان ۋە سۆزلەشكەن ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

مانا بىر بالىنىڭ «دادا، بىزمۇ تېلېۋىزور ئالساق بولمامدۇ» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، دادىسى «ياخشى ئۆگەنسەڭلا تېلېۋىزور دېگەننى ئۆزۈڭلار ياسىيالايدىغان بولىسىلەر» دېدى. بۇ تېلېۋىزور دېگىنى قانداق نەرسىدۇر، دەپ ئويلاپ قالدىم. بەلكى ئۇ ھېلىقى دەنشىدەك ئاجايىپ نەرسە ئەمەستۇ. ياخشى ئۆگەنسەڭلار سىلەرمۇ ياسىيالايسىلەر دېگىنىگە قارىغاندا بۇنىڭ ھەيران قالارلىق نەرسە ئەمەسلىكى ئېنىق. چۈنكى مۇنداق نەرسىلەرنى بۇلاردەك ئادەتتىكى ئادەملەر ياسىيالامتى؟ ... ھەرھالدا بۇنىڭدىنمۇ ئاجايىپ نەرسىلەر بولۇشى مۇمكىن ...

ئويانغا ئۆرۈلۈپ، بۇيانغا ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. مەن ھېچ نەرسىنى ئويلىماي ئۇخلاپ قالماقچى بولۇپ كۆپ ئۇرۇندۇم. يەنىلا پايدىسى بولمىدى. بۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزۈمنى بىھۇدە قىيناش ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

ئۆيدىن باشقا بىر يەرگە چىقىپ ياتسام ئۇخلاپ قېلىشىم مۇمكىنغۇ. ئاندىن بۇ ئازابلاردىن قۇتۇلىمەن. ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسىدا قويۇق، قېلىن بىر ئورمانلىق بار ئىدى. مەن ئۆيدىن چىقىپ شۇ ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ ياتتىم. روھىم كۆتۈرۈلۈپ، خېلى ئارام تېپىپ قالغاندەك بولدۇم. پاقىلارنىڭ كوركىراشلىرى، چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى، يەنە ئاللىنېمىلەرنىڭ ئاۋازلىرى قۇلىقىمغا تولىمۇ يېقىملىق ئاڭلاندى. بۇلار ھەجەب بۇرۇنراق ئېسىمگە كەلمەپتىكىنا، مەن يۇلتۇزلارغا قاراپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدىم. سەھەردە ئويغىنىپ، ھەر كۈنى مۇشۇ يەردە ئۇخلىسام بولغۇدەك، دېگەن نىيەتكە كەلدىم ۋە ھەر كۈنى شۇنداق قىلدىم.

بەدىنىمگە چاپلىشىۋالغان سوغۇق بىر نەرسىدىن سەسكىنىپ ئويغىنىپ كەتتىم، قارىسام يامغۇر چۈشۈۋېتىپتۇ. كىيىملىرىم ھۆل بولۇپ بەدىنىمگە چاپلىشىپ كېتىپتۇ. ئۆزۈم بولسام جالاقلاپ تىترەيتتىم. شۇنىڭ بىلەن كېسەل بولۇپ يىقىلدىم. ئۆمرۈمدە ئاغرىمىغا-

ىدىم. كېيىن ئازابى ئىچىمدىكەن قاتتىق. ئۇ يەرگە چىقىپ ئۇخلىغىنىم ئۈچۈن جىق
پۇشايمان قىلدىم. تاسادىپىي ئۆلۈپ كەتسەم ھەرەمگە بارالماي ئارماندا كەتمەمدىمەن.
ئۆلۈم دېگەن قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدىكى گەپ. مەنمۇ ئوغلۇمغا ۋەسىيەت قالدۇراي.

ئوغلۇممۇ ئەمدى ماڭا خېلى ياردەملىشەلىگۇدەك بولدى، ئۇ تېخى ئون ياشقا توشمى-
غان بولسىمۇ نەگە بارسام شۇ يەرگە ئېلىپ بارىدىغان بولدۇم. ئوغلۇم داۋاملىق چۈشتە
تاماق يەيمەن، دەپ تۇرۇۋالاتتى. چۈشتە تاماق يېمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى شۇنچە چۈشەندۈرسەم
ئۇنىمايتتى. مەن يەيدىغان بىر نەرسە بەرمىگەندىن كېيىن باشقىلارنىڭ ئۆيىدىن تەپتارتماستىن
بىر نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ يەيدىغان بولۇۋالدى. ئۇنداق قىلساڭ بولغاندا ئوغرى بولۇپ قالىدى-
غانلىقىنى، ئوغرىنىڭ دۇنيادا ئەڭ ئەسكى ئادەم ھېسابلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈۋىدىم، ئۇنداق
قىلمايدىغان بولدى، لېكىن چۈشتە تاماق يەيمەن، دەپ خاپا قىلغىنى قىلغان. ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە بۇ بالا تولا گەپ قىلىپ بېشىمنى ئاغرىتىۋېتىدۇ. بەزىدە: «دادا، ئانام نەگە كەتكەن؟
ئۇ راستىنلا بۇزۇق ئايالمىدى؟» دېسە، يەنە بەزىدە «دادا، مەنمۇ باشقا بالىلاردەك مەك-
تەپكە بېرىپ ئوقۇسام بولمامدۇ؟» دەيتتى. مەكتەپكە بارغاننىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق-
لۇقىنى شۇنچە چۈشەندۈرسەممۇ ئۇنىمايتتى. شۇ سەۋەبتىن بىر - ئىككى تەستەك سېلىۋەت-
كەن چاغلىرىممۇ بار. ئۇنداق چاغلاردا ئوغلۇم بىر - ئىككى كۈن يوقىلىپ كېتەتتى. ئاڭ-
لىسام ئۇ تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئانىسىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سوراپ تۇرۇۋالىدىكەن.
مەن ئۇلارغا ئوغلۇم كەلسە ھەيدىۋېتىڭلار، دېدىم.

بۇنداق ئىش ئىككى - ئۈچ قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن ئوغلۇم بىر يوقالغىنىچە
قايتىپ كەلمىدى، مانا ھازىرغىچە ئىز - دېرىكى يوق. شۇ چاغدا ئۇ 13 ياشتا ئىدى
قانداق قىلاي، ھاياتلا بولسا بىر كۈن كېلىپ قالار.

8

تۆزۈكرەك بىر ئويلىنىپ باقاي، بۇلار مېنىڭ چۈشلىرىم ئەمەستۇ؟ بۇلارنىڭ ھەم-
مىسى راست، ئايالىمنىڭ كەتكىنىمۇ، ئوغلۇمنىڭ يوقالغىنىمۇ، تىللالىرىمنى ئوغرى ئالغىنى-
مۇ راست. يەنە ئويلانغۇدەك نېمىسى قالدى؟ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇش كېرەك. ئەز-
رائىل تېزرەك كېلىپ جېنىمنى ئالسۇن. توغرا، دۇنيادا نۇرغۇن ئادەملەر ئۆلۈۋالماقچى
بولسىمۇ، ئۆلۈۋېلىشنىڭ تەسلىكىدىن ئەزرائىلنى كۈتكەكتىن باشقا ئىلاج قىلالمايدۇ. بەل-
كى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلار ئەڭ باتۇر ئادەملەر بولسا كېرەك.

مەن ئۆزۈمنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى قورقۇنچاق ئادەم ئىكەنلىكىمنى تېخىمۇ ھېس قىلماقتى-
مەن، مانا ئۆلۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلدىم، لېكىن ئۆلۈمدىن قورقۇپ، ئۆلەلمىدىم. راست، مەن كىچىك
ۋاقتىمدىلا ئۆلۈۋالغان بولسام ياخشى بولغانىكەن. يىگىرمە يىل ئىشلەپ يىققان نەرسىلىرىم
كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يوقالدى، بۇنى نېمە دېيىش كېرەك؟ ئەگەر تىللالىرىمنى ئوغرى
ئالماي، ھەرەمگە بارغان بولسام يەنە نېمە ئىش يۈز بېرەتتى؟ ھەرەمگە بېرىپ كەلگەنلەرمۇ
ئوخشاشلا يەردە مېڭىپ يۈرمەمدۇ. مەن ھەرەمگە نېمە مەقسەت بىلەن بارىمەن؟ گۇناھ-
تىن خالاس بولۇش ئۈچۈنمۇ؟ ئەگەر ساقچىلار تىللالىرىمنى تېپىپ بەرگەن تەقدىردىمۇ

ئەمدى بۇ تىللالارنى نېمە قىلىمەن؟ ئەمدى مېنىڭ ھەرەمگە بېرىش نىيىتىممۇ تۈتۈندەكلا يوق بولۇپ كەتتى. ھەرەمگە بېرىشنىڭمۇ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى بىلدىم. قىسقىسى، مەن ھاياتىم توغرىسىدا ھېچقانداق يەكۈن چىقىرالمايۋاتاتتىم.

ئويلاپ باقسام، پۈتۈن ھاياتىمدا ھېچبىر ساۋابلىق ئىش قىلماپتىمەن. بىرەر ۋاق نامازمۇ ئوقۇماپتىمەن. ئېھتىمال، ھەرەمگە بارسام ھەممە گۇناھلىرىم يۇيۇلۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىغان بولسام كېرەك.

مەن ھاياتىمدا كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىمنى يېپىدىن يىڭنىسىغىچە قويماي ئەسلەپ چىقتىم. كىچىكىمدە بىر قېتىم دادام كالىلارغا سامان بېرىۋاتقاندا، مەن كالىلارنىڭ قاتار تۇرۇشۇپ سامان يېيىشلىرىگە قاراپ، بۇلار يېيىشتىن باشقىنى ئويلىمىدىغاندۇ، بەلكى ھېلى قوش سۆرىگەندە ھېرىپ قالماسلىق ئۈچۈن كۆپرەك بىر نەرسە يېيىشنى كۆزلەۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالغانىدىم. مېنىڭچە كالىلار شۇ چاغدا يېيىشتىن باشقىنى ئويلىمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا كالا بىلەن ھازىرقى ئادەملەرنىڭ نېمە پەرقى؟ ئادەتتە، ئىنەك موزىيىدىن، موزاي بولسا ئانىسىدىن قىزغىنىپ، ساماننى كۆپرەك يېيىشكە تىرىشىدۇ. ئادەملەرنىڭ ھاياتىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بۇلاردا ھېچقانداق پەرق مەۋجۇت ئەمەس. ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولغاندىكىن مېنىڭ تىللالىرىمنى ئالغان ئوغرىدىمۇ ھېچقانداق ئەيىب يوق بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا ئەيىب كىمدە؟ بۇنداق دەپ سوراشقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق. ئەيىبنى ھەر كىشى ئۆزىدىن ئىزدىسە بولغۇدەك. ھەتتا ئانام دادامدىن تۆت تىللانى يوشۇرۇن ساقلاپتۇ، ئەگەر شۇ تىللالىرىدىن بىرەرسىنى ئىشلىتىپ داۋالاتقان بولسا دادام بىر مەزگىل ياشاپمۇ قالاتتى. قوشنامىمۇ ئىنىسىغا بەش يۈز يۈەن بېرىشنى خالىماي ئۆزىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولدى، باللىرى يېتىم قالدى. ئۇلارنىڭ قايسىسىدا گۇناھ بار؟

جامائەت دادامنىڭ جىنازىسىنى ئېلىپ ماڭغاندا ئانامنىڭ يىغلاپ جىنازىغا ئېسىلىۋېلىشى، قوشنام ئۆلگەندە ئايالىنىڭ كېچە - كۈندۈز يىغلاپ كېتىشى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە ئۇلار ئەرلىرىگە ئېچىنىپ ئەمەس، ئۆز تەقدىرىگە ئېچىنىپ يىغلىغان. ئۇنداق ئەمەس دېمەك، ئۇلار نېمە ئۈچۈن باللىرى بىلەن بىر ئۆيدە ياشىماي ئەرگە تېگىپ كېتىدۇ؟ بۇلارنىڭ يىغلاشلىرى مېنىڭ ئايال سېغىنغانلىقىم سەۋەبىدىن ئۆيدىن ئورمانلىققا چىقىپ ئۇخلىغانلىقىمدىكى ھەقىقەتكە ئوخشاپ كېتىدۇ. مېنىڭ ئايالىممۇ بۇ ھەقىقەتنى بۇرۇنلا چۈشەنگەن بولۇشى مۇمكىن. مەن پۇل تېپىش بىلەن بولۇپ كېتىپ ئايالىمنىڭ يالغۇز قېلىپ زېرىكىپ كەتكەنلىكىنى ئويلىماپتىمەن.

يەنە ھېلىقى دەڭىزنى دەيدىغان نەرسە ئېسىمگە كەلدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مۇشۇ نەرسە بېشىمنى قاتۇرۇۋاتاتتى. كىشىلەر مۇنداق غەلىتە نەرسىنى نېمىشقا ياسىغاندۇ؟ كىچىك چېغىمدا مېنى ھەيران قالدۇرغان ئايروپىلاننىمۇ كۆزلىگەن جايغا تېزرەك يېتىپ بېرىش ئۈچۈن ياسىغان بولۇشى مۇمكىن. دەڭىزنىڭ نېمە ئەھمىيىتى باردۇ؟ مەن بىلىدىغان ئادەملەر قورساقتىن باشقىنى ئويلىمىغان ئىكەن، دېمەك دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق. دەڭىزنى ياسىغان ئادەممۇ ئوڭايراق، تېخىمۇ ياخشىراق تۇرمۇش كەچۈرۈشنى

ئۇيلىغان بولۇشى مۇمكىن. ھېلىقى دەنىشدە ناخشا ئېيتقان ئايال ۋە ماۋۇ باللىرى بىلەن كېچىلەپ كىتاب ئوقۇيدىغان مۇئەللىم قوشنامىزۇ شۇنداق. ئۇلار قۇرساق ئۇچۇنلا ئەنە شۇنداق پالاقلاپ يۈرۈشىدۇ...

ئومۇمەن مەن ئويلىمىغان ھېچنەرسە، ھېچقانداق ئىش قالمىدىمۇ دەيمەن. قورسىقىم ئاچمىغان بولسا ئۆيدىن سىرتقا چىقماي يەنە ئاللىقانداق خىياللارنى قىلىشىم مۇمكىن ئىدى. خىيال دېگەن تۈگىمەيدۇ ئەمەسمۇ. لېكىن ئۆيدە يەيدىغان ھېچنەرسە قالمىغاندى. بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەپ تۈگەتكەنىدىم. ئاچ قورساق ئەزرائىلنى كۆرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدىم. ئاچلىق ئازابى مېنى يەنە ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇر قىلدى.

9

بۇنداق بولۇشنى ھەرگىز ئويلىماپتىكەنمەن. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئادەم ئۆلتۈرۈدىغانلىقىمنى، يەنە كېلىپ ئۆز ئوغلۇمنى ئۆلتۈرۈدىغانلىقىمنى ئويلىماپتىكەنمەن.

ساقچى ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيدۇ. مېنىڭ تىللالىرىمنى ئوغلۇم ئوغرىلاپتىكەن، لېكىن شۇ تىللا سەۋەبىدىن جېنىدىن ئايرىلىپتۇ. ئۆلتۈرگۈچى ئۆزىنى مەلۇم قىلغانىكەن. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ساقچىلار ئۇنىڭغا دەيدىغان ھېلىقى نەرسىگە ئېلىشىپ مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كەپتۇ:

«مەن ئاكامغا ياردەملىشىپ تىجارەت قىلاتتىم. بىركۈنى بىزنىڭ دۇكاننىڭ يېنىدىكى ئاشخانىغا بىر بالا پەيدا بولدى. مەن بۇ ئاشخانىغا كۈندە كىرىپ تۇرغاچقا بۇ بالا بىلەن تېزلا تونۇشۇپ قالدىم. بارا - بارا يېقىن دوست بولۇشۇپمۇ كەتتۇق. ئۇنى ئۆيگە باشلاپ بېرىپ ئاتا- ئانامغا تونۇشتۇردۇم، مۇشۇ جەرياندا ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ قالدىم. ئۇ، بۇ شەھەرگە ئانىسىنى ئىزدەپ كەلگەنىكەن. لېكىن ئانىسىنى تاپالماپتۇ. ئاتا - ئانام بۇنى ئاڭلاپ ئىچ ئاغرىتىشتى ۋە بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇپ قالغىن دېيىشتى. مەن ئۇنىڭدىن بىر ياشچە چوڭ ئىكەنمەن. بىز ئالتە يىلنى بىللە ئۆتكۈزدۇق. بىزنىڭ يېشىمىزمۇ چوڭىيىدى. بۇ چاغدا ئاكام ماڭا دۇكاننى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى چوڭراق بىر ئوقەتنىڭ پېيىگە چۈشكەنىدى. دۇكاندا سودا يامان ئەمەس بولۇپ تۇراتتى. بىز قىزلارغا كۆپرەك پۇل خەجلەيتتۇق، شۇڭا، كۈندە قىلغان سودىنىڭ پۇلى كۈندە تۈگەپ تۇراتتى، تېخى بەزىدە قەرز قىلىشقىمۇ توغرا كېلەتتى. بىر چاغدا قارىسام دۇكان قۇرۇغدىلىپ قاپتۇ. مەن قورقۇشقا باشلىدىم. ئاتا - ئانامنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ ئېسىمگە بىر ئىش كەلدى - دە، دەرھال خۇشال بولۇپ كەتتىم. دادامنىڭ ئىككى تىللاسى بار ئىدى، ئۇنى نەدە قويغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇنى ئېلىپ چىقىپ ھېلىقى بالىغا كۆرسەتكەنىدىم، بۇ نېمە، دېدى. مەن تىللا دېگەن مۇشۇ، دېدىم ۋە بۇنى ساتساق مىڭ سومدىن كۆپ پۇلغا يارايدىغانلىقىنى ئېيتتىم. ئۇ بۇنداق نەرسە بىزنىڭ ئۆيدە كۆپ، دادام بۇنىڭ مۇنداق كۆپ پۇلغا يارايدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەي كۆمۈپ قويغان ئىكەن - دە، دېدى. بىز ئىككىمىز ئۇنىڭ شەھىرىگە يېتىپ باردۇق. ھەم يېرىم كېچىدە ئۇنىڭ ئۆيىگە چىقتۇق. ئۇ كۆرسەت-

كەن يەرنى كولىغانىدىم، بىر مۇنچە تىللا چىقتى. بىز ساق - سالامەت قايتىپ كېلىۋال-
دۇق. مەن خۇشاللىقتىن نېمە قىلىشىمنى بىلمەيتتىم. خۇددى پۈتۈن دۇنيا مېنىڭ ئالقى-
نىمدا ئايلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى، لېكىن، ئۇ بۇنىڭ مۇنچىۋالا پۇللۇق نەرسە ئىكەنلىكىنى
بىلىپ كېيىپىدىن يېنىۋالارمۇ، دېگەن ئەندىشە مېنى قىينايتتى. بىز خۇشاللىقىمىزنى باسالماي
دۇكاننى ئىچىدىن مەھكەم تاقاپ ئولتۇرۇپ هاراق ئىچىشكە باشلىدۇق. هاراقنىڭ تەسىرى-
دىن بولسا كېرەك، هېلىقى ئەندىشىلەر تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر
خەزىجەرنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە تىقىۋەردىم. بىر چاغدا قارىسام ئۇ ئاجا-
يىپ قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرىپ قاپتۇ. بىردىنلا مەسىلىنىڭ يېشىلىپ، هوشۇمدىن كېتىپ
يىقىلىپ چۈشتۈم. هوشۇمغا كېلىش بىلەن يۈرىكىم پۇشايماندىن ئۆرتىنىشكە باشلىدى، ئەم-
دى پەقەتلا ياشىغىم يوق ئىدى. شۇڭا ئۆزۈمنى ساقچىغا مەلۇم قىلىش قارارىغا كەلدىم.»
ئۇنىمالغۇ توختىدى. ساقچىلار ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ، ئۇلار بەلكى مېنى راسا يىغلاپ
كېتىدىغان بولدى، دەپ ئويلاۋاتقاندۇ، لېكىن مەن يىغلىمىدىم. ئوغلۇمنىڭ ئۆلۈشىگە ئۆ-
زۈم سەۋەبچى بولۇپتىمەن ئەمەسمۇ. ئەسلى قاتىل ئۆزۈمكەنمەن. ساقچىلاردىن هېلىقى
بالىنى ئەمەس، مېنى جازالاشنى ئىلتىماس قىلاي.
— هېلىقى بالىدا گۇناھ يوق، ئەسلى قاتىل مەن. ئوغلۇمنى مەن ئۆلتۈردۈم، — دې-
دىم مەن. ساقچىلار ماڭا ئۇزاق تىكىلىپ تۇردى.
— سىلە تىللالىرى توغرىسىدا كۆپ ئويلىنىپ بەك چارچاپ كېتىپىلا، قاتىل چوقۇم
جازالىنىدۇ، ئەڭ ياخشىسى، بۇ توغرىدا كۆپ ئويلىماي ياخشىراق دەم ئالسىلا.
— مەن ساراڭ بولۇپ قېلىپ ئۇنداق دەۋاتقىنىم يوق. مەن تىللالارنى يىغمىغان بول-
سام بۇنداق ئىش يۈز بەرمەيتتى، — دېدىم مەن جىملى بولۇپ.
— گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس، قانۇن ئۇنداق قارىمايدۇ، — دېيىشتى ئۇلار.
مەن «قاتىل مەن!» دەپ هەر قانچە ۋارقىرىساممۇ ئۇلار بۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى، تىل-
لانى بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئەكىلىپ بېرىمىز، دەپ كېتىپ قېلىشتى.
مۇشۇنىڭغا قارىغاندا قانۇنمۇ ئادىل ئەمەس ئوخشايدۇ. ناهايىتى ئېنىقكى، مەن پە-
قەت ئوغلۇمنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈنلا يىگىرمە يىلدىن ئارتۇق هەرىكەت قىلىپتىمەن. ئويد-
لاپ باقسام، مۇشۇ كۈنلەردە كىشىلەر پۇل تاپىمىز دەپ شۇنداق پالاقلاپ كېتىۋاتىدۇكى،
بۇنىڭدىنمۇ چوڭراق بىر ئىشلار چىقىپ قالمىغىيدى، دەپ ئەنسىرەيمەن. خۇداغا ئامانەت!

10

مەن ئايالىمنى قايتىپ كېلەر، دەپ پەرەز قىلمىغان، ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى
كۆرۈپ هەيران بولۇپمۇ كەتمىدىم. ئۇ ئۈچ ياشلىق بىر بالىنى ئېلىپ تۇغقانلىرىمىزنىڭكى-
گە چۈشۈپتىكەن. مېنى چاقىرتىپتۇ. باردىم. «ۋاي بالام» دەپ هازا ئاچتى. خوتۇن كى-
شى دېگەنگە يىغلىماق ئوڭايلا بىر ئىشقۇ. راستىمنى ئېيتسام، ئۇ مېنىڭ بىر چاغدىكى
ئايالىممۇ، ئەمەس دەپ گۇمان قىلىپ قالدىم. چۈنكى ئۇنىڭ كىيىنىشلىرى ۋە گەپ سۆز-
لىرى باشقىچە بولۇپ كەتكەنىدى، يىغلاشلىرىمۇ بۇ يەرلىك ئاياللارنىڭ يىغلاشلىرىغا ئوخ-

شىمايتتى. يۈزلىرىگە چۈشكەن قورۇقلارمۇ ئەتەي شۇنداق ياساپ قويغاندەك كۆرۈلەتتى. ھېلىقى بالىسى بولسا ئوغلۇمنىڭ كىچىك ۋاقتىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. ئەجەب ئىش ھە، ئوغلۇم تىرىلىپ كەلدىمۇ نېمە، دەپ ئويلاپ قالدىم، ئايالىمنىڭ نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلمىدىم. ۋەقەلەرگە، سىرلىق ھادىسىلەرگە تولغان بۇ جاھاندا ئادەملەردىن ھەر قانداق ئىشنى كۈتۈش مۇمكىن. ئايالىم «ئوغلۇمنىڭ ئۆلۈمىگە مەن سەۋەبچى بولدۇم، ئوغلۇمنى مەن ئۆلتۈردۇم. مەن قاتىل ...» دەپ خېلىلا ئاھ ئۇرۇپ كەتتى. تۇۋا، ئوغلۇمنىڭ قاتىلى كۆپىيىپ كەتتىمۇ ئەمدى؟ بۇلارنىڭ ئىچىدە قاتىل زادى كىم؟ باشقىلارنىڭ قارىشىچە كىم ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرسە شۇ قاتىل بولۇدىكەن. ھازىر مېنىڭ تىللىرىم توغرىسىدا باش قاتۇرغۇچىلار كۆپىيىپكەتتى، مەسلىھەتچىلەرمۇ ئاز ئەمەس. بەزىلەر «ھازىر تىللانىڭ باھاسى ئۆرلەپ كەتتى. تىللالىرىڭنىڭ يېرىمىنى ئىشلىتىپ قويساڭ كاتتابىر مەسچىت پۈتتۈدۇ. بىرىنچىدىن، ھەرەمگە بارغاندىن ئارتۇق ساۋاب ئالىسەن. ئىككىنچىدىن، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ پالانچىنىڭ مەسچىتى دەپ ئۇزۇنغىچە نامىڭ ئۆچمەيدۇ» دېيىشەتتى. بەزىلەر «ھاي ئەخمەق، مۇنچىۋالا پۇلۇڭ بولغاندىكىن ھەرەمگە بارساڭ بولمامدۇ؟ بىر تەرەپتىن شەھەر كۆرۈپ كېلىسەن، ئىككىنچىدىن ھېسابسىز كۆپ ساۋاب تاپىسەن» دېيىشەتتى. يەنە «مۇشۇ تىللالارنى دەسمايە قىلىپ سودىگەرچىلىك قىلساڭ چوڭ سودىگەر بولۇپ كېتەتتىڭ» دېگۈچىلەرمۇ بولدى، نېمىشقىدۇ مېنىڭ كۆڭلۈمگە ياققۇدەك مەسلىھەت بېرىدىغان ئادەم چىقمىدى، كۆڭلۈمگە قانداق مەسلىھەتلەر ياقىدۇ، بۇ ئۆزۈمگىمۇ ئېنىق ئەمەس. بەلكى كۆڭلۈمگە ياققۇدەك مەسلىھەت بېرەلەيدىغانلارمۇ چىقىپ قالار.

ماۋۇ مۇئەللىم قوشنامنىڭ تۆت ئوغلى يېقىندىن بېرى يىراق شەھەرلەرگە بىر - بىرلەپ ئوقۇشقا كەتتى. ئۇ بىر چاغلاردا، ياخشى ئۆگەنسەڭلار ئۇنداق، مۇنداق قىلالايدىغان بولىسىلەر، دەۋاتقان. ئەمدى ئۇنىڭ بالىلىرى چوڭ شەھەرلەردە ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇنداق - مۇنداق ئىشنى قىلۇۋېتەلەيدىغان، تېلېۋىزور دەيدىغان نەرسىنىمۇ ياسىيالايدىغان بولار. ئەگەر مېنىڭ ئوغلۇم ھايات بولۇپ ئاشۇنداق شەھەرلەرگە بېرىپ ئوقۇغان بولسا، مۇشۇ تىللالىرىمنى شۇنىڭ ئۈچۈن سەرپ قىلغان بولسام قانداق بولاتتىكىن ...

پات - پات ئايالىمنىڭ ھېلىقى بالىسى خىيالىمغا كېلىۋالىدىغان بولدى. ئۇنىڭ چىرايى ئوغلۇمغا ئوخشاپ قالغانلىقتىن، ئۇنىڭغا نىسبەتەن كۆڭلۈمدە ئىللىق بىر سېزىم پەيدا بولۇپ يەنە يوقاپ كېتەتتى. قانداق بولمىسۇن ئۇ باشقىلارنىڭ بالىسى - دە.

ئايالىم كېتىش ئالدىدا بىرەر يىلدىن كېيىن ئۆز يۇرتۇمغا كېلىۋالىمەن، دېگەندەك مۆجىمەلرەك بىر گەپنى قىلدى ...

مەندە ئەمدى بۇ دۇنيادا كۆپرەك ياشاش ئارزۇسى پەيدا بولدى.

مەسئۇل مۇھەررىرى روزىمەھەممەت جۇمە

ئابلىز ھوشۇر

## غەزەللەر

### كۆڭۈلگە سۆز

نەسادا بۇلبۇل مۇقامىدىن گۈلى گۈلزارسىز.
ئۈنلىمەس دۇتار ناۋا كەش قولىدا ھەم تارسىز.

تاغدا كاككۇكمۇ، ئەقەللى، ۋەسلى بوستان ئىزلىگەي،
كەچسە بوستاندىن ئەگەر يەتكەي بىتاپلىق دارسىز.

«تاش ئەزىز چۈشكەن يېرىدە»، گۈلمۇ ئۆز شاخى بىلەن،
نەقەدىر قامقاقتا يەل ئالدىدا بىھۇش، ئارسىز.

بىئەجىر ھەم بىجاپا تەييار مەئىشەت نەدە بار،
گۈلسۇرۇق ۋەسلىنى كۆرسەتكەن قاچان ھىچ خارسىز.

بۇ جاھان قىسمەتلىرى لەكمىلك چۈشەنسەڭ ئى كۆڭۈل.
ۋە لېكىن يەتمەس مۇرادقا ھىچ كىشى ئۆز يارسىز.

### ماڭا غەپلەتنى يار قىلما

سەھەر ئەپغان چېكەر بۇلبۇل، لېكىن گۈل ئاندا پەرۋاسىز
چىمەنلەر بەرگىدە شەبنەم كۆلەر ھەر ياندا پەرۋاسىز.

سابالار يەلپۈسە ھەر دەم يېرىپ لەۋ غۇنچە خەنداندۇر
لېكىن گۈل ياشىدىن ئۇچقۇر سابا ھەر تاڭدا پەرۋاسىز.

جامالۇ ـ ھۆسنىگە تولغان دەمىدە گۈلسۇرۇق يايراپ،
ئەجەب غەپلەت ئارا بۇلبۇل كېتەر ئۇيقۇغا پەرۋاسىز.

چۈشىدە گۈل كۆرۈپ، چەكسە تۇرۇپ دىل تارىنى قايتا،
يەنە گۈل كاسىسى ئۆزرە بەرگ پىنھاندا پەرۋاسىز.

نىگارا، ۋەسلى پۇرسەتتە ماڭا غەپلەتنى يار قىلما،
نەدۇر پۇرسەتنى قايتۇرما، قويار ئارماندا پەرۋاسىز.

### دوستلارغا

ئايا دوستلار، بۇ گۈلشەندە ماڭا ھەمدەمدە بولغايسىز.
سەھەر خەندانە كۈلگەندە، كېچە شەبنەمدە بولغايسىز،

كى دىلبەر ئىشقىدا ياندىم، ئېشىپ تاغلارنى يول ئالدىم،
بۇ يولدا مەن بىلەن بىر جان يەنە بىر تەندە بولغايسىز.

سىنالغاي ياخشى دوست ھەر دەم سەپەردە تا ئەلمساقتىن،
ھەمىشە مەن داۋان ئاشسام سىزھەم ھەر بەلدە بولغايسىز.

«بۆلۈنگەن بۆرىگە يەم» دەپ ماقال بار بوۋىدىن قالغان،
ئېلىپ ئىبرەتنى سىز ئاندىن، ھامان بىرگەۋدە بولغايسىز.

تىلەيدۇ ئا. ھوشۇر دىلىدىن تۆكۈپ دۇردانىلار تىلىدىن،
بولۇپ شات بەختىگە ئۇلپەت سىز ھەم شادىيانە بولغايسىز.

## ناۋاسى بار

جاھاندا ھەر كىشىنىڭ ئۆز ئاتا بىرلە ئاناسى بار،
ئۇنىڭكى ئالدىدا پەرزەنت ئۇتىنىڭ چەن ۋاپاسى بار.

ئىگىگەلەپ تەمىنلەپ بىر جان قۇرامغا يەتكۈچە ھەر ئان،
ئاتا بىرلە ئاناسىنىڭ تالاي تارتقان جاپاسى بار.

ئاتاقلىق ئىستىكى ئۆملۈك، ئانالىق ئىستىكى ئۆملۈك،
بۇ ئۆملۈك ۋەسلىنىڭ پەرزەنت ئۈچۈن چەكسىز باھاسى بار.

پۈتۈپتۇ قىسمەتى دۇنيا كىشى ئۆمرىنى ھەر جايغا،
ئەقىلىنىڭ كۆزىدە باقساڭ بۇنىڭ نەبىر جازاسى بار.

ئارادا تاغ تۈپەيلىدىن ھەسەتكە چۈشمىسۇن ھېچكىم،
ھەسەت نامىلىق بۇ ئاپەتنىڭ كۆنى بىر كۈن بالاسى بار.

ئەقەللى، قۇش چىشىدا بىر - بىرىنى چوقلىسا ئۆلگەي
بۇ يەتمىگ چوقۇلاشلاردىن ھاياتنىڭ نە ساپاسى بار.

جاھاندا قايسى شەيئى ئىلە بىجىرىم بولغىنى باردۇر،
تۇلۇن ئاي يۈزدە باقساڭ ئۇنىڭ ھەم داغ - قاراسى بار.

ئەزەلدىن بىر ئاتا ھەم بىر ئانا پەرزەنتىمىز، ئاي - ھاي،
بىرىنى بىرى يەكلەشكە يەنە كىمنىڭ ئاساسى بار.

ھوشۇرى، بول ئىناق ھەردەم، كۆتەر مىللەتنى باشىڭدا،
جاھاندا چەن ئىناقلىقنىڭ باھاسىز شات ناۋاسى بار.

غەيرەت غوپۇر

## شېئىرلار

### هوشيارلىق...

ئۇ ئۈستلىرى هوشيار بولغان چاغ،
ئۇۋچى كېلەر مۆكۈنمەي روشەن
تىرىك قالدى تۈلكە بىلەن زاغ،
ئولجا بولدى ھەسەن ۋە ھۈسەن.

### نومۇسسىزلىق

كېچىلەرگە سىڭگەن ئانامنىڭ،
ناخشىلىرى مىسكىن قوڭغۇراق.
شۇنچە ئىزدەپ كەزسىمۇ ئالەم،
بۆشۈك يۈدۈپ كەلمىدى بوۋاق.

### پاكلىق

دەرپادىن دەرياغا سەكرىدى بىر قىز،
جەسىتى سۇزۇلۇپ چىقتى سەھەردە.
قان بىلەن يۇيۇلۇپ كەلگەن بۇ ھايات،
ئېيتىڭلار؟
ئاقلىنىپ كېلەر قەيەردە...

### سۇنغان كۆڭۈل

ــ فرونتتىكى يېتىم باللارغا بېغىشلايمەن

ۋەتەنلەرنى تىللايمەن سۆكۈپ،
ۋەتەنسىزلىك تۇغدى كوچىغا.
روھلىرىنى قىلدى مۇنـقەرز،
ئايلاندۇرۇپ چۆشنى توپىغا...

### ئاسماندىكى يەر

گاھى چىقار يەتتە پەرىزات،
گاھى ئاچچىق كۆز ياش تۆكىلەر.
سىر ساقلىغان چەكسىز ئاسماننىڭ،
چىرايىغا چىقىپتۇ ئاھ، يەر!

### سوئال

ــ ئانامغا

بىلسەڭ ئانا تەشۋىشلىرىمنى،
تۇغماسلىقىڭ كېرەك ئىدىغۇ؟
يامان دېسە بالاڭنى بىرسى،
تىللاپ مېنى ئىشىنەرسەنمۇ...؟

### ئانا ئوبرازى

ئانىلارنى بېرەلمەي سىزىپ،
ئۇ ئايلىنىپ كەتتى سامانغا.
مەن مەھلىيا بولدۇم ئۇ ھەتتا،
سەھەر يازغان ئۈچمەس داستانغا...

### پەرىشانلىق

ئادەملەردىن بولسام پەرىشان،
كىرپىكىمدە تۇغۇلدى دەريا.
شۇنداق ئىلاھ بولغانىتىم پەقەت،
ئادەم قىلىپ تۇغدى بۇ دۇنيا.

### قانات

قانات تىلەپ قولى ئورنىغا،
سانسىز بۇندا تۇغۇلۇپ ئۆلمەك.
بۆركۈت ئىدى ئەي ئادەم ئەسلى
كۆكرىكىڭدە تەۋرىگەن يۈرەك!؟

### دېڭىز...

شاۋقۇن ـ سۈرەن چىقىرىپ ئۇندا،
قايىنام ياسار ئادەملەر دەھشەت.
ھايات شۇڭغۇپ سۈزەر مەرۋايىت،
قۇلۇلە بوپ يۈرەر ھەقىقەت.

تۇرسۇن نىياز

## مۇھەببىتىم

مۇھەببىتىم تۇندە كۆرگەن چۈش ئەمەس،
كۆز ئاچقۇچە ئەستىن چىقىپ كەتكىلى.
مۇھەببىتىم ئەمەس سىرلىق تېپىشماق،
ھەر كىم ئۆزى خالىغانچە يەشكىلى.

مۇھەببىتىم يىغلاپ كۆيگەن شام ئەمەس،
«غىل - پال» يورۇپ بىردەمدىلا ئۆچكىلى.
مۇھەببىتىم قىياس ئەمەس يۇلتۇزغا،
بىر ساقىپلا كۆكتىن يەرگە كۆچكىلى.

مۇھەببىتىم—بېغىمدىكى ئەمەس گۈل،
يازدا ياشناپ، كۈزدە خازان تۆككىلى.
مۇھەببىتىم ئەمەس، ھەييار كېپىنەك،
گۈلدىن گۈلگە قونۇپ شۇئان يۈتكىلى.

مۇھەببىتىم—مەن بىلەن تەڭ تۆرەلگەن،
تەڭ تۇغۇلغان مەڭگۈ ماڭا قوشگېزەك.
ھايات ئىشقى بەرمىگەندە تەنگە جان،
بولماس ئىدىم بۈگۈنكىدەك ئوت يۈرەك.

مۇھەببىتىم — ئىلاھ كەبى مۇقەددەس،
ياشنايدۇ، ئۇ دىل تۆرىمدە بىغۇبار.
مۇھەببىتىم ئىمانىمدەك مۇكەممەل،
زىكرى قىلسام، ھەر سۆزۈمگە تىل تۇمار.

مۇھەببىتىم مەندىكى چىن ئەقىدە،
ئەقىدەم بار، سۆيگۈم ھايات، مەن ھايات،
مۇھەببىتىم شۇ ھاياتنىڭ پەرۋازى،
ئۆلمەس كۆڭۈل قۇتلىرىغا جۈپ قانات.

دواقۇن روزى

## ئۈچ شېئىر

### يولسىز تىرىلىش

يۈرىكىمدە ئۆلگەنىنىڭ نېكەم،
پەيدا بولدۇڭ يەنە تۇيۇقسىز.
ۋۇجۇدۇمنى چىرمىۋالدى غەم،
كۆزلىرىمنى قىلدىڭ ئۇيقۇسىز.

ئېلىپ كەتكەنىدى جىسمىڭنى،
سۆيگۈدىكى لىللا قىرىلىش.
قايسى ئىلاھ بەردى رىسقىڭنى،
بولدى بۇ بىر يولسىز تىرىلىش.

### شېئىرلىرىم قالدى تېگىرقاپ

ئىدرىكىمنى ئوراپ تىلسىمات،
گۇگۇم ئىچرە يۈزگەندە مەڭدەپ.
تېپىۋالدىم يېڭى ئېتىقاد،
ئەقىل بىلەن ئۆزۈمنى دەڭسەپ.

تىلسىماتلار، سېھىرلىك ھېسلار
داۋالغۇتتى ئەزمە تۇيغۇمنى.
تەسەۋۋۇردىن ھالقىغان ئىشلار،
خالاس قىلدى مەغرۇرلۇقىمنى،

ئىپتىدائىي كۆدەك خىيالىم
مەڭگۈلۈككە چۈشتى تەختىدىن.
قاناتلانغان غالىب ئۈمىدىم،
ئورۇن ئالدى يارقىن سەھنىدىن.

رەڭدار دۇنيا رۇجەكلىرىگە،
تەشنا روھىم يىقىلدى چاڭقاپ.

پەلسەپىلەر يۈكسەكلىكتە،
شېئىرلىرىم قالدى تېگىرقاپ.

### خىيال

كۆلبىنىسگە قەدەم باسايلى،
تەكلىپ قىلىبا بىزنى ھالاكەت.

تاۋلىنىدۇ ئىلاھىي سۆيگۈ،
چىقالىساق ئەگەر سالامەت.

ئەگەر ئۇندا ئۆلسە سۆيگۈمىز،
بۇ بولىدۇ ئۇلۇغ بىر ئۆلۈش.
يا سەن، يا مەن تەنھا قۇتۇلساق،
قانۇنىدىن چەتنەيدۇ سۆيۈش.

ئابلىمىت تۇردى

## شېئىرلار

### ئارمىنىڭغا قېنىپ مەغرۇر كۈلۈۋال

تۇر ئورنىڭدىن قۇياش ئازاب چەكمىسۇن،
سەنمۇ ۋىسال تولپارىغا مىنىۋال.
كۆز ئالدىڭدا يېڭى ئوبراز، كۆرۈۋال
تۇر ئورنىڭدىن، ئاي نۇرلىنىپ قويمىسۇن.
ئاينى كۆكتىن قولتۇقىڭغا ئېلىۋال.
تۇر ئورنىڭدىن، تاغلار غۇلاپ چۈشمىسۇن.
ئېتەكىڭگە كۆيلىرىڭنى تۆكۈۋال،
تۇر ئورنىڭدىن، باھار قېيداپ مۆكمىسۇن.
ساھىللاردا ساھىبخان بولۇپ كۈتۈۋال،
تۇر ئورنىڭدىن، ۋىسال نۇرى ئۆرمىسۇن.
ئارمىنىڭغا قېنىپ مەغرۇر كۈلۈۋال.

### ئاھ، ئاسانغا چۈشمەس مۇھەببەت

يالت - يۇلت قىلىپ چاقماقتەك چېقىپ،
سۆيگۈ غىل - پال دىدار كۆرسىتەر.
ۋە گاھىدا نۇرلاردەك ئېقىپ،
مۇڭ يۈرەكنى كۆلدۈرۈپ ئۆتەر.

ئىسكەنجىدە تۇتقىن قىپ دىلنى،
قىلىدۇ شاھ ياكى قەلەندەر.
ئوتقا تاشلاپ ئىشق قولىنى،
قىلار تەھقىق خۇددى سەمەندەر.

سىنىقى كۆپ، شەرتى ھەم ئۇنىڭ،
تىنىقىدا ۋىسال ۋە كۈلپەت.
تېخى ئايرار ئاشىقنى جانىدىن.
ئاھ، ئاسانغا چۈشمەس مۇھەببەت.

### سەن توغرىلىق غەيۋەت قىلىمەن

مەن كەينىڭدىن قوغلاپ يۈرىمەن،
يۇلتۇز ئاينى قوغلىغان كەبى.
دوستلىرىڭغا تىللاپ يۈرىمەن.
دەيمەن سېنى رەھىمسىز قەبىھ.
دۈشمىنىڭگە ماختاپ كۈلىمەن،
دەپ بىر ئىنسان كۆڭلى بەك سەبىي.
سەن توغرىلىق غەيۋەت قىلىمەن،
غەيۋەتلىرىم ئۆز ۋە ئەجنەبىي.
غەيۋەت قىلىپ ئاخىر ئۆلىمەن،
ئۆلۈممۇ بولار ئەسەبىي!

### ئالتۇن تاغاق

قولۇمدا ئالتۇن تاغاق،
تاراۋاتىمەن
ئانامنىڭ ئاق بېشىنى،
ئاق چېچىنى.
سۆزلىمەكتە قىسسە قىلىپ
جاپالىق كەچمىشىنى،

مىلىڭ تاغاق
ھەتتا
مىلىيون ئالتۇن تاغاق.
ياشارتالمايدىكەن
بىرمۇ يېشىمنى،
قارايتالمايدىكەن
بىرمۇ چېچىمنى.

قولۇمدا ئالتۇن تاغاق
كۆزۈمدە ياش
تۇيغۇلار بىۋاش.
ئانامنىڭ قولىدا
تۇردىمۇ

ئاھ!
ئەزرائىل يازغان باغاق.

ئابدۇرېشىت ئوجا

## شېئىرلار

### گادگىرىغان قۇلاق

پاراڭلىرى تۈگىمەيدۇ ئانىنىڭ،
چاچقۇ چاچار سۆزلىرىدە مىسالى.
كاككۇك ئۇنى ئاڭلانغانتى تۇساتتىن،
ئۆچۈپ كەتتى باغقا قىزنىڭ خىيالى.

بۇيرۇغاندا ئانا قىزدىن ئوتتۇنغا،
سۇ ئەكەلمەك بولۇپ ماڭدى بۇلاققا.
كىرمىگەنتى چۈنكى ئانا ئېيتقان گەپ،
مەسخۇشلۇقتا گادگىرىغان قۇلاققا.

بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ئانىسى،
تاسلا قالدى نېمە بولدۇڭ دېگىلى.
بىلىندۇرمەي بېسىۋالدى ئۆزىنى،
ياخشى بولدى ئېچىدىلا بىلگىنى.

### ئاھ، بۇ سادا شۇنچە يېقىملىق

دەريا ئاقار بۇژغۇن چاچرىتىپ،
دولقۇنىدىن ھاسىل بىر سادا.
سادىسىغا سالىمەن قۇلاق،
ئارمانلىرىم ئويغىنار دىلدا.

ئاھ، بۇ سادا شۇنداق يېقىملىق،
ئاڭلىغانچە كېلەر ئاڭلۇغۇم.

جۇشقۇنلايدۇ ئويغاق قەلبىمدە،
دەريا كەبى ئويغانغان تۇيغۇم.

### بولۇپ شائىر كىرپىك ئاچمىدىم

قەلبىم مېنىڭ ئىشقىڭغا تالىق،
ئاھ، ئۇماق قىز كۆڭلۈڭنى كەڭ تۇت.
كۈلۈپ بەرسەڭ ماڭا خۇمارلىق،
قۇچار قەلبىم ئالەمچە زەر ـ قۇت.

سېنىڭ ئۈچۈن ئېيتىلغان ناخشا،
سىڭىپ كەتتى باغقا ـ بوستانغا.
كۈي ـ كۈيلىنىپ بۇلاق شوخ ئاقسا،
ئۇنى يېزىپ قاتتىم داستانغا.

شەپەق نۇرى تاۋلىغان يۈز مىڭ،
گۈزەللىكلىك تەسۋىرىدىن ئارتۇق.
نېچۈن قاچار شۇ خۇمار كۆزۈڭ،
قىلاي دېسەم كۆڭلۈمنى تارتۇق.

تۈندە ئايغا، تاڭدا چولپانغا،
ئېيتىپ تۇردۇم ئىلتىجايىمنى.
ھىجرانلىرىڭ تىغ بولغاچ جانغا،
گاھ ئۇلغايتىپ ئاھۇ ـ زارىمنى.

يۈرەك يىغلار تىنمتاش - تېنىمسىز،
پەيدا قىلىپ دولقۇنلۇق قىيان.
مۇھەببىتىڭ گوياكى بىر ئوق،
ياش جېنىمنى قىلماقتا ئىمجان.

قۇدرەت قۇربان

خۇلقلىرىڭ بېرەر مىڭ ئۇقۇم،
كۆڭلۈڭدە ئەسىر بار بىلدىم.
شېئىر يازدىم تۇندىن تاڭغىچە،
بولدۇم شائىر، كىرپىك ئىلمىدىم.

## شېئىرلار

### بېشارەت

قالغانىكەن قەدىمدىن شۇنداق ماقال،
«ئىشەنمىگىن پالچىغا، يۈرمە پالسىز»
چېقىشىشنى پالچىغا ئەيلەپ خىيال،
دېدىم ئاڭا، مەن ئۈچۈن پال سالسىڭىز.

دېدىكى ئۇ، ئۆتسەڭمۇ خالۋاپ بولۇپ،
كېيەنلىك خام تېپىلماس مەھشەر كۈنۈڭ،
بەلكى ئۆتسەڭ يېتىمغا ئاپتاپ بولۇپ،
پىنھان ئىچرە قان، ياشقا تولار كۆزۈڭ.
جانانىڭمۇ سۆيۈشكەن، سۆيگەن كۆيۈپ،
چايان بولۇپ ئاقىۋەت چاقار ئۆزۈڭ....

ئىشەنمەستىم ئەزەلدىن پالچىغا، پالغا،
شۇنداقتىمۇ شۇ تاپتا چۆمۈلدۈم ئويغا...
شۇ پال بەزەن ھاياتقا كېلىدۇ ئۇيغۇن،
بۇ ئالەمنىڭ تۈگۈنى ئىمانچە نۇرغۇن،
ئۆلپەت ھايات نەسەۋەپ ئاشۇنداق كويغا...؟!

ئۆمەرجان مۇھەممەدى

### ئىس

بوشلۇقتا ئىشانىسىز لەيلەپ يۈرەر ئىس
گاھ كۆزگە كۆرۈنۈپ، گاھى يوقۇلۇپ.
شۇ كەبى كىشى بار ھاياتتا شەكسىز،
ئىشانىسىز ھەر تامان يۈرەر دوقۇرۇپ.

ماسلىشىپ «شامال» غا بولىدۇ ئەرمەك،
ھەر ئىشتا كېلىمات پەيلىنى قۇچۇپ.
ھېلىلا يانسا ئۇ قۇرۇق قورايدەك،
ھېلىلا دېرەكسىز قالىدۇ ئۆچۈپ.

### پارچە

ئاھ! نۇر، دېدىم، نۇرغا باش ئۇردۇم،
مەن تۈنلەرنى قىلمىدىم ئۈلپەت.
دىلىمنى مەن نۇرغا تاپشۇردۇم،
سۈرۈلسۇن دەپ يولۇمدىن زۇلمەت.

## شېئىرلار

بارسا ھەركىم رايىغا تەگرى
ئاھ! داداڭنىڭ باغرى تاشلىقى،
قىلدى تالاي دەردكە مۇپتىلا.

ئەستىن چىققاچ ئۇنىڭ ياشلىقى،
ھەسرەت يۇتۇپ دېدۇق — «بوپتۇلا!...»

ھەسرەت يۇتۇپ دېدۇق — بوپتۇلا
قالدۇق بىراق ھىجىران - ئۇتتىلا.
ياردىماپتۇ بىلسەم داداڭغا،
تۇغۇلغىنىم ئۆزگە يۇرتتىلا.

بارسا ھەركىم رايىغا تەگرى،
سەن بار يۇرتتا تۇغۇلماسمىدىم؟
ئاھ شۇ چاغدا قېنىپ ۋىسالغا،
بۇنچە دەردكە بوغۇلماس ئىدىم.

### رەنجىمەيمەن

تەبەسسۇمىڭ قوشار جانغا - جان
قېيداشلىرىڭ ئالىدۇ جاننى،
جىلۋىلىرىڭ قوزغاپ ھاياجان،
كۆلكەڭ ھەيدەر دىلدىن تۇماننى.

رەنجىمەيمەن سېنىڭدىن ئەركەم،
بىر يولىلا ئالساڭمۇ جاننى،
بېرەلمەسكەن يۈرىكىم بەرداش،
«سوۋغا» قىلساڭ بىراق — ھىجراننى.

### جانانغا جاۋاب

— ئوخشامدىمەن، —
دېدىڭمۇ ئايغا؟
— ياق،
ئوخشىساڭ ئايغا،
ئايدا ئونبەش كۈن،
ئىزدەپ سېنى

باراي مەن قايغا؟
— ئەمىسە كۈنگە؟
— ياق، ئوخشىساڭ كۈنگە،
چىدايمەن قانداق؟
سېنىڭسىز تۈنگە.
ھېسابلايمەن سېنى مىڭ ئارتۇق،
كۈن بىلەن ئايدىن.
چۈنكى سەن
ئالغاچقا ئورۇن،
قەلبىمدىكى ئەڭ ئېسىل جايدىن.

### سەن قالدۇرۇپ كەتكەن باغاقچە

تۇنجى قاردىن كېيىنلا قىزچاق
يۈرىكىمدە سۈرىتىڭ قالدى.
نېمىشقىكىن ئىسى - يادىمنى
گۈل سىياقىڭ ئىلكىگە ئالدى...

سەن قالدۇرۇپ كەتكەن باغاقچە،
ئېيتە، راستىن قارلىقمىدى، قىز؟
ياكى ماڭا سۆيگۈ ھەققىدە،
چۈشۈرۈلگەن يارلىقمىدى قىز...؟

### ئۆتەرمىزمۇ...؟

مەن ئاۋارە سېنى ئەگىپ كېتەلمەي،
سەنمۇ خىجىل قەلبىڭ ئىزھار ئېتەلمەي.
جۈپ يۈرەكتە تۇرۇپ شۇنداق ئىنتىلىش،
ئۆتەرمىزمۇ بىز ۋىسالغا يېتەلمەي...

ھاشىمجان قادىرى

## ئىككى شېئىر

### شېئىر ھەققىدە خىياللار

ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىلا،
باغلىغانتىم شېئىرغا ھەۋەس.

يازدىم ئەنە شۇنىڭدىن بۇيان،
مەشق قىلدىم ھەردەم - ھەر نەپەس.
كۆردۈم تالاي كىتاب - ژۇرنالنى
بولسۇن ياخشى ياكى ئەرزىمەس.

شېئىرلارنىڭ كۆپكەن تۈرلىرى
ئاتىلاركەن بىرى مۇخەممەس.
قايسى بىرى يەنە مۇۋەششەھ،
ئۇنى يازماق ئىكەن خېلى تەس،
بو شاشمىدىم لېكەن شۇندىمۇ،
ئىشقىمغا سۇ سەپسە كۆرەلمەس.
ئىشەنمەيتتىم ھېسسىياتسىز شېئىر،
دېيىلسە گەر لەززەت بېرەلمەس.
زورىغدىلا يېزىلسا ياكى،
كۆڭۈللەرنى مەپتۇن ئېتەلمەس.
يازغانسېرى چۈشىنىپ باردىم؛
ئىكەن بۇ سۆز ناتوغرا ئەمەس.
قىيىن ئىكەن قەلەمكەشلىكمۇ،
بولمىسا گەر ھېس ـ ئىلھام پەۋەس.
ھازىر گويا بەزى شائىرلار، —
بولۇۋالدى دەل ئاپتاپپەرەس،
بەزىلىرى مىسالى زاۋۇت،
شېئىرلىرى چىقىپ ئۆكسىمەس.
بازار تاپسا مەيلى ئىدىغۇ،
زوقلانغانلار پەقەت كۆرۈلمەس،
ئاز ئەمەس ھەم تەقلىدچىلەرمۇ،
بەزىلىرى دەل شۆھرەتپەرەس.
جانسىز شېئىر ھامان جانسىزدۇر،
پەقەت ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرەلمەس.
چاغلىق مېنىڭ يازغانلىرىممۇ،
لېكەن شېئىردىن رىشتىم ئۈزۈلمەس.
شائىر ئىشى — ھەقىقەت ئىشى،
ۋىجدان ئىشى — پۇل تېپىش ئەمەس.

ئىستىكىم بار ئالەمگە سىغماس

ئانامدىن قۇياش ياسىسام،
ئېرىپ كەتتى پايانسىز ئالەم.
قاچىلىسام بۇ سۆيۈقلۇقنى؛
توشمىدى ھېچ ئىستەك پىيالەم.

مەھمۇد زەئىدى

## سەپەر ئىلھاملىرى

### چىنار تۈۋىدە

كۆرگىنىمدە قۇچاق يەتمەس چىنارنى،
پۇرىغاندەك بولدۇم خۇش بۇي ئىپارنى.
شاخلىرىغا تىل تۇمارلار ئېسىپتۇ،
ئاسراپ سۆيگەچ بۇ قەدىمىي دىيارنى.
كۆزۈم تىكسەم ئاسمان پەلەك بويىغا،
ئۆتكۈزگەنۇ بەش يۈز قىش ھەم باھارنى
يانباغرىدا تاغ گۇۋاھ بوپ تۇرۇپتۇ،
ئۆتكۈزلىرى چېكىپ يۈرەك تارىنى.

### ئۇيغۇر كوچىسى

تاشكەنت شەھرىدە بىر ئۇيغۇر كوچىسى
قۇياشلىق كۈندۈزدەك ھەربىر كېچىسى،
ئاسفالت يوللىرىدا قاتنىشى راۋان،
بوستانلىق، گۈلزارلىق ھەربىر ھويلىسى.

مەن تۇنجى بارغاندا مۇشۇ كوچىغا
ئالقىشلاپ ئېگىلدى چىنار شاخلىرى.
ئاھ، تاشكەنت يادىمدا قالدى ئوبرازلىق
دوستلۇق يىللىرىنىڭ بۇ گۈل چاغلىرى.

مەن ئۇيغۇر مۇھاجىر ئۆيىدە بولدۇم.
تۇرمۇشتىن يوق ئىكەن قىلچە تەشۋىشى،
دېدى: كۈنچىقىشتا مېنىڭ پايتەختىم
دەرياكەن ۋەتەنگە مېھرى سۆيگۈسى،

ئېھ، تاشكەنت شەھرىنىڭ ئايدىڭ كېچىسى،
قوينىڭدا فونتانلار نەغمە ـ ئالقىشى.
ئۇيغۇر كوچىسىدا قالدى ئىزلىرىم،
دوستلۇقنىڭ بۇ ئۆچمەس ئىز ـ يادنامىسى.

### سەمەرقەنت

سەمەرقەنتكە مەن يېقىنلاپ كەلگەندە
باشقىچىلا ئۆركەشلىدى زەرەپشان،
ئۇنىڭ كۆرەڭ كەڭ كۆكسىدە دولقۇنلار
يۈرىكىمدە دولقۇنلايتتى هاياجان.

ئەھمەت يولداش

قەدەم قويغان چېغىم ھەيۋەت رىگىستان
قارشى ئالدى قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ.
بادام دوپپا كىيگەن ئۆزبېك يىگىتى
مېھمان قىلدى داستىخىنىنى كەڭ يېيىپ.

### لەرزەكلار

ياشلىق خاتىرەمدىن

باھار ئېلىپ كەلگەن پۇراقلار،
دېرىزەڭگە قاپتۇ ئىلىنىپ.
كۆزي تۆكىدۇ ئويناق بۇلاقلار،
سېنى ئىزدەپ، يەرگە يېلىنىپ.

دەريالارمۇ ئىزدەپ ۋەسلىڭنى
شاماللاردىن سورايدۇ خەۋەر.
ئۇزلۇق تۆكەر ئانا تەبىئەت،
سېنىڭ ئۈچۈن ئەي مېھرى كەۋسەر.

سېنى ئىزدەر تىنچىسىز دۇنيا،
تەبەسسۇمۇڭ يوقالغان قايان؟
ئەمدى ئۇتلۇق مۇھەببىتىڭنى،
قايسى ئاشىق قىلاركىن بايان؟!

چېقىملايلى بولۇپ ئوت، چاقماق،
يورۇتۇلسۇن كېچىلەر تولۇق.
يامغۇرلارغا بەرمەيلى ئازار،
يامغۇر دەردمەن، يامغۇرلار ئۇلۇغ.

قەلبىمىزدە ئۇلغايسۇن ئوتلار،
بورانلاردا قالمىسۇن ئۆچۈپ.
كۆيلىنەيلى بولۇپ بىر ناخشا
ئېغىزلاردىن - ئېغىزغا كۆچۈپ.

ئىشتىياقلار ئۆچمىسۇن ئەسلا،
سۆيگۈمىزگە تاڭ قالسۇن جاھان.
بىز ئاشۇنداق ئۆتەيلى دىلبەر،
هايات شامى ئۆچكىچە قاچان؟

كۆزلىرىمنى ئاچتىم يالقۇنلۇق،
گىرە سالدىم سەھەر بويىنغا.
تومۇرىمدا قانلار دولقۇنلۇق،
سىڭىپ كەتتىم نۇرلار قوينىغا.

سىرلىرىنى بەرمىدى شامال،
دەرد تۆكىدۇ بىچارە تورغاي.
سۆيۈش ئۈچۈن ئاچساڭ سەن جامال،
قانداقىسىگە مەن بويۇن تولغاي.

بىز ياتلىشىپ قالغاندىن بۇيان،
كۆڭۈللەرنى قاپلىدى تۇمان.
ئېشىمىزغا قوشۇق سالغان كىم؟
خىيالىمدىن كەتمىدى گۇمان.

بىز ياتلىشىپ قالغاندىن بۇيان
ھىجران بىلەن ئۆتمەكتە كۈنلەر
ئۇيقۇمىزغا سالماقتا چۇقان،
رەزىللىككە ھېرىسمەن كۈنلەر.

سۆيمىسەڭمۇ، سۆيىمەن سېنى،
زىبا بويلۇق ئەي گۈل پەرىشتە.
يوقالساڭمۇ تاپىمەن سېنى،
بولساڭمۇ گەر مەيلى ئەرشتە.

سۆيمىسەڭمۇ، سۆيىمەن سېنى،
هايات تەختىم بولغۇچە گۇمران،
ئوخچۇپ تۇرار كۆرۈمدىمۇ ئاھ،
ساڭا بولغان كۆلخانلار هامان.

باتۇر روزى

# شېئىرلار

## قىممەت قانۇنى

1

بەزەن
قەغەزگە دىۋەيلەپ
چاچراپ چىقار بارماقلىرىمدىن
هايۋاندەك ھۆركىرەپ شېئىرلار....

2

يۈرىكىمنىڭ سوقۇشلىرىدىن
ياسىۋاپتۇ قۇياشمۇ ساقال!

3

قادىر خۇدا،
كېچىلەرنى تۇشۇپ دەممۇ دەم،
ئۇۋا ياسار كىرپىكلىرىمدە...
كۆزلىرىمدە يۇيۇنسا ئەگەر،
تەشۋىشىمنى ئەۋەتىپ يالاق
قويارمىشمەن ئۇنى ئەدەبلەپ...

4

ئۇيقۇ
نەغمىسىنى سالسا بازارغا،
گاداي قەبرىلەر
يىغلارمىش تەرەپ - تەرەپتىن؛
تىلىسە يارماق،
يانچۇقلىرىدىن
تۆكەر ئىمىش ئەرۋاھلىرىمنى...

## مۇھەببەت

ئىلگىرى سەن بىلەن
قوناقلىقتا تېپىشقان ئىدۇق.
يۇتكەن خاتىرەم
كېتىپ قاپتۇ سېنى ئوغرىلاپ...

كىردىڭ يەنە يېڭى ئۆيۈڭغا
ئىشىك ئېچىپ يېڭى كۆزلەرگە...
سانىيالماي قىزاردى رەقەم
كۆن نۇرىدەك ئۈزدىراپمۇ ھەم—،
خوشلاشقاندا ئاناڭ سەن بىلەن
كەم - كەملەرنى قىلغانتى مىراس؟

بار ۋەجىڭنى يىغىپ كەلسەڭمۇ
بەلكى يەنە پېتىپ قالارسەن
ئىشىكىمنىڭ يوچۇقلىرىغا...
خويمۇ بەزدىم نامراتلىقىڭدىن،
ئەمدى كەلسەڭ پۈتۈن بولۇپ كەل،
دەرۋازامنى غىچىرلىتىپ كەل!

## سالام خەت

سالام، دىلبەر!
سالامەتمۇسەن؟
مەن كەتتىم شەيتانغا بولۇپ سەپەرداش،
سەن قالدىڭ ئۆتمۈشكە لەۋ سوزۇپ...

يۈرىمەن ھاياتنى قولتۇقلاپ
ئۇسسۇل ئويناپ دوقمۇش - دوقمۇشتا،
ئۆلۈم بىلەن قىلىشىپ چاقچاق
شۇنداق قوپال،

شۇنداق ياۋايى...
چىللاپ تۇرار ئۆيىگە پات - پات
كايىپ تېخى قەدىناس ئۆتمۈش،
قەبرىلەردىن چۆچۈرە تۈگۈپ...
خۇمرىلاردىن مارايدۇ ئۇندا
نازلانغانچە شاللاق كېلىنچەك
ئوينايمىز مىڭ مەرتە مۆكۈشمەك...
بىلىۋالغىن!
ئادرېسىم مانا:

ئۈتمۈشنىڭ ئالدىدا—
كېلەچەكنىڭ بوسۇغىسىدا —
ئۆلۈم ۋە ھاياتنىڭ چېگرىسىدا دەل!

### ئاتامغا مەرسىيە

سۆگمىكىنىڭ كاۋاكلىرىدا
ئۇۋا ياساپ مۆگدەيدۇ چاشقان،
كېپىنىكىنىڭ تۆشۈكلىرىدە
ئۆتۈشمەك ئوينايدۇ چۈشلىرى...
ئالجىغان شامال
ئۇممىدلىرىڭ كۆيىگە مىنىپ،
ئۆلمىگۈر چاشقاننىڭ چۈشىنى سۆرەپ،
كۆلكە ياساپ رىۋايەتتىكى—
قىلىچلارنىڭ سۇنۇقلىرىدىن،
يۆگرىگەنچە ئاۋارە شۇئان.
ئەرۋاھىڭنى قوغلاپ يېتەلمەيمەن.
قەبرەڭنىغۇ كۆتۈردى تۇپراق،
كۆتۈرەلمەس ئەمما ئەبەدى
مەست ئوغلۇڭنىڭ كۆلۈشلىرىنى...

### شېھىت بولغان قەبرىسىز شېئىر

شېئىرلىرىم
قىڭغىر چىشلەپ تاماكىسىنى
ئايپالتىنى ئويناتقان پېتى
چىقىپ كېتەر ئىسقىرتقىنىچە
جىنايىتىنى ئىزدەپ كوچىغا...

جىنايەتقۇ يېتىپتۇ ئەنە
ئۆلۈكىنى ئۇيۇققا ئارتىپ؛
شېئىرلىرىم يوقالدى ئىزسىز
كۆرسەتمەستىن ئۆلۈكىنىمۇ...

ئەي، نامەرت زېمىن
مەيلىغۇ
جىنايەتتىن ئايىغىن يەرلىك،

ئايىغىنىڭ نېمىسى ئۇلى
جىنايەتنى جانغا تېگىشكەن
شۇ تەلەيسىز شېئىرلىرىمدىن؟

### دىۋانە

جەننەتتىن غۇلىغان نەپرەتلىك ئادەم،
كۆزلىمەيدۇ قەبرەڭدىن غەۋغا...

خۇمار قىلار مېنىمۇ پات - پات
ئىبلىسنىڭ ياۋايى چاقچىقى

جەننىتىڭنى ئۇنتۇرۇپ قويۇپ
چاپىنىمنى سورامسەن تېخى؟

### مۇنداق جۈيلەر مۇقەددەس ئىلروس①

1

بىر مەنىدىن تۆرەلگەن خۇدالار—
ئۆلگەن
ئۇماي
ۋىناس ۋە ھاۋا.

2

ھالسىزلاندى ئالدىمدا
تاش توقماقتىن ئاتومغىچە تا،
ئاۋازىمدىن تۇزۇپ چېگرىلار،
قۇدرىتىمدىن بار بولدى دۇنيا!

3

ئىبلىسنىمۇ گوللىدىم تالاي
ئەجەلدىنمۇ غالىبمەن ھەتتا.

4

يەرنى يالماپ قۇتىرىسا دەججال
ئىسراپىلدىن بېرىمەن سادا.

5

يولۇم—
يۈرەكتىن - يۈرەككە سوزۇلغان...
قۇزۇنلۇغۇم مىلك ئىرا......

---

① ئىلروس — شېئىرىيەت ئىلاھى.

### ئەرۋاھىمغا خىتاب

كەڭ ئاسماندىن ياسالغان ئېغىز،
ئادەملەرنى چىش قىلىپ سەپ ـ سەپ،
يەرنى چاينار پۇرچاقتەك ھامان،
روھىم بوۋاق،
مەن ئاڭا قورچاق.
ئۇ ئوينىتار مېنى ھەر زامان،
ئەرۋاھلىرىم مىڭ مەرتە ئويغان!
چىللار سېنى قەدەم تۇۋىدە،
كائىناتنى ئويناتقان ئىنسان!

### تەنگەن بىر يۇز…

بىر جۈپ قانات سىلكىنەر تىنماي
ھەر قاناتتىن پايلار بىر قۇياش؛
تال ـ تال قىلىچ چېتلايدۇ ئۇنى
دىل ياغدۇرار قىلچلاردىن تاش

يۇمۇلىدۇ تاشلاردىن يەرلىك
سەن قەبرىدە تىترەيسەن پىنھان؛
جەننەت كۆكتىن بىرسىنى تىلەپ
دىۋانىدەك قول سوزار شۇئان…

### بىر دەرەخكە تېز سىزما

شاخلىرىڭدا سەيلىدە ھايات،
رەڭۋاز دېگەز بەرگەنمىكىن ھەل؟
بىلەرمۇ ئۇ بولغاننى بىر چاغ
كىرستىسمان پۇت ـ قولۇم بەدەل؟
مەيلى ئىدى ئېگىلسەڭمۇ گەر
ئېتىۋېلىپ خۇداغا بىر مۇش،
يىراقتىكى سايەڭدە ئەنە
قېلىچ تەگلەر كىمدەيكەن قۇمۇش!
ئۇسسۇلچىدەك قىيپاش قەددىڭنى
تاپىنىڭدىن مارايدۇ يىلتىز؛
كۆچمەن ئاپتاپ ھەجىيىپ كېلىپ
گاللىرىڭغا سانجىيدۇ بىگىز!
كۆكتە قۇياش جاللات كۆزىدەك،
ئۇق ئۈزىدۇ قاراشلىرىدىن،
تۇرار ئەنە چەكچىيىپ ئەجەل
يىلتىزلىرىڭ ئاراشلىرىدىن…

### تەگرىگە ئىلتىجا

مىليون يىل تۇۋلىدى يەر سېنى:
تۇغۇلسەن كىمدىن ئەي خۇدا؟
قانداق ئانىدىن
قايسى ئۆيدە
قايسى كۆرپىدە؟
تەۋرىنىسەن قايسى بۆشۈكتە؟
سۈت ئېمىسەن كىمنىڭ كۆكسىدىن؟
زاكاڭ نېمە
ئويۇنچۇقۇڭچۇ؟
«ئويۇنچۇقۇم يەر!» دېدىڭ ھامان،
كەڭ ئۇپۇقنىڭ رۇجەكلىرىدىن
قاراپ كەتتۇق يولۇڭغا پات ـ پات؛
تەلمۈرۈشلەر ياسىدى بىزدىن
يىرىم ئىلاھ…
يىرىم كائىنات؛
«قۇرئان» بەردى شۇنداق تەلىمات:
ئويناتقانغا گولكەن بىز ھايات!

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئوسمانجان ساۋۇت

ئابدۇراخمان قاھار

# شۇنداق شائىر ئۆلمەيدۇ!

(ئاتاقلىق شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيېۋنى ئەسلەيمەن)

ئېگىلىدىكەن ئالما شاخلىرى،
مېۋىسى قانچە ئوخشىغانسېرى.
كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق،
سەتلىشىدىكەن غادايغانسېرى.

ت. ئېلىيېۋ

بىزنىڭ ئاتاقلىق شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيېۋدىن ئايرىلىپ قالغىنىمىزغا بىر يىل بولۇپ قالدى، سۇلار ئاقتى، يىللار ئۆتتى، يەنە نۇرغۇنلىغان شائىرلارمۇ چىقتى، تېيىپجان ئېلىيېۋدەك تالانتلىق، بەلكى ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتكۈدەك شائىرلارنىڭ چىقىشىمۇ مۇمكىن، لېكىن شائىرلىق تالانتى بىلەن بىللە، ئۇنىڭدەك خۇشچاقچاق، ھەزىلچى، كىچىك پېئىل، سورۇنلۇقى بار، بىرلا كۆرگەن كىشىدە ياخشى تەسىر قالدۇرۇدىغان شائىرنىڭ چىقىشى ناتايىن. بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە يازغىنى بىلەن قىلىقى ئوخشىمايدىغان، يازغىنى تەسىرلىك، قىلغىنى يىرگىنىشلىك ئەدىبلەرنى پات-پات ئۇچرىتىپ قالىمىز، تېيىپجان ئېلىيېۋ ئۆمۈربويى ئۆزىنىڭ يازغىنى بىلەن قىلغىنىنى بىرلەشتۈرگەن، ئۆمۈر بويى يۇقىرىقى رۇبائىيسىغا ئەمەل قىلىپ كەلگەن، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەتتە خەلقتە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان شائىر ئىدى.

يېقىندا كەرىم دېگەن ئاغىنەم (خويزۇ) ئۇچرىشىپ قېلىپ:

— شائىر بولساڭلار، تېيىپجان ئېلىيېۋتەك بولۇڭلار، ئۇ قالتىس بىر رۇبائىي يېزىپتىكەن، ئىدارە كادىرلىرى، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار ئىزنى ئۆزلىرىنىڭ ئىستىل مىزانى قىلىش ئۈچۈن بۆلۈملىرىگە چاپلىۋالسا بولىدىكەن، — دېدى.

— قايسى رۇبائىيسى ئىكەن؟ — دەپ سورىدىم مەن، ئۇ يۇقىرىقى رۇبائىيىنى ئوقىدى ۋە:

— مەن، — دېدى ھاياجانلىنىپ، — يېقىندا بىرسىنى ئىزدەپ ئىدارىسىگە بارسام، ئۇ مۇشۇ رۇبائىيىنى چىرايلىق قىلىپ يېزىپ، ئىش ئۈستىلىدىكى ئەينەكنىڭ ئاستىغا قىستۇرۇپ

قويۇپتۇ، ھەر كۈنى نەچچە كۆرۈپ تۇرۇمەن، دەيدۇ، مەنمۇ شۇنىڭدىن كۆچۈرۈۋالدىم. يوغان قىلىپ يېزىپ ئۆيۈمگە چاپلاپ قويۇمەن.

دەرۋەقە، مەنمۇ ئاشۇ رۇبائىينىڭ چوڭ تاختا قەغەزلەرگە يېزىلىپ مەكتەپ-سىنىپلارغا چاپلانغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. بىر يىلدىن بېرى نۇرغۇن سورۇنلاردا بولدۇم، ئاشۇ سورۇنلارنىڭ كۆپلىرىدە تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ گېپى بولدى،. شېئىرلىرى ئوقۇلدى، ھەتتا «ۋالاقتەككۇرۇۋنىڭ ئۆلۈمى» «ساك مۇدىرىنىڭ زىياندىشقا قارشى ئاجايىپ تەدبىرى توغرىسىدا قوشاق» دېگەندەك ئۇزۇن شېئىرلىرىمۇ يادقا ئوقۇلدى. بۇ شېئىرلارنى يادقا ئوقۇغانلار شائىرلار ئەمەس، بەلكى ئاددىي خەلق، بەزىلىرى خېلى يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ئىدى. مەن بۇلاردىن ت. ئېلىيېۋ شېئىرلىرىنىڭ كىشىلەر ئىچىدە ئاجايىپ چوڭقۇر ئومۇملاشقانلىقىنى ھېس قىلدىم، خەلق سۆيگەن، خەلققە ياققان، خەلقنى تەسىرلەندۈرگەن شېئىرلار ئەنە شۇنداق ئومۇملىشىپ كېتىدىكەن.

خەلق بەرگەن ھوقۇقتىن ياكى ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەجرى-تەرى بىلەن قازانغان ئۇتۇقى ۋە تاپقان ئابرويىدىن ئۆزىدە كىبىر پەيدا قىلىۋالىدىغان ئادەملەر تۇرمۇشتا ئۇچراپ تۇرىدۇ. تېيىپجان ئۇنداق ئىللەتلەردىن تامامەن خالىي شائىر ئىدى. ئۇ شائىرلىقىنى تەمەننا قويۇپ ھەرگىزمۇ غادايغان ئەمەس، خەلقنىڭ ئۇنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن يادلاۋاتقانلىقىنىڭ بىر سەۋەبىمۇ ئۇنىڭدا شۇنداق خىسلەتلەرنىڭ بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان كۈنلەرنى، ئۇھەقتە ئاڭلىغان-بىلگەنلىرىمنى زادىلا ئۇنتۇلمايمەن.

* *

1973-يىلى تېيىپجان ئېلىيېۋ بىرنەچچە كىشى بىلەن غۇلجىغا كەلدى، ئۇلار بىلەن بىرنەچچە كۈن بىللە بولدۇق.

مەن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن ئىلگىرى ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تېما قىلىنغان بىر پوۋېستنى باشلىغانىدىم. ئۇنىڭ ئالتە بابى يېزىلىپ بولغاندا، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلىنىپ كېتىپ، يازغانلىرىم كۆيدۈرۈۋېتىلدى. مەن ئۇنى قايتا باشلاي دەپ تۇراتتىم، بىراق بىر مەسىلىگە دۇچ كېلىپ، ئۇنى قانداق ھەل قىلىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالغانىدىم. ئۇ بولسىمۇ، بۇ ئىنقىلابنىڭ ئاساسىي تەرىپىنىلا (ئارتۇقچىلىقىنىلا) يازايمۇ، ئاساسىي بولمىغان تەرىپىنىمۇ (كەمچىلىكىنىمۇ) يازايمۇ؟ يازغاندا ئۇنى قانداقراق ئىپادە قىلىش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەت ئىدى. مەن بۇ گەپنى نەچچە كىشىگە ئېيتىپ، ئۇلاردىن پىكىرمۇ سورىغانىدىم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى: «بۇ تېمىنى تۇتما، ئېھتىيات قىل» دېدى. يەنە بەزىلىرى: «ھازىر يازساڭ بەرىبىر چىقمايدۇ، كېيىنرەك يازساڭ بولارمىكىن» دېيىشتى. لېكىن مەن ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىگە قارىماي، ئۆزۈم ھەل قىلالمايۋاتقان مەسىلىلەرنى تېيىپجان ئېلىيېۋقا ئېيتتىم.

— يېزىلىپ بولغان ئەسەرگە كونكرېتنى پىكىر بەرگىلى بولىدۇ، تېخى يېزىلمىغان، يازماقچى بولغان ئەسەرگە پىكىر بەرمەك تەس، — دېدى ئۇ بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن، — ھازىرقى شارائىتتا كىشىلەردىن پىكىر سورىساڭ، سوغۇق سۇ سېپىدىغانلار كۆپ چىقىدۇ. قىزغىنلىقىڭغا تەسىر يېتىدۇ، ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ، دەپ ئارىسالدا

بولساڭ، ھەش - پەش دېگۈچە بىر نەچچە يىلىمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. يېزىلغاندىكەن، ئوتتۇرىغا
بىر مەسىلە چىقتى، بىر سوئال تاشلاندى، دېگەن سۆز. ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە كىشىلەرمۇ، نەشرى-
ياتمۇ پىكىر قىلىدۇ، جاۋاب بېرىدۇ، قانداق يازسا بولىدىغانلىقىغا كۆپچىلىك بىر نېمە
دەيدۇ، يول چىقىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ياز، كېچىكتۈرمەي ياز. ھازىرچە بىر پىكىر بېرىپ
قويای: يازغاندا چىنلىقىمۇ، سەنئەتكىمۇ سادىق بولۇپ، خەلق ئالدىدا، تارىخ ئالدىدا
جاۋابكار بولۇش پوزىتسىيەسىدە تۇرۇپ ياز.

ئاخىرى مەن ت. ئېلىيېۋنىڭ پىكىرى بويىچە، ماتېرىياللىرىمنى رەتلەپ، ئۆزۈم-
نىڭ ھەل قىلىشىچە 1974 - يىلى كۈزدىن باشلاپ يېزىشقا كىرىشتىم. ئەسەر پۈتتى،
تېيىپجان ئېلىيېۋ ئېيتقاندەك، ئۇ بىر سوئال بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇ ئۇنى دېدى،
بۇ بۇنى دېدى، ئارىدا ئالتە - يەتتە يىل تاسقىلىپ يۈرۈپ ئاخىرى 1982 - يىلى «ئىلى
دولقۇنلىرى»نىڭ بىرىنچى كىتابى دۇنياغا كەلدى. تېيىپجاننىڭ مەسلىھەتى، مەدەت -
ئىلھامى تۈنجى يىرىك ئەسىرىمنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشىغا ئەنە شۇنداق سەۋەبچى بولۇپ
قالغانىدى، ھازىر بۇ كىتابنى قولۇمغا ئېلىپ قالسام ياكى باشقىلار بۇ توغرىلىق سۆزلەپ
قالسا، تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ شۇ چاغدىكى: ياز، قورقماي ياز، قورقۇپ كەتكەن كىشىلەر ساڭا
يازدۇەردەمدۇ، ... دەپ قولىنى شىلتىپ سۆزلىگەن قىياپىتى ھامان كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.

* *

تېيىپجان ھەممە ئېتىراپ قىلغان، ئۆز ئەجرى بىلەن شۆھرەت تاپقان تالانتلىق
شائىر ئىدى. ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆزىنى خەلقتىن ئۈستۈن قويغان، باشقىلارنى ئۆزىدىن تۆۋەن
كۆرگەن ئەمەس، شۇنداقلا ئۆز شۆھرىتىنى، ئابرويىنى دەسمايە قىلىۋېلىپ، ئېگىزدە تۇرۇ-
ۋېلىپ، باشقىلارغا بۇرنىنىڭ ئۇچىدا قارىغانمۇ ئەمەس. مەيلى رەھبىرىي كادىرلار بولامدۇ،
مەيلى ئادەتتىكى كادىرلار بولامدۇ، ئومۇمەن، ئۇ قاتناشقان سورۇن ئائىلىلا قىزىپ كې-
تەتتى. ئۇ ھەر قاچان ماڭا بىرەر ئولتۇرۇش - سورۇننى قىزىتىش مەجبۇرىيىتىنى ئۆز ئۈس-
تىگە ئېلىۋالغاندەكلا كۆرۈنەتتى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: 1978 - يىلى قۇربان ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى كەچتە
بىزنىڭ ئۆيدە ئولتۇرۇشۇپ قالدۇق. يىغىلغانلار ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئادەت-
تىكى كادىرلار ئىدى، ئۇلارنىڭ كۆپلىرى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغان، قىزىقىپ يادلىغان
بولسىمۇ، ئۆزىنى كۆرمىگەن. كۆرگەنلەر بولسىمۇ، بىللە بولمىغانلار ئىدى. شۇڭا ئۇلاردا
قانداقتۇر بىر خىل تارتىنىش - قورۇنۇش ئىپادىلىنىپ تۇراتتى، چاقىرغان سازەندىمىز نې-
مىشقىدۇر كەلمىدى. ساز - ناخشىسىز ئولتۇرۇش — گۆشى يوق لەغمەندەك تېتىمايدۇ - دە.
بۇ ھالنى دەررۇ سەزگەن تېيىپجان ماڭا:

— سازەندە دېگەن مەن، ناخشىچى دېگەن سەن، ئەكە دۇتارىڭنى، ئولتۇرۇشىمىز -
دىن ئوت چىقىرىۋېتىمىز، — دېدى - دە، دۇتارنى قولىغا ئېلىپ «پەنجىگاھ» مۇقامىنى
باشلىۋەتتى. مەن داستانلىرىغا قوشۇلدۇم، ئۇ مەرغۇللىرىنىمۇ قالدۇرماي چالدى. شۇنىڭ
بىلەن ئولتۇرۇشىمىز جانلىنىپ كەتتى، ئولتۇرۇش ئەھلى ئۇنىڭغا شۇنچىلىك يېقىنلىشىپ،
يۇقۇشۇپ كەتتىكى، ئۇ باشلىغان بىر يۈرۈش «ھال لەيلى» (خان لەيلۇن) ناخشىلىرىغا ئول-

تۇرۇشتىكىلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قوشۇلدى. ناخشىدىن كېيىن ئۇ نۇرغۇن قىزىق، كۈلكىلىك لەتىپىلەرنى ئېيتىپ بەردى. ھۆسەنجان، ۋارىسجان، پەتتارجانلارغا يازغان شېئىردىي چاقچاقلىرىنى يادقا ئوقۇپ بەردى. ھەربىر چاقچاق، لەتىپە ئارىلىقلىرىدا كۈلكىلەر-شادلىق سادالىرى ئۈزۈلۈكسىز كۆتۈرۈلۈپ، شۇ كۈنكى ئولتۇرۇش داڭلىق سازەندىلەر، ھېسامدەك مەشھۇر قىزىقچىلار باردىكىدەك ئالايىتەنلا قىزىپ كەتتى، ئەتىسى شۇ سورۇندا بولغان بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى ئېسىمدە: «تېيىپجان ئېلىيېۋ دېسە قادداقتۇر خىيالپەرەست، سۇرلۇك، پەلسەپىلىك گەپلەرنى قىلىپ غادىيىپ ئولتۇرىدىغان بىر شائىرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپتىمەن. لېكىن ئۇ ئۇنداق ئەمەسكەن، ئاجايىپ سورۇنلۇقى بار، شۇنداق كىچىك پېئىل، ئادەمگە يۇقۇشلۇق، خۇددى بىزدەكلا ئاددىي ئادەمكەن، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئادەمگە نېمانچە يېقىشلىقتۇر، دەپ ئويلايتتىم. ئۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەندىم.» دەرۋەقە، بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ خىيالىدىكىدەك دىمىقى ئۈستۈن، غاددىيىۋالىدىغان شائىرلارمۇ يوق ئەمەس، ئەلۋەتتە.

* *

شائىرلىق — قورقۇمسىزلىقنى، ھەيۋىلەر ئالدىدا تىز پۈكمەسلىكنى، ئادەملەردىكى (مەيلى ئۇ قانچىلىك ئادەم بولۇشتىن قەتئىينەزەر) ئەسكى ئىللەتلەرنى ئايىماي سۆكۆشنى تەلەپ قىلىدۇ، بىرەر ئەسەر ئېلان قىلىنسا، ئۇ باشقىلارغا تەسىر قىلمىسا، تېيىپجان ئېيتقاندەك يە ئېچىشتۇرمىسا، يە قىچىشتۇرمىسا شائىرمەن دەپ شېئىر يېزىپ يۈرگىچە، يازمىغان ياخشى. شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ رەزىل ئىللەت، چاكىنا قىلىقلارنى، سىياسەت، بەدگىلىمە، يۈزلىنىشلەرنى ئۆزھېسسىياتى بويىچە ئۆزگەرتىپ ئىجرا قىلىدىغان كادىرلارنىڭ ئىللەتلىرىنى ئايىماي سۆكەتتى، پاش قىلاتتى، يازغىنىم ئۇنىڭغا تېگىپ كېتەرمۇ، بۇنىڭغا تېگىپ كېتەرمۇ دەپ ئېھتىيات قىلىپ، قورقۇپ تۇرمايتتى، «بىر يازغۇچى، — دەيدۇ ئۇ، — ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رەزىل ئىللەتلەرنى پاش قىلىپ يازالمىسا، ئۇنى قانداقمۇ دەۋرنىڭ ۋىجدانى دېگىلى بولسۇن.!» ئۇنىڭ يازغان شېئىر، رۇبائىيلىرىنىڭ كۆپى جەمئىيەتتە، جامائەتچىلىك ئىچىدە تەسىر قوزغاپ تۇراتتى، غۇلغۇلىلارنى پەيدا قىلاتتى.

ھازىرقىدەك ئېسىمدە: 1978 - يىلى «سول» چىلىق تۈزىتىلىۋاتقان چاغ ئىدى. مەركىزىي مەدەنىيەت مىنىستىرى غۇلجىغا كېلىپ بىر يىغىندا: مەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ ئېيتقان «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» دېگەن ناخشىسىنى ياخشى كۆرىمەن، دەپتۇ، (ئېنىقكى ئۇ بۇ سۆزنى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا بەنت قىلىنىپ كەتكەن خەلق ناخشىلىرىنى ئازاد قىلىش مەقسىتىدە ئېيتقان.) شۇنىڭ بىلەن كونسېرت كېچىلىكىدە شۇ چاغدا يېڭى يەتمىشكە بېرىپ قالغان بۇ مەشھۇر ناخشىچى «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» ناخشىسىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇ سەھنىدە پەيدا بولۇش بىلەن تەڭ خەلق ناخشىلىرىنى تازىمۇ سېغىنىپ كەتكەن خەلق ئۇزۇنغىچە توختىماي گۈلدۈراس ئالقىش چاۋاكلارنى ياڭرىتىپتۇ. بىراق بىر ئەرباب «بۇ داشقال يەنە ناخشا ئېيتماقچىمۇ، كىم سەھنىگە چىقاردى بۇنى؟!» دەپ غەزەپلىنىپ كوتۇلداپتۇ... بۇ ئەھۋاللارنى ئابلىز ئەيسا ئۆز ئۆيىمدە تېيىپجان ئېلىيېۋغا سۆزلەپ بەردى. تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ بىردىنلا

قوشۇمىسى تۈرۈلدى، خەلق كۈلسە، خۇشال بولسا، خاپا بولۇپ جۇدۇنى ئۆرلەيدىغان، خەلق قاخشىسا، قايغۇرسا، خۇشال بولىدىغان رەزىل قىيابەت ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى ئەتىمالىم، ماڭا: «قەغىزىڭ بارمۇ؟ ئاددىي بولسىمۇ، ھازىرچە مۇنۇ ئىككى مىسرانى يې- زىپ قويغىنە» دېدى.

كىم سەھنىگە چىقاردى بۇنى،
ئاشۇ چاۋاك چىقاردى ئۇنى.

ئەتىسىلا «جاۋاب چاۋاك» شېئىرىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى كۆردۈم: سۆككۈشلەرگە جۈر- ئەتلىك شائىرلا خەلق كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قورقماي قىلالايدۇ، ھېچنېمىدىن ئەنسىرىمەيدۇ.

*

بەزى سەنئەتكارلار، ئەدىبلەر تۈرلۈك سورۇنلاردا كىشىلەرنىڭ ئۆزى توغرىلىق گەپ ئېچىشىنى، ئۆزىنى ماختىشىنى، يازغان ئەسەرلىرىنىڭ مەدھىيىلىنىشىنى شۇنچىلىك كۈتىدۇ. ئەگەر ئۆزى توغرىلىق گەپ ئېچىلماي قالسا بىر ئىلاجى قىلىپ ئەدەبىيات ھەققىدە گەپ ئاچىدۇ-دە، گەپنى ئۆز ئەسىرىگە بۇرايدۇ، مۇنداق ئادەملەرگە سەن ھۆل خىشتىن ئىككىنى قويۇپ بەرسەڭ، قالغىنىنى ئۆزى قويۇپ ھەرقانداق ئېگىزلىككە چىقىپ كېتەلەيدۇ، تېيىپجان ئېلىيېۋ مۇنداق ئىللەتلەردىن تېخىمۇ خالى شائىر ئىدى، ئۇنىڭ ئايىغىغا ھۆل خىش ئەمەس، پىششىق خىش قويۇپ بەرسەڭمۇ ھەرگىز دەسسىمەس ئىدى. 1980-يىلى بولسا كېرەك، قىش مەزگىلى ئىدى. تېيىپجان ئېلىيېۋ بىلەن نىلقا ناھى- يىسىگە چىقتىم. چۈش بولۇپ قالغاچقا، ئاشپۇزۇلغا كىردۇق، شۇ يەردە مەن بىر تونۇشۇم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ مېنىڭدىن:

— بۇ كىشىنى تونالمىدۇققۇ، كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى، مەن ئېيتىپ بەردىم.

— ھە!... شۇنداقمۇ... — ئۇ بىردىنلا ھاياجانلىنىپ كەتتى. نېرىدىكى جوزىدا ھاراق ئىچىشىپ ئولتۇرغان بىر قانچە ئۆلپەتلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— ئاغىنىلەر، ناھىيىمىزگە تېيىپجان ئېلىيېۋ چىقىپ قاپتۇ، ئەنە! — دېدى، شۇ- نىڭ بىلەن بالاغا قالدۇق، ۋېلىسپىتنىڭ قوڭغۇرىقىغا تولدۇرۇپ ھاراق قويۇپ، ھېلى ئۇ كەلسە، ھېلى بۇ كېلىدۇ، بىرسى: «سىزنى كۆرۈشنى ئۆزۈندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەل- گەن، خۇدا تىلىكىمىزگە بۈگۈن يەتكۈزۈپتۇ، بەختلىككەنمىز... قېنى، مېنىڭ كۆڭلۈم، ئىچىۋەتسىڭىز» دېسە، يەنە بىرسى: «يائاللا، سىزنىمۇ كۆردىدىكەنمىز... بىلەمسىز بىزنىڭ... نېمە دېسەم بولار... قولۇمنى ياندۇرماي...» دەيتتى.

ئاڭغىچە جوزىمىزغا ئون نەچچە ئادەم يىغىلدى، ئۇلار قايتىدىن سورۇن تۈزمەكچى، تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ شەنىگە، نىلقىغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىغا بىرەر ئۆيدە يېڭىدىن ئولتۇرۇش باشلىماقچى بولۇشاتتى. ئاشپۇزۇلنىڭ ئىچى ئۇنىڭ شەنىگە ئېيتىلغان مەدھىيە سۆزلىرى بىلەن تولۇپ كەتتى، ئۇلار گەپ ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. تېيىپجان ئىنتايىن ئوڭايسىزلىنىپ، تەڭقىسلىقتا قالدى، مەنمۇ راست گەپنى قىلىپ، ئۇنىڭ نامىنى ئېيتىپ قويغىنىمغا شۇنداق خىجالەت بولۇپ كەتتىم، ئاخىرى تېيىپجان ئېلىيېۋ:

— بىز بىر ئاقساقال بىلەن كۆرۈشمەكچىدۇق، ئاغزىمىزدىن هاراق گۈپۈلدەپ تۇرسا
ئويات بولار، بىز يەنە ئۇچرىشايلى، هازىر شۇ يەرگە بېرىپلا كېلەيلى، — دېدى - دە،
قوزغالدى. تامىقىمىز تاماقلىقتا قالدى، ئۇلاردىن ئاران قۇتۇلدۇق، كوچىغا چىققاندىن كېيىن:
— هە، تونۇشتۇرغىنىڭغا تويدۇڭمۇ؟ — دېدى ماڭا كۈلۈپ، — يالغان ئېيتىمىساق،
قۇتۇلالمايتتۇق، شەيخ سەئدىنىڭ: ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا قىلىدىغان راست گەپتىن، كى-
شىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان يالغان گەپ ئەۋزەل، دېگەن شېئىرى بولىدىغان، ئۆۋىتى
كەلسە يالغانچىلىقنىڭمۇ رولى بولىدۇ. تېز ماڭ ...

ئەتىسى كەچتە بىر ئۆيدە مېهمان بولدۇق، بىز بارساق ناهىيە كادىرلىرىدىن ئۈچ-
تۆت كىشى ئولتۇرۇشقانىكەن. يەنە بىر نەچچەيلەن كىرىپ كېلىشتى، چاي تارتىلدى. ئاز-
ئازدىن هاراق ئىچىشىپ گەپ بىلەن ئولتۇرۇشتۇق، دەسلەپتە تارتىنىپراق ئولتۇرغاندۇق،
كېيىن ئەركىن - بەهۇزۇر هالدا چاقچاقلار، قىزىقچىلىقلار قىزىغىلى تۇردى، ئارىدىن
بىرەر سائەت ئۆتكەندۇر، بەلكى، ئولتۇرۇش ئەهلى قىزىپ قالدىمۇ، بىر قىسىم ئادەملەر
تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ شەنىگە مەدھىيە سۆزلىرىنى ياغدۇرغىلى تۇردى:

تېيىپجان ئېلىيېۋ تاقەت قىلالمىدى:

— خېرىدارلىق بولمىسا، زىبالىقنىڭ نە كېرەك، دېگەن گەپ بار، بىراق ئاغىنىلەر بۇ
گېپىڭلار بولمىدى ... ئويلىماي مۇنداق گەپلەرنى قىلۋەرسەڭلار، مەن بۇ يەردە ئولتۇرالمى-
غۇدەكمەن ... باشقا گېپىڭلار بولسا قىلىڭلار، بولمىسا بىز كېتەيلى، — دېدى. شۇنىڭ بى-
لەن ئۇلار بىرئاز سەگەكلىشىپ قالدى، ئەمما شۇنداق مەدھىيىلەر، ماختاش - ئۇچۇرۇشلار
ئالدىدا خۇشال بولۇپ، مەست بولۇپ كېتىدىغان ئادەملەرمۇ يوق ئەمەس.

* *

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ئاخىرلىشىپ ئارىدىن ئىككى - ئۈچ يىل ئۆتكەن ۋاقىتلار -
مىكىن، شائىر مەهەممەتجان سادىق ئىككىمىز ئۈرۈمچىگە بىر يىغىنغا باردۇق. بۇ چاغدا
كىملەرنىڭدۇر قۇترىتىشى بىلەن تېيىپجان ئېلىيېۋقا قارشى بىر تەتۈر قۇيۇن قوزغالغانى-
كەن. شۇ دولقۇننى چىقارغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى: تېيىپجان قاچانغىچە ئۇيغۇر شېئىرى-
يىتىنىڭ بايراقدارى بولىدىكەن، ئەمدى نۆۋەت بىزنىڭ، دېسە، بەزىلىرى:
تېيىپجاننىڭ 14 پارچە شېئىرىنىلا شېئىر دېگىلى بولىدۇ، قالغانلىرى بىر تىيىنغىمۇ
ئەرزىمەيدۇ... دەپ تېيىپجاننىڭ ئابرويىنى تۆكۈشكە ئۇرۇنۇپ يۈرۈپتۇ، يەنە بەزىلەر ئۆزى-
نىڭ تېخى يېڭىدىن - ياتا ئەدىب ئىكەنلىكىگە قارىماي، باشقىلارنىڭ نامى چىقىپ كەتكەنى-
لىكىگە، شۆهرەت قازانغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ جاپالىق ئەجرى تالانتى بىلەن تىكلەنگەن ئاب-
رويىغا ئىچى كۆيۈپ، ئۆزىنىڭ نەزەرگە ئېلىنمايۋاتقانلىقىدىن، نامى چىقمايۋاتقانلىقىدىن
قاتتىق ئازابلىنىپ، تېيىپجانغا يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ: بۇ نېمىسىڭىز شېئىر ئەمەس، شېئىر
مۇنداق بولمايدۇ، قاچانغىچە گەپ سىزنىڭ بولىدۇ، بىزنىڭمۇ گەپ قىلىدىغان ۋاقتىمىز
كەلدى، ئەمدى سىز تۇرۇپ تۇرۇڭ، دەپتۇ. بىز بۇ گەپلەرنىڭ بەزىلىرىنى ئۆز قۇلىقىمىز
بىلەن ئاڭلىدۇق، بەزىلىرىنى تېيىپجان ئۆزى دەپ بەردى، بەزىلىرىنى باشقىلار ئېيتىپ
بەردى. قوشۇنىمىزغا بۆلگۈنچىلىك، زىددىيەت سالىدىغان، قاراپ تۇرۇپ تۆهمەت قىلىدىغان

بۇ ئىشلارغا غەزىپىمىز كەلدى. شۇڭا مەھەممەتجان سادىق ئۇنىڭغا:

— بەزىلەر سىزنى سېسىتىمىز دەپ ھەرىكەت قىلىۋېتىپتۇ، پىتنە - پاسات ئۆسەكلەرنى تېرىۋېتىپتۇ، شۇلارغا رەددىيە بېرىپ ماقالە يازسىڭىز بوپتىكەن، — دېدى.

— ھاجىتى يوق، — دېدى ئۇ ھېچنېمە بولمىغاندەك قىياپەتتە، — ئۆسەك تېرىغانلار تېرىۋەرسۇن، خەلق ئادىل، ئەسكى ئىش بىلەن شۇغۇللانغانلار ھامان ئۆزىنى ئۆزى سېسىتىدۇ!

ئەتىسى زوردۇن سابىرنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغان كۈنىمىز ئۇ كېسىۋېلىنغان موخۇركا قەغىزىگە يېزىلغان مۇنۇ رۇبائىينى ئىككىمىزگە كۆرسەتتى:

ئىگىلىدىكەن ئالما شاخلىرى
مېۋىسى قانچە ئوخشىغانسېرى.
كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق،
سەتلىشىدىكەن غادايغانسىرى.

شۇ چاغدىكى سەتلىشىشلەرنى ئۇ ماھىرلىق بىلەن ئەنە شۇنداق ئەكس ئەتتۈرگەنىدى، ئۇنىڭغا قارشى قويۇن چىقارغۇچىلار ھېچكىمنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشەلمەي ئوسال ھالغا چۈشۈپ، ئۆزلۈكىدىن يوقاپ كەتتى، خۇددى شائىرنىڭ ئۆزى ئېيتقانىدەك، ئۆز - ئۆزىنى سېسىتىپ تۈگەشتى.

مەن بۇ رۇبائىينى شۇ يەردىلا يادلىۋالغانىدىم، تېخى ئېلان قىلىنماي تۇرۇپلا بىر نەچچە سورۇنلاردا، مەكتەپلەردىكى دېكلاماتسىيە كېچىلىكلىرىدە ئوقۇپ بەردىم. ئۇ كىشىلەرگە ئىنتايىن ياقتى، بەزىلەر مەندىن كۆچۈرۈۋالدى. ھەش - پەش دېگۈچە ئۇ ئېلان قىلىنماي تۇرۇپ مەكتەپ - سىنىپلارغا چاپلىنىپ كېتىپتۇ.

كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ۋاپاتىغا قاتتىق ئېچىنىپ، ئۇنى چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن ئەسلەۋاتقانلىقىنىڭ بىر سەۋەبىمۇ ئۇ مۇشۇ رۇبائىيسىدا ئالغا سۈرۈۋاتقان پىكىرنى ئۆزىدە تەبىئىي ھالدا گەۋدىلەندۈرگەنلىكىدىن بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن.

بىز بىر ئېسىل ئادەمدىن ئايرىلىپ قالدۇق، بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز ئۆزىنىڭ بىر ئاساسچىسىدىن ئايرىلىپ قالدى، كىشىلەر ھازىرغىچە تۈرلۈك سورۇنلاردا ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىشماقتا ۋە ئۇنى ياد ئەتمەكتە، ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىشلىق شېئىرلىرى بىلەن كىشىلەردە قانداق تەسىرلەرنى پەيدا قىلغان بولسا، مىجەز - خۇلقى، ئېسىل ئەخلاقى، پەزىلىتى بىلەنمۇ شۇنداق تەسىرلەرنى پەيدا قىلغان شائىر ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئېسىل ئەخلاقى، پەزىلىتى، خۇشچاقچاقلىقلىرى، قىزىق لەتىپىلىرى، ئۆزىگە خاس يۇمۇرلۇق گەپلىرى، شېئىرلىرىغا ئوخشاشلا كىشىلەر ئارىسىدا ياشاپ كەلمەكتە. ئىست، ئەجەل، ئۆلۈمگە ئامال يوقكەن، ئۇ ئارىمىزدىن كەتتى. ئەمما ئىشەنچ بىلەن ئېيتالايمىزكى، ئۇ ئۆلمىدى، ئۆلمەيدۇ، مۇنداق شائىر مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ!

**مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل**

ماخمۇتجان ئىسلام

# مەن بىلىدىغان ئەھمەد زىيائىي

**1**

ئەھمەد زىيائىي ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا 60 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ھارماي-تالماي ئەجىر سىڭدۈرۈپ كەلگەن بىر تۆھپىكاردىن ئايرىلىپ قالدى. ئەھمەد زىيائىينىڭ ۋاپاتى دېموكراتىك ۋە سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بولغان زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابدۇكېرىم خوجا قاتارلىقلارنىڭ ۋاپاتىغا ئوخشاشلا، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتى ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش بولدى.

ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىجادىي ئەمگىكى بىلەن خەلقىمىز قەلبىدىكى تۆردىن ئورۇن ئېلىپ كەلگەن ئەھمەد زىيائىينىڭ نامى ماڭا خېلى بۇرۇندىن تونۇشلۇق بولسىمۇ، ئۇنىڭ «توزۇماس چېچەكلەر»، «لاداخ يولىدا كارۋان»، «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» دېگەندەك كىتابلىرىنىڭ 1947 - يىلىلا نەشر قىلىنغانلىقىنى، «لاداخ يولىدا كارۋان» دېگەن خاتىرە شەكلىدىكى پوۋېستىنىڭ ئەينى يىللاردا خەنزۇ، رۇس، ئېنگلىز، ئوردۇ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسىنى نامايان قىلغانلىقى، «توزۇماس چېچەكلەر» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ 1963 - يىلى مىسىردا ئەينەن نەشر قىلىنىپ، ئوتتۇرا شەرقتە خېلى زور داغدۇغا پەيدا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان بولسامۇ، ئەمما بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇش، ئەھمەد زىيائىي بىلەن كۆرۈشۈش، مۇڭدىشىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولالمىغانىدىم. تەلىيىمگە يارىشا، 1987 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى»نى مېنىڭ مەسئۇل مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىشىمگە تاپشۇردى. مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم ۋە ئەندىشىمۇ قىلدىم. خۇشال بولۇشىمدىكى سەۋەب شۇ ئىدىكى، مەن بۇ كىتابنى ئىشلەش داۋامىدا ئەھمەد زىيائىي بىلەن كۆرۈشۈپ، سۆزلىشىپ، بۇ پېشقەدەم ئەدىبنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بىر قىسىم تەجرىبىلىرى، ئەسەرلىرى بىلەن بىرقەدەر كەڭ، ئەتراپلىقراق تونۇشالايتتىم. ئەندىشەم بولسا، شۆھرەتلىك بىر يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىنى قانداق تەھرىرلەرمەن؟ بەزى مەسىلىدە پىكىردە بىرلىككە كېلەلمەي قالساق قانداق قىلارمەن؟ دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن، ئەھمەد

زىيائى بىلەن تۇنجى كۆرۈشۈشتىلا مېنىڭ ئەندىشىلىرىم يوقالدى. بۇ كەمتەر، ئوچۇق كۆڭۈل ئادەم بىلەن ئوبدانلا چىقىشىپ قالدىم. كېيىنكى سۆھبەتلەردە ئەسەرلەرنىڭ تەھرىرلىكى ۋە ئىجادىيەتكە دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە كەڭتاشا، ئوچۇق - يورۇق سۆزلەشتۇق. مۇشۇ جەرياندا مەن ئەھمەد زىيائىنىڭ سەممىمي، بارلىقىنى ئىجادىيەتكە ئاتىغان، ۋەتەن، خەلقىنى، ياخشىلىقنى كۈيلەشنى ۋىجدانىي بۇرچى ھېسابلايدىغان، ياشلارغا، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان، ھاكاۋۇرلۇق، مەغرۇرلۇق، خۇشامەتكۈيلۇقتىن خالى ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. مانا ئەمدى مۇشۇ ئادەم بىزنىڭ ئارىمىزدىن كەتتى. مەن ئەھمەد زىيائى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمنى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش - ئۆگىنىشتىن ھاسىل قىلغان تەسىراتلىرىمنى كەڭ كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلىشىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرىمەن.

2

پېشقەدەم شائىر، تالانتلىق دراماتورگ ۋە ئەدەبىياتشۇناس ئەھمەد زىيائى ئۆزىنىڭ 60 يىللىق ئىجادىي ھاياتىدا ۋەتەن، خەلقىنىڭ ئىشقىدا پەرۋانە بولدى، ئۆز ئەسەرلىرىدە ۋەتەن، خەلقىنى ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن كۈيلىدى، ۋەتەن، خەلقنىڭ دۈشمەنلىرىنى لەنەت ئاستىغا ئالدى، غەزەپ قامچىسى بىلەن راسا ساۋىدى. ئۇ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئەسەرلىرىدە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداش، دېموكراتىيە، باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش، خەلقنىڭ ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى كەڭ تەشۋىق قىلدى. ئەمگەكچى خەلق بىلەن ھۆكۈمران سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنى ئويغىنىشقا ۋە ئادالەتسىز تۈزۈمگە قارشى كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. ئەھمەد زىيائى ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ۋەتەن، خەلق بىلەن چەمبەرچاس باغلىدى ۋە باشقىلارنىمۇ ۋەتەن، خەلق بىلەن بىرجان - بىرتەن بولۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ «يۇرت - ئەل ئۈچۈن...» دېگەن شېئىرىدا:

يۇرت - ئەل ئۈچۈن تارتقان ئەلەمنى
شاھلىق تەختىگە قىياس ئەتكۈلۈك.
خەلق يولىدىكى بىر مىنۇت قايغۇ
مىڭ يىللىق راھەت ئۈچۈن يەتكۈلۈك.
ئەلنىڭ ھاياتى ئەگەر تىلەركەن،
جاننى شادلىنىپ ئاڭا بەرگۈلۈك.
شەخسىي دۈشمەنلىك يىگىتلىك ئەمەس،
يۇرت - ئەل دۈشمىنىن دۈشمەن بىلگۈلۈك.
ئەلنىڭ بەختىنى كۆزلەپ ئەي زىيا،
يىغلىسا يىغلاپ، كۈلسە كۈلگۈلۈك.

دەپ يېزىپ، ۋەتەن، ئەل ئۈچۈن تارتقان ھەرقانداق جاپانىڭ راھەت ئىكەنلىكىنى، ئادەم ئۆز بەختىنى پەقەت ۋەتەن، ئەل بىلەن تەڭ تاپالايدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىكنى تەرغىپ قىلسا، «ياخشىلىقنى يار تۇت» ناملىق شېئىرىدا:

يار كېرەك بولسا ساڭا، بار ياخشىلىقنى يار تۇت،
ئەل ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى دىلبەرۇ دىلدار تۇت.
بولما ئاشىق ھەر گۈلىستان گۈلىگە بۇلبۇل كەبى،
بول ئۆزۈڭ بۇلبۇل، ۋەتەننى بىر گۈزەل گۈلزار تۇت،

دەپ يېزىدۇ، ئەل ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ياخشىلىق، ۋە-
تەننىڭ ھەممىدىن ئېسىل گۈلىستان ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى. ئۇ«جاھان لەنگەر» دېگەن شېئىرىدا:

مۇيەسسەر بولغۇنچە ياخشىلىق قىل، ياخشى ئات قالسۇن،
يامان سەن، ياخشى سەن، ئۆلدۈڭ، بۆلەك ئات قالمىدى ھەرگىز،
كىشى دۇنياغا كەلدى، قالدۇرۇپ كەتمەك كېرەك بىر ئىز،
ئېلىگە خىزمەت ئەتكەنلەرنىڭ نامى ئۆچمىدى ھەرگىز.

دەپ يازسا، «يۈرەكنى ئۆگەت خەلق غېمىگە» دېگەن شېئىرىدا:

ئەي يىگىت، ساڭا خەلقنىڭ غېمى بەس،
بۆلەك خىياللار ھەممىسى ھەۋەس.
ئۆگەت يۈرەكنى خەلقنىڭ غېمىگە،
بۇ غەمسىز ئالما ھېچقاچان نەپەس.

يۇرت-ئەل ئۈچۈن كۆي، يۇرت - ئېلىڭنى سۆي،
ۋىجدانلىق يىگىت باشقا ئىستەمەس.
يۇرت - ئېلىگە كۆيمەس ھەركىشى،
زىيائى ئېيتۇر: خەسكە ئەرزىمەس.

دەپ يازدى. يالغۇز بۇلارلا ئەمەس، ئۇنىڭ «گۈزەل دىيارىم» دېگەندەك شېئىرلىرىدىمۇ ۋەتەن، خەلققە بولغان مۇھەببەت يالقۇنجاپ تۇرىدۇ. ئۇ «ئېچكىنىڭ كىمنىڭ قېنى؟» دېگەن شېئىرىدا، ۋەتەننى خاراب، خەلقنى ۋەيران قىلىدىغان ھۆكۈمرانلارنىڭ زالىملىق ۋە قانخورلۇقىنى ئېچىپ تاشلىدى:

ئېچكىنىڭ زالىم قىزىل مەي، ئويلا كىمنىڭ قېنىدۇر؟
يېگىنىڭ قايسى غېرىب - بىچارىلەرنىڭ نېنىدۇر؟
كۈلمىگىل ئېچىلدى دەپ بېغىم ئارا گۈل - غۇنچىلەر،
بىۋەلەر كۆز يېشى ياشناتقان گۈلى رەيھانىدۇر.
بەزمىگاھىڭ ئىچىدە ساز ئاۋازىنى مۇڭلۇق دېمە،
تۇل خوتۇن بىرلە يېتىملەر باغرىنىڭ ئەفغانىدۇر.
ئويلىما زۇلمۇم ھەممىشە جارى مەزلۇم ئۈستىگە،
بەلكى زالىم زۇلمى ھەرچاغ ئۆز جېنى زىندانىدۇر.

ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرىدىكى مۇنداق ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ئۇنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى ئەسەرلىرىدە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. ئۇ ۋەتەننىڭ ئازادلىقىنى، كوممۇنىستىك پارتىيە يارىتىپ بەرگەن يېڭى زاماننى، خەلقنىڭ ھۆرلۈكى، بەختيار ھاياتىنى، سوتسىيالىزىمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلىدى. ئۇ «يار كېلۇر» دېگەن شېئىرىدا:

سۆيۈنچى دىلىم، ئەمدى ئۆيگە يار كېلۇر،
توگەپ ئۇ پەسلى خازان، يېڭى مەۋسۇمى باھار كېلۇر.
زۇلۇم شامىلى تىكەنلىك ئەيلىگەن گۈلشەن
مۇراد گۈلى بىلەن ياشناپ لالەزار كېلۇر.

دەپ يېزىپ، يېتىپ كەلگەن ئازاد زامانغا قۇچاق ئاچسا، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىنىڭ بىرى بولغان «سايرا» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازدى:

ئېچىلدى ئەمدى بەختىڭ، قالمىدى غەم - قايغۇ، ئى بۇلبۇل،
ئېچىلماقتا ۋەتەن گۈلزارىدا خۇش بۇي، چىرايلىق گۈل،
قانات قاق، سايرا، بۇ گۈللەر ئارا سايراشقا تەييار بول،
باھاردۇر بۇ گۈلىستانىڭ، ئاڭا يەتمەس خازاندىن قول،
ئەجەب خۇشچاغ بولۇر ئاشىق سۆيۈملۈك يارنى تاپقاندا.

راۋابىڭ تارىنى تۈز، سايرا، سايراشقا خۇمارىڭ بار،
سېنى سايراشقا ئۈندەر پارتىيىدەك كاتتا يارىڭ بار،
جۇدۇنلار كۈز قىلالماس مەڭگۈلۈك ئازاد باھارىڭ بار،
گۈلۈڭ بار، گۈلشىنىڭ بار، غۇنچە تولغان لالىزارىڭ بار،
زىيائى خۇش، نېچۈك خۇش بولمىسۇن بۇ باغۇ بوستاندا.

ئەھمەد زىيائى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت مەقسىتى توغرىسىدا توختالغىنىدا: «مۇقەددەس بۇرچۇم — ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە بىرلىكىنى كۈيلەش، خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلقىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سۆزلەش» دېگەنىدى. بىز ئەھمەد زىيائىنىڭ يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئەسەرلىرىگە نەزەر سالساق، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيىتى داۋامىدا ئاشۇ قەسىمىگە ئەمەل قىلىپ، ھەممە ۋاقىت ۋەتەن بىلەن تەقدىرداش، خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولۇشقا تىرىشقانلىقىنى كۆرىمىز.

ئەھمەد زىيائى ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈيلىدى. ئۇ «ۋەتەن گۈلزارى ياشنايدۇ» ناملىق شېئىرىدا:

مۇشۇنداق بىر سادا ياڭراپ كۆڭۈلگە بېرىدۇ تۈيغۇ:
ۋەتەن گۈلزارى ياشنايدۇ پۈتۈن ئەللەر بىرىككەندە.
ھەقىقەتتۇر، ئىناقلىق — بەخت - سائادەتنىڭ ئاساسىدۇر،
ئەمەس ئۇ بىر ئويۇنچۇق ئەتكىلى تاشلاپ زېرىككەندە.
ئىناقلىق تەندىكى جاندۇر ۋەتەنىنىڭ خەلقىغە شەكسىز،
بولامدۇ جاننى تاشلاشقا يامان دەردكە تېرىككەندە.

دەپ يازسا، «ۋەتەن - تەن ئېرۇر، ئىتتىپاقلىق جېنى» ناملىق شېئىرىدا «ۋەتەن - تەن ئېرۇر، ئىتتىپاقلىق جېنى، يېقىملىق باھارى، گۈلى، گۈلشىنى» دېگەن مەزمۇننى مەركەز قىلىپ، ئىناقلىقنىڭ بەختلىك ھاياتنىڭ گۈزەل گۈلشىنى، تەرەققىيات ۋە شانۇ شەۋكەتنىڭ ئىناقلىق بىلەن بولىدىغانلىقىنى، ئىناقلىقنى سۆيمىگەن كىشىنىڭ ئەل، ۋەتەن دۈشمەنى ئىكەنلىكىنى، ئىناقلىق گۈلىگە قۇياش، ئاينىڭ كۈلۈشلىرىنىڭمۇ ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئىناقلىق گۈلىدىن زوق ئالمىغان كىشىنىڭ ئۈچىنىڭ قازاندىنمۇ قارا بولىدىغانلىقىنى، چىن ئىتتىپاق بولغاندىلا يۈكسەك غايىگە يەتكىلى، راۋاج تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى گۈزەل بەدىئىي تىل بىلەن تەسۋىرلىدى.

ئەھمەد زىيائى ئىلىم - مەرىپەتنى كۈيلىدى، يالقۇنلۇق مىسرالىرى ئارقىلىق خەلقنى ئىلىم - پەن ئىگىلەشكە ئۈندىدى. ئۇ ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋەتەنىنىڭ ئازادلىقى ۋە خەلقىنىڭ ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشتە، خەلقنى ئىلىم - پەن ئارقىلىق ئويغىتىپ، ئۇلارنى پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلىدىغان روھقا ئىگە قىلىش لازىم، دەپ قارىدى. شۇڭا ئۇ «تەربىيەت» دېگەن شېئىرىدا كىشىلەرنى ئىلىم - پەن بىلەن قوراللىنىپ، «خارۇ زارلىقتا قالغان ئەل»نى «مۆتىبەر ئەل قىلىپ ياشنىتىش»قا چاقىرىدۇ:

بەخت ساماسىنىڭ قۇياشى، يۇلتۇزىدۇر تەربىيەت،
قاپقارا تۇرمۇش تۈنىنىڭ كۈندۈزىدۇر تەربىيەت.
ياش ئىكەن ئەۋلادلىرىڭ، ئۆگەت ئىلىم بىرلە ھۈنەر،
تال - چىۋىقتەك ئېگىلىپ ئۆزلەشكۈسىدۇر تەربىيەت.
خارۇ زار قالغان ئېلىڭنى، ئەي زىيائى، ياخشى بىل،
مۆتىبەر بىر ئەل قىلىپ ياشناتقۇسىدۇر تەربىيەت.

دەپ يازسا، «ئەقىللىقلەر بىلەن بول، قىلما جاھىللار بىلەن سۆھبەت، زىيانلىقراق ئەمەستۇر ھېچ نەرسە دوست نادانىدىن»، «ئىلىم - جەھىل كۈن ۋە تۈندەك بىر بىرىگە قارىشىدۇر دائىم، جاھىللار بىر شەپەرەڭدۇركى، رەنجىيدۇ تاڭ ئاتقانىدىن»، «دېدىكىم: ئەي نادان، گەر ئىستىسەڭ ئۆمرۈڭگە بىر مەنە، ۋۇجۇدۇڭنى مۇنەۋۋەر قىل پۈتۈنلەي ئىلمۇ ئىرپانىدىن. يېتەكلەيدۇ ھەقىقەت سەيرىگاھىغا سېنى بۇ نۇر، تاپالمايسەن بۇ نۇرنىڭ سىرىنى خۇرشىدى تابانىدىن» دېگەندەك مىسرالىرىدا ئىلىم - پەننىڭ بىباھالىقى، بىلىمسىزلىك، نادانلىق، قاششاقلىقنىڭ ئىنسانغا قاراڭغۇ تۈندەك زىيانلىقلىقى، ئىلىم - پەننىڭ ئىنسانىي بەخت - سائادەتكە باشلايدىغانلىقى، جاھالەتنى يېڭىشنىڭ يولى — دىلنى پەن بىلەن نۇرلاندۇرۇش، پەن بىلەن قوراللىنىش ئىكەنلىكىنى جانلىق، ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بەردى، «خەلقىنىڭ كۆڭلىنى بىلىم بىلەن تۈزەش»، ئىلىم پەن ئارقىلىق «بەخت گۈلىنى ئېچىلدۇرۇش» لازىملىقىنى تەكىتلىدى. «ئىلىم سۆيگۈسى دىلدا» ناملىق مەشھۇر شېئىرىدا بىلىمسىزلىك، نادانلىق، قاششاقلىق ئەلنى ئىسكەنجىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن گۈل - گۈلىستانىنىڭ خازان بولغانلىقى، «كۈز كۈنىنىڭ سوغۇق شاماللىرى» چىقىپ «جاھاننىڭ قايغۇ لىباسى كىيگەن»لىكى، «بىلىمنىڭ كۆڭۈللەردىكى داتىنى يوق» قىلىدىغانلىقى، ئەل بىر قۇش بولسا، بىلىمنىڭ ئۇنىڭغا قانات ۋە قۇيرۇق ئىكەنلىكى قاتارلىقلارنى زور ئىجتىھاد بىلەن تەسۋىرلەپ، «تۈزۈك ياشاش» ئۈچۈن «قۇياش بىلىم»نى ئىگىلەش، زىمىستانىدىن قۇتۇلۇش، سائادەت گۈللىرىنى ئېچىلدۇرۇش، ھەقىقىي سولماس گۈل - گۈلىستان يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىپ بىلىم - مەرىپەت چىرىغىنى ياندۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بايان قىلدى. ئازادلىقتىن، بولۇپمۇ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىنكى ئەسەرلىرىدە بولسا ئىلىم - پەن باھارىغا تەنتەنە قىلىپ، ئىلىم - پەنگە قىلىنغان جەڭگىۋار يۈرۈشكە ئاتلىنىش ياڭرىتىپ، «كۆرۈپ ئىلمىي چېچەكلەرنى...»، «بۇلبۇلغا خىتاب» دېگەندەك شېئىرلىرىدا ئىلىم - پەن ئىگىلەشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى كەلگەنلىكىنى، بۇ پۇرسەتنى زادى - زادىلا قولدىن بەرمەسلىكنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ئىلىم - پەن باھارىدىن كۆڭلىنىڭ ئاجايىپ خۇشال ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى:

قاچان كۆرگەن ئەلىمنىڭ كانىنى قازماق ئۈچۈن بۇ يۇرت
مۇشۇنداق كاتتا غەيرەتتە تۇرۇلگەن گاڭ بىلەكلەرنى.
سۆيۈنمەمدۇ كىشى ئۇچقاندا شۇنچە نەۋقىران بۈركۈت،
بىلىم دۇنياسىدا قىلماققا ئۇۋۇ ئالىي تىلەكلەرنى.
ئەگەر مەقسەتكە يەتمەك ئىستىسەڭ سەن توختىماي تەر تۆك،
سۇزەر قورقماس يۈرەك غەۋۋاس دېڭىزدىن ئۈنچە - گۆھەرنى.

ئەھمەد زىيائى «بۇلبۇلغا خىتاب» ناملىق شېئىرىدا سىمۋولىستىك ۋاسىتىلەردىن، جانلاندۇرۇشتىن ئۈستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئىلىم - پەننى ئىگىلەش ئۈچۈن بىزدە يارىتىلغان «خازان بولماس باھار»دەك شارائىتنىڭ بۇرۇن ھېچقاچان بولمىغانلىقىنى جانلىق تەسۋىرلەپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىلىم - پەنگە ئاشىق - شەيدالىقىنى جاھانغا جاكارلىدى:

بىلىم ئاشىقلىرىمىز، بېشىمىزدا ئىلىم سەۋداسى،
يۈرەك ئىلىم گۈللىرىنىڭ مەڭگۈلۈك بىر زار شەيداسى.
پۈتۈنلەي بىزنى تارتقاندۇر مۇشۇ گۈللەر تاماشاسى،
بېرىلگەن ئىلىم گۈلىگە بارچىمىزنىڭ ھەممە ئىخلاسى.

ئومۇمەن ئالغاندا، ۋەتەن - ئەل، ئىناقلىق - بىرلىك، ئىلىم - پەن ئەھمەد زىيائى ئەسەرلىرىدە بىر گەۋدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى تەشكىل قىلغان.

3

ئەھمەد زىيائى ياشلارغا، ياش ئەدىبلەرنى تەربىيىلەش، يېتەكلەشكە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان ئەدىب ئىدى. ئۇ ئازادلىقتىن ئىلگىرى گېزىتلەردە «ياش يازغۇچىلارغا ياردەم» دېگەن نام ئاستىدا يىگىرمە نەچچە پارچە ماقالا يېزىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مەقسىتى، تەلىپى، يازغۇچىنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى، بۇرچى، شېئىرىي ھېسسىيات، ئوبراز، بەدىئىي ماھارەت، بەدىئىي تىل قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئىخچام، چۈشىنىشلىك قىلىپ شەرھىلەپ، ياش يازغۇچىلارنىڭ ئىدىيە ھەم بەدىئىي ماھارەت جەھەتتە تەربىيىلىنىشىگە يېقىندىن ياردەم بەرگەنىدى.

مەن بىر قېتىملىق سۆھبەتتە:

— ئەھمەد ئاكا، سىلە ھازىرقى ياشلار يېزىۋاتقان يېڭىچە، «گۇڭگا» دەپ ئاتالغان شېئىرلارغا قانداق قارايلا؟ — دەپ سورىدىم.

— ئۇ شېئىرلارنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى كەڭ جامائەت باھالىشى، ئەمەلىيەت ئىسپاتلىشى كېرەك، — دېدى ئەھمەد زىيائى دەرھاللا، — لېكىن ياشلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىلھام بېرىش زۆرۈر. ياش دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىدىن مەلۇمكى، ئۇ جۇشقۇناۋۇق، ئالغا ئىنتىلىش، يوقىرى ئۆرلەش دېمەكتۇر. ياشلار ھامان ئالغا ئىنتىلىپ، يېڭىلىق يارىتىش يولىدا ئىزدىنىپ تۇرۇشى كېرەك. ياشلار ئالغا ماڭماي، تىرەجەپ تۇرۇۋالسا، قوشقۇنغا ئولتۇرۇۋالسا، ياشانغانلار ئۇلارنى ھەدەپ يۆلەپ - تارتىپ يۈرسە بولمايدۇ. ئەھۋال شۇن-

داقـلا بولۇپ قالـسا، جەمئىيـەتمـۇ، ئەدەبىياتمۇ تەرەققىي قىلمايدۇ. بولۇپمۇ ئەدەبىيات ھەۋەسـكارلـىرى جۇشقـۇن بولۇشى كېرەك. ئۇلار جۇشقۇنلۇق بىلەن ئىزدىنىش داۋامىدا داغدام يول تاپىدۇ، ئەدەبىياتقا جۇشقۇنلۇق، يۈكسىلىش ئېلىپ كېلىدۇ. ياشلارنى يا مۇنداق، يا ئۇنـداق نـوقسانلـىرى تۈپەيـلى ئەيىبلەۋېرىش زىيانلىقكى، ھەرگىزمۇ پايدىلىق ئەمەس.

ئەھمـەد زىيائى كەمتەر ئىدى. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە ھارماي - تالماي ئۆگىنىش، ئىجاد قىلىش ئارقىلىق 500 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، «رابىيە - سەئىدىن»، «بىزنىڭ ئابىدىلىرىمىز ۋە يۇسـۇپ، مەھمـۇد» تەك چوڭ ھەجىملىك داستانلارنى، «ۋاڭ جىڭۋى»، «رابىيە-سەئـىدىن»، «قارا كۆزلەر، نۇرلۇق ھـايات» دېگەن دراما - ئوپېرالارنى، نۇرغۇن ئىلمىي ماقالـلەرنى يازغان، تىلشـۇناسلىق، ئەدەبىياتشۇناسلىق بويىچە مول بىلىم ئىگىلەپ ۋايىغا يەتكەن ئالىم ئىدى. بىراق ئۇ ئۆزىنى باشقىلاردىن ھەرگىزمۇ ئۈستۈن تۇتمايتتى، ئۆزىگە تەمانـنا قويمايتتى، شان - شۆھرىتىم بار دەپ غادىيىۋالمايتتى، ھامان ئاددىي - ساددە كىيىنىپ، چوڭلار، ياشلار بىلەن ئوخشاشلا سەمىمىي ئەھۋاللىشىپ، ھال - مۇڭ ئېيتىشىپ يۈرەتتى. باشقىلار ماختىسا ۋىللىدە قىزىرىپ، گەپنى دەرھاللا باشقا ياققا بۇرايتتى. كەمتەرلىك ھەققىدە مەسلىھەتلەر بېرەتتى.

مۇنـداق ئىككى ئىش مېنىڭ ئېسىمدىن زادىلا چىقمايدۇ. بىر كۈنى مەن «ئەھمەد زىيائى ئەسەرلىرى»نى تەھرىرلەشتە يولۇققان بىر قىسىم ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرنى كۆتۈرۈپ ئەھمـەد زىيائىنىڭ ئۆيىگە باردىم. بۇ سۆزلەرگە ئىزاھات بېرىش كېرەك ئىدى. مەن ئەھمەد زىيائىغا چاقچاق ئارىلاش:

— ئەھمـەد ئاكا، سىلە «كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ قەدىمىيلىكى ۋە ئۇنىڭ چەت تىل تەسىرىگە ئۇچراش جەريانى» دېگەن ماقالىلىرىدە ئەدەبىياتتا تىلنىڭ پاكلىقىنى ساقلاش زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپ، ئانا تىلنىڭ ساپلىقىنى بۇزغانلارنى ئەيىبلىگەن، ئانا تىلنىڭ ساپلىقىنى قوغدىغانلارنى ماختىغان ئىدىلە. ئەجەبا، ئۆز ئەمەلىيەتلىرىدە ئۆز سۆزلىرىگە ئەمەل قىلماپتىلىغۇ؟— دېدىم.

— بۇ ئىشتا ناھايىتى خىجىلمەن، ئۇكام،— دېدى ئەھمەد زىيائى خۇرسىنىش بىلەن،— ئەسەرلىرىمدە پارسچە، ئەرەبچە سۆزلەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ سۆزلەرنى يۇقىرىنىڭ تولۇق چۈشىنىپ كېتىشى ناتايىن. ئەسەر يازغاندا ساپ ئانا تىل بىلەن يازاي دەيمەنۇ، قولغا قەلەمنى ئالغاندا غەيرىي سۆزلەر ئارىلىشىپ قالىدۇ. ھازىر بىزنىڭ بەزى ئوتتۇرا ياش، ياش شائىرلىرىمىز، ھەۋەسكارلىرىمىزمۇ ئەسەرلىرىگە ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرنى قوشۇۋېلىۋاتىدۇ. بىزغۇ كونا ئادەملەر، بۇرۇن شۇ تىللارنى ئۆگەنگەن، شۇڭا بىلىپ-بىلمەي ئارىلاشتۇرۇپ قويىمىز. ئۇلار نېمىشقا ئارىلاشتۇرۇۋالىدۇ؟ بەلكىم ئۇ بىزدىن يۇققان كېسەل بولسا كېرەك. شۇڭا مەن خىجىل. مەن ئاخىرقى ئۆمرۈمدە بولسىمۇ، بۇ كېسەلنى ساقايتىش ئۈچۈن ئاز - تولا ھەسسە قوشمىسام بولمايدۇ. مەن ئەسەرلىرىمدىكى غەيرىي تىللارنىڭ ئورنىغا مۇمكىنقەدەر ئۆز تىلىمىزدىكى سۆزلەرنى ئالماشتۇراي.

يەنە بىر نۆۋەت مەن «ئەھمـەد زىيائى ئەسەرلىرى»نىڭ تەھرىرلەنگەن نۇسخىسىنى

ئېلىپ ئەھمەد زىيائىنىڭ قېشىغا باردىم ۋە:

— ئەھمەد ئاكا، سىلىنىڭ ئەسەرلىرىگە قەلەم تەگكۈزۈشكە مېنىڭمۇ قۇربىم يەتمەيتتى. ئەمما، تەھرىرلىك، نەشرىياتچىلىقنىڭ پرىنسىپ، تەلەپلىرىگە ئاساسەن بەزى سۆز، جۈملىلەرنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلدى، ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا، خاتا جايلىرى كۆرۈلسە تۈزىتىش بېرەرلا، — دېدىم.

— ھەممە ئىشنىڭ ئۆز مىزانى، پرىنسىپى بولىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن مەنمۇ ئادەم، ئەۋلىيا ئەمەس، شۇڭا نۇقسانسىز ئەمەسمەن، ئەسەرلەرمۇ شۇنداق، — دېدى ئەھمەد زىيائى سەممىيلىك بىلەن.— ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ يېزىلغىنىغا 40 - 50 يىل بولدى، بۇيىللاردا دەۋردىمۇ، تونۇش، ئاڭدىمۇ نۇرغۇن ئۆزگىرىش بولدى. شۇڭا ئەسەرلەردىكى بەزى قاراشلارنىڭ ھازىر ئانچە ئەھمىيىتى قالمىدى، بەزى قاراشلارنى، سۆز، جۈملىلەرنى ئۆزگەرتىش زۆرۈر. شۇڭا بۇ جەھەتتە مەن سىلەرنىڭ پىكىرىڭلار، ئەمگىكىڭلارغا ھۆرمەت قىلىمەن.

ئەھمەد زىيائىنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭ كەمتەرلىكى، سەممىيلىكىنىڭ جانلىق ئىسپاتى بولغانىدى.

ئەھمەد زىيائى ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بېغىشلىدى، ئەڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىغا قەدەر ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۆزىنىڭ قېرىپ-ياشىنىپ، كېسەلمەن بولۇپ قالغانلىقىغا قارىماي «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ نەزمى تەرجىمىسىنى ئىشلەپ بولۇپلا «رابىيە - سەئىدىن» داستانىنى، «تارىخىي مىراس ‹قۇتاد غۇبىلىك› توغرىسىدا» دېگەن چوڭ ھەجىملىك ئىلمىي ماقالىسىنى يازدى. كېسەل كارىۋىتىدا يېتىپ داۋالىنىپ تۇرۇپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىلەرنىڭ ھاياتىغا بېغىشلانغان يىرىك داستاننى يېزىپ تۈگەتتى. ھەتتا ۋاپات بولۇش ھارپىسىدىلا ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە بېرىپ، قۇتاد غۇبىلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. مۇنداق قەيسرانە روھ ھەربىر ئەدىبنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ.

ئەھمەد زىيائى كلاسسىك ئەدەبىياتنى تەتقىق قىلىش ۋە خەلققە تونۇشتۇرۇش جەھەتتىلا غايەت زور ئەمگەك قىلىپلا قالماستىن، ئۇنىڭغا قانداق ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنىڭدىن نېمىلەرنى ئۆگىنىشنىمۇ ئېنىق شەرھلىدى. كلاسسىك ئەدەبىيات توغرىسىدىكى «كونا ئەدەبىيات بىزگە كېرەك ئەمەس. ئۇ بىزنى كونىلىققا تارتىدۇ»، «كونا ئەدەبىيات ئۇبدان، يېڭى ئەدەبىيات ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي يوللىرى كېرەك ئەمەس» دېگەندەك ناتوغرا قاراشلارنى تەنقىدلىدى. «بىز كلاسسىك ئەدەبىياتقا تەلتۆكۈس ئىجادىي ياكى سەلبىي قاراشتا بولۇشتىن ساقلىنىمىز ۋە ئۇنىڭدىن تەنقىدىي ئاساستا پايدىلىنىمىز. بىز كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ جەمئىيىتىمىزگە يات بولغان تەرەپلىرىنى رەت قىلىمىز ۋە ئۇنىڭ ئىجابى يېقىنى تەنقىدىي ئاساستا قوبۇل قىلىۋېلىپ، قايتىدىن ئىشلەپ چىقىپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيىتىمىزگە قوشىمىز» دەپ كۆرسەتتى.

ئەھمەد زىيائى رېئالىزمچى ئەدىب ئىدى. ئۇ ئەدەبىياتتا رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇ ناھايىتى بۇرۇنلا، «رابىيە - سەئىدىن» ئوپېراسىنى يازغان چېغىدىلا، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىدىن ئېلىنغان ۋەقەلەر ئاساسىدا «پەرھاد-

شېرىدىن»، «لەيلى - مەجنۇن» دەك ئەسەرلەرنى يېزىش مەقسىتىدە ئىزدەنگەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ، پەخىرلىنىش بىلەن مۇنداق دېگەنىدى: «بەختىكە يارىشا، ماڭا بۇ مەقسەتكە ئېرىشىش مۇيەسسەر بولدى. مەن بۇنى تاپتىم. ئۇنى ئەرەبىستان چۆللىرىدىن، باغداد ۋادىلىرىدىن، ئەرمەنىستان تاغلىرىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ قايىنىمى بولغان قەشقەرنىڭ بايتوقاي يېزىسىنىڭ جىگدە - سۆگەتلىكلىرى ئارىسىدىن، يامانيار ئۆستىڭىنىڭ بويىدىن تېپىۋالدىم.»، بۇ ئوپېرانىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، «ئوپېرا قەھرىمانلىرى ئۇيغۇر، ئوپېرا ۋەقەلىكى خىيالى ئەمەس، بەلكى چىندۇر.» ئەھمەد زىيائى رېئاللىققا يۈزلىنىش، رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئەنە شۇنداق زور خۇشاللىق بىلگەن، ئۆمۈربويى رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشقانىدى. ئۇنىڭ ھەممە ئەسەرلىرى رېئاللىقنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ھەربىر ئەسەر ئۆز دەۋرىنىڭ رېئاللىقىنى، ئۆز دەۋرىنىڭ روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە تېگىشلىك ئاكتىپ رول ئوينىغانىدى.

ئەھمەد زىيائى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئۇچرىشىشىم دوختۇرخانىدا بولدى. ئۇ شۇ قېتىمدا ماڭا: «يازغانلىرىم كۆپ ۋە تازا ساز بولۇپ كەتمىدى. جىسمانىي جەھەتتىن بەردەم چاغلىرىم سولچىل لوشيەنىنىڭ زىيانكەشلىكىدە بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى، خەلققە كۆپرەك ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم، كۆپرەك ئىش قىلاي دېگەن چېغىمدا بولسا قېرىپ قالدىم، ئارمان بولسىمۇ دەرمان يوق. ھازىر زامان تۈزەلدى، ئىمكانىيەت كەڭ. سىلەر ياشلار كۆپرەك ئۆگىنىڭلار، كۆپرەك يېزىڭلار. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىستىقباللىق ئەدەبىيات. ناھايىتى زور يوشۇرۇن كۈچ بار. ھەممەيلەن بىردەك ئىنتىپاقلىشىپ، ئورتاق تىرىشىدىغانلا بولسا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى پات ئارىدا جاھانغا تونۇلىدۇ...» دېگەنىدى. مەن ئىشىنىمەنكى، ئەھمەد زىيائى ھەمدە ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىر تۈركۈم كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرى ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، بىز تىرىكلەر ئىنتىپاقلىشىپ تىرىشىدىغان، پېشقەدەملەرنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ھارماي ئىزدىنىدىغان، ئىجاد قىلىدىغانلا بولساق، پېشقەدەملەرنىڭ ئارمانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز، ئەدەبىياتىمىزنى تېز سۈرئەتتە گۈللەندۈرەلەيمىز.

# مۇھاكىمە ۋە تەنقىد

مۇھەممەت پولات

# سەنئەت كۈچى بىلەن جانلاندۇرۇلغان خاراكتېرلار چىنلىقى

مەتىمىن ھوشۇر ھايات ۋە ئادەملەرگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان تەلەپچان يازغۇچى سۈپىتىدە دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى تېپىك ۋە كونكرېت ئېچىپ بېرىش يولىدا تىرىشىپ ئىزدەندى. ئۇنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 87 - ۋە 88 - يىللىق سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان «بۇ چۈش ئەمەس»، «ساراڭ» ناملىق ھېكايىلىرى ئاشۇنداق ئىجادىي ئىزدىنىشىنىڭ دەسلەپكى مېۋىلىرى.

بۇ «چۈش ئەمەس» تە سىز خىلمۇخىل ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىسىز، ئۇلارنىڭ چۈشىنىش تەس بولغان سىرلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرىسىز. ئۇلارنىڭ ئاددىي، چېچىلاڭغۇ، لېكىن چوڭقۇر ئىچكى مەنتىقە كۈچكە ئىگە بولغان ساددا پىكىر - مۇلاھىزىلىرىنى ھەيرانلىق ئىچىدە ئاڭلايسىز. ئاخىرىدا پاكلىق بىلەن ساددىلىق ئارىلىشىپ كەتكەن قىزىق، مەنىلىك ھايات مۇھىتى ئىچىدىن، سىزنى تاڭ قالدۇرۇپ ھەر خىل ئازابلىق تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئۆسۈپ چىقىشقا باشلايدۇ: گۈزەللىك ۋە پاكلىق كۆز ئالدىمىزدا دەپسەندە قىلىنىدۇ، ئالىيجاناب ئىنسانىي تۇيغۇلار خورلىنىدۇ، جاھىللىق ۋە مۇتەئەسسىپلىك قويۇنى ئەڭ ياخشى ھاياتىي ئىنتىلىشلەرنى بەرباد قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز ئاپتورغا ئەگىشىپ تەبىئىي ھالدا: «راست، بۇ چۈش ئەمەس، تۇرمۇشىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىر خىل پاجىئە» دېمەي تۇرالمايسىز.

ئەسلىدە ئۆز يۇرتىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن ئىگە - چاقىسىز بىر يېتىمچىنىڭ نىجاد يولى ئىزدەپ باشقا يەرگە بېرىشى، ئەمگىكىگە تايىنىپ كۈنلىرىنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈشكە ئىنتىلىشى تۇرمۇشتا دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بەكمۇ ئادەتتىكىچە بىر ئىش ئىدى. لېكىن ھېكايە قەھرىمانى توختىنىڭ بۇنداق ئىنتىلىشى يېزىدىكى ھەممە زىددىيەت ۋە قارىمۇ قارشىلىقنىڭ تۈگۈنىگە ئايلىنىپ، ئەنئەنىۋى ئەقىدىچىلىك كۆز قارىشى بىلەن زامانىۋى ئەخلاقىي نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ شىددەتلىك ئېلىشىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، كىتابخان كۈتمىگەن بىر خىل ھاياتىي تراگېدىيىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئاددىي بىر شەخسنىڭ، يەنە كېلىپ ھېچكىمنىڭ نەزەرى چۈشمەيدىغان بىر يېتىمچىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن بۇ كىچىككىنە ۋەقە قانداق قىلىپ پۈتۈن بىر يېزىنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ھالىتىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان مۇشۇنداق زور ئىجتىمائىي ھادىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ؟ ئاپتور كىتابخاننى قىزىقتۇرىدىغان بۇ ھادىسىنىڭ ئىچكى سىرىنى ئۆز قەھرىمانىنىڭ ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە ھايات يولىنى جانلىق ۋە كونكرېت تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئېچىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدا ئۇ توختىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىنىڭ بىر خىل ھا-

لەتتىن يەنە بىر خىل ھالەتكە ئۆزگىرىشىنى، ئۇنىڭ ئاڭ - پىكرىنىڭ شارائىت - تەلىپى-
گە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىشىنى نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، توختى خاراكتېرىنىڭ
شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى كەڭ ئىجتىمائىي ئاساس بىلەن تەمىنلەپ، ئۇنىڭ ھايات
پائالىيىتىنى پۈتۈن جەمئىيەت ئەھمىيىتى دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش-
تا چىقىش يولى تاپالماي تەمتىرەپ يۈرگەن بۇ يېتىمچىنىڭ ئىرىكچىلىك يولىدىكى كىچىك-
كىنە ھەرىكىتى ئەسىرلەردىن بۇيان كىشىلەرنىڭ ھايات ئەقىدىسىنى بوغۇپ كەلگەن كونا
ئاڭ ۋە كونا مۇناسىۋەتلەرنىڭ مۇقەددەس ۋە دەخلىسىزلىكىگە تەھدىت بولغان بىر ۋەھ-
مىلىك كۈچكە ئايلىنىدۇ. دەل مۇشۇ نەرسە توختىنى كەسكىن ۋە مۇرەككەپ زىددىيەتلەر-
نىڭ دەھشەتلىك قاينىمىغا ئۆچمەنلىك ۋە قىساسكارلىقنىڭ ھاقارەتلىك قوينىغا تاشلاپ،
ئۇنىڭ ھايات ئارزۇسىنىڭ ئۇزۇل - كېسىل يىمىرلىشىدىن ئىبارەت مەنىۋى ھالاكىتىنى
كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

توختى ئەسلى ئۆز يۇرتىدا خورلۇق ۋە موھتاجلىقتىن باشقا ھېچنەرسە كۆرمىگەن
بىر دەردمەن يېتىمچى بولغاچقا، ئۆزى كېلىپ ئورۇنلاشقان بۇ يېزىنىڭ تۇرمۇش تەرتى-
پىدىنمۇ ھېچنەرسە كۈتمەيدۇ. ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشچانلىق ۋە ھالاللىقىغا تايىنىپ،
مۇۋاپىق بىر تۇرمۇش شارائىتىغا ئېرىشىۋېلىشنىلا ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى
بىلەن ئۇنىڭ ئىرىكچىلىكى ئىزغا چۈشۈپ، ئېڭىدا بىر خىل روھىي ئازادلىق تۇيغۇسى
پەيدا بولۇپ، ئۆزىنىڭ كىشىلىك قەدىر - قىممىتىنى يېڭىدىن چۈشىنىپ يېتىدۇ. بۇ ھال
ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك ساددا تۇرمۇش ئېڭىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ، ئۇنى يېڭىدىن - يېڭى
ھاياتىي ئارزۇلار يولىغا باشلايدۇ. ساددا ۋە رەھىمدىل يېزا قىزى گۈلشەنىنىڭ پاك مۇ-
ھەببىتى ئۇنىڭ قەلبىدە بىخ سۈرىدۇ. ئۈمىد ۋە ئارزۇ ئۇنىڭغا كۈچ ۋە ئىشەنچ بېغىش-
لايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دېھقان تۇرمۇشىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى دائىرىسىدىن بىرىنچى بو-
لۇپ چىقىپ، يېزىدا سۇتچىلىك كەسپىنى يولغا قويۇپ، ناھايىتى تېزلا بېيىپ كېتىدۇ.
بۇ يېزىغا تېخى يات بولغان تېلېۋىزور ۋە موتسىكلىت قاتارلىق پۇللۇق نەرسىلەر ئۇنىڭ
ئۆيىدە كەينى - كەينىدىن پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ.

ئادەتتە ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرغان ئادەم بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدۇ. لېكىن
ئۇنىڭ نېمىسى بىلەندۇر باشقىلاردىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقى سېزىلگەندە، ئۇنىڭغا بىردىن
ھەممە ئادەمنىڭ نەزەرى چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تېخى تۈنۈگۈنلا ئۇنى ئايىغىدا چۈمۈ-
لىمۇ ئۆلمەيدىغان ياۋاش، ئاق كۆڭۈل ئادەم دەپ ھېسابلىشىپ يۈرگەن كىشىلەر بىردىن
ئۇنىڭ ھەممە بىلىدىغان رەزىللىكلىرى ئۈستىدە سۆزلەشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر-
قانداق شۇملۇق ۋە يامانلىقتىن قايتمايدىغان تەگدىشى يوق رەزىل ئادەمگە ئايلىنىدۇ.
توختىنىڭ تۇرمۇش يولىدىكى يۇقىرىقىدەك چاپالىق ئىزدىنىشىمۇ خۇددى مۇشۇنداق ئاقى-
ۋەتكە دۇچ كېلىدۇ. ئادەتتە ھەتتا بار - يوقلۇقىغىمۇ بىرەر كىشى دىققەت قىلمايدىغان
بۇ قەدىرسىز يېتىمچىنىڭ ئىشلىرىنىڭ مۇنداق ئاسان يۈرۈشۈپ كېتىشى يېزىدا زور غۇل-
غۇلىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇنىڭدىن بىرمۇنچە كىشىلەر ۋەھىمە ۋە خورلۇق ھېس قىلىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار توختىغا ئومۇمىي ھۇجۇم ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەر خىل ھاقارەتلىك يوللار
بىلەن ئۇنى قىيناپ، ئۇنى بۇ ئامەتلىك ئىشتىن قول ئۈزۈشكە زورلايدۇ. ئاخىرى بۇنداق
خورلۇق ۋە ئادالەتسىزلىككە چىدىمىغان توختى ئىشىنى تاشلاپ، تاپقان تەرگىنىنى بېلىگە

تۇگۈپ، چەكسىز ئەلەم ۋە ئازاب ئىچىدە يېزىدىن ئايرىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەممە شېرىن ئارزۇ ۋە گۈزەل غايىلىرى تارلىق ۋە ھەسەتخورلۇق قۇيۇنى ئىچىدە بەرباد بولۇپ تۈگەيدۇ.

يۇقىرىقىلار توختى خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلى. ئۇنىڭ مەنىۋى ئۆزگىرىشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى بولۇپ، بۇنىڭدا ھاياتنى ھەرقاچان تىنىچ ۋە گۈزەل تەسەۋۋۇر قىلىپ كەلگەن، مۇھەببەت ۋە بەخت تۇيغۇسى تۇپەيلى ھەممىنى ئۇنۇتقان توختى ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچلىرىنىڭ تۇيۇقسىز شىددەتلىك زەربىسىگە ئۇچراپ، ھايات ئىرادىسىنى يوقاتقان بىچارە ۋە ھىمايىسىز ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن توختىنىڭ خاراكتېر ئۆزگىرىشىنىڭ تېخىمۇ ئەلەملىك بولغان ئىككىنچى مەزگىلى باشلىنىدۇ.

كۈنلەر ئۆتىدۇ. توختى شەھەر ئاتلاپ ئوقەت قىلىپ يۈرۈپ، بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپ پۇل - دۇنياغا ئىگە بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق بىر چاغدا ئۇنىڭ ئېڭىدا ئۆتكەنكى تۇرمۇشى بىلەن باغلىق بولغان بىر مۇنچە شېرىن خاتىرىلەر جانلىنىپ، ئۇنى تېخىمۇ چوڭ ئازاب ئوتىغا تاشلايدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ بويىنىغا «ئىسسىق قوللىرى بىلەن گىرە سالغان» ساددا ۋە مۇلايىم يېزا قىزى گۈلشەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇرۇنقى ئەلەملىك سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۇنتۇپ، ناھايىتى زور ئۈمىد بىلەن ئۆز يېزىسىغا قايتىپ كېلىدۇ. كىشىلەر ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆز مەھەللىسىدە تۈۋرۈكلىرى سىرلانغان، ئاستى - ئۈستى تاختايلىق چىرايلىق بىر بىنا قەد كۆتەرگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەممىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. دېمەك، توختەك توي قىلماقچى! بۇ خەۋەردىن گۈلشەننىڭ ئاكىلىرى گويا يولىغا چاقماق چۈشكەندەك قورقۇنچ ۋە ساراسىم ئىچىدە قالىدۇ. ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن ھالدار بوۋىسىنىڭ ئۇنتۇلۇپ كەتكەن نام - ئەمەلىنىڭ تەسىرىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئەنئەنىۋى ئائىلە ئەقىدە مىراسخورلۇقنى ھەممىدىن مۇقەددەس بىلىدىغان بۇ كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە توختى دېگەن قانچىلىك بىر ئادەم دەيسىز؟ چاقىرسا ئېتى يوق، تۇتسا سېپى يوق، ياقا يۇرتتىن پاناھلىق ئىزدەپ مۇشۇ يەردە توختاپ قالغان بىر يېتىمەك. مۇنداق ئەرزىمەس بىر نېمىنىڭ گۈلشەندىن ئۈمىدلىنىپ يۈرۈشى ئۇلار ئۈچۈن نومۇس، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ شەنىگە قىلىنغان ھاقارەت! ئەڭ ياخشىسى ئۆزىنى بىلمىگەن بۇ نائەھلى كەلگىندىنى يېزىدىن سۈرۈپ چىقىرىپ، بۇ ئۇياتلىق ئىشقا چەك قويۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن غەزەپلەنگەن بۇ ئۈچ ئاغا - ئىنى توختىنىڭ ئۆيىنگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇنىڭغا تەلۋىلەرچە تاشلىنىدۇ. ئۇ يەنە بىر قېتىم چىدىغۇسىز ئازاب ۋە خورلۇق ئىچىدە قالىدۇ. ئۇ كىشىلەرگە زادى نېمە قىلىپ قويغان بولغىيدى؟ ئۇ موھتاجلىق ۋە كەمبەغەللىك ئىلكىدە ياشىغان چاغلىرىدا كىشىلەرنىڭ كەمسىتىش ۋە مەسخىرىسىدىن قۇتۇلالمىدى. ئەمدى موھتاجلىقتىن قۇتۇلۇپ ئەل قاتارى ياشاشنىڭ كويىغا چۈشكىنىدە بولسا، كىشىلەرنىڭ تاپا - تەنىسى بېشىدىن كەتمىدى. ئۇ گويا ئۆمۈرلۈك گۇناھقا پاتقان بىر ئاسىي بەندىدەك، كىشىلەرنىڭ نەپرەت - قارغىشىغا قالدى. ئۇ تۇرمۇش يولىدا ھەممىگە چىدىدى. ھەممە نەرسىدە باشقىلارنىڭ رايىغا بېقىپ، ئۇلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە ياشىدى. لېكىن كىشىلەر ئۇنى بىرەر قېتىممۇ چۈشەنمىدى. ئەكسىچە ئۇنى جاھىللىق ۋە قاراملىق بىلەن ئەلەم ۋە خورلۇقنىڭ تەگسىز قايىنىمىغا ئىتتىردى. مانا ئەمدى ئۇنى ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىدىن ئايرىپ، ئۇنى ئۆمۈرلۈك ھەسرەتكە قالدۇر-

دى. توختى مۇشۇلارنى ئويلاپ ئازابلىنىدۇ، غەزەپ-نەپرەتتىن ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىدۇ. ئاخىرى ئۇ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن بىر خىل ياۋايى كۈچ ۋە غالجىرانە ئىرادە تۈرتكىسىدە، ئۆزىنىڭ ھەممە ھاياتى ئارزۇلىرىنىڭ سىمۋولى بولغان يېڭى ئۆيىگە ئوت قويىۋېتىپ ئەلەم ۋە ئازاب ئىچىدە يېزىدىن كېتىدۇ. گۈلشەنچۇ؟ دۇنيادا توختىدىن باشقا ھېچقانداق ھاياتىي تايانچىسى بولمىغان بۇ بىچارە قىز ئاخىرى ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ، بۇ ۋاپاسىز ئالەم بىلەن خوشلىشىدۇ.

يۇقىرىقىلار توختىنىڭ خاراكتېر راۋاجىنىڭ ئۈچىنچى مەزگىلى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىچكى دراماتىزمى بىلەن روھىي توقۇنۇشىنىڭ يۇقىرى پەللىسى، ئەلەم ۋە خورلۇق ئىچىدە ئۆتكەن ھايات سەرگۈزەشتىسىنىڭ ئازابلىق يېشىمى بولۇپ، ئۇنىڭ خاراكتېرى دەل مۇشۇ دراماتىك پەللىدە تۈپ، ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشكە ئىگە بولىدۇ. ھايات ۋە ئادەملەرنى ئۆز قەلبىدەك پاك ۋە ساددا تەسەۋۋۇر قىلىپ كەلگەن توختى ئەمدى تۇرمۇش، كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ سىرلىق ۋە مۇرەككەپلىكىنى، ھەرقانداق ئىرادە ۋە ئەقىدىنى بېسىپ چۈشۈرۈشكە قادىر بولغان شىددەتلىك ئىچكى كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئادەتتىكى تىرىكچىلىك ئېڭى بىلەن ياشاپ كەلگەن ئۆزىدەك ئاددىي، بىچارە ئادەملەرنىڭ بۇ قايىنامدىن نىجاتلىق تاپالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە ھەممە ھايات ۋەسۋەسىلىرىگە نىسبەتەن نەپرەت ۋە بىزارلىق تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ، ھەممىنى يارىتىش، ھەممىگە ئېرىشىش ئىشەنچىسى بىلەن ياشاپ كەلگەن توختى بىردىن ھەممىنى بۇزغۇچى ۋە يېمىرگۈچى قارام ئىرادە ئىگىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ھېكايە ھاياتنى ئۆزىنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە خىلقەت يېزىسى دائىرىسىدە چۈشىنىشكە ئادەتلەنگەن ئاددىي ئادەملەرنىڭ ئۆزگىچە خاراكتېرلىرىنىڭ جىددىي توقۇنۇشى، مەنىۋى-ئەخلاقىي تىركىشىشى بىلەن باشلىنىپ، كىتابخان كۈتمىگەن ئېغىر تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. كىشى قەلبىنى ئېزىدىغان بۇ ئەلەملىك تراگېدىيە، يەنى مىللىي تۇرمۇشىمىزدىكى ئۇياتلىق ھادىسىلەر بىلەن ۋۇجۇدىمىزدىكى مەنىۋى چىرىكلىكلەرنى ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ ئۇزۇل-كېسىل ئېچىپ بېرىدىغان بۇ زور پاجىئە بىزنى بىردىن رېئال ھاياتقا، تاشقى ئالەمدىن خەۋەرسىز ھالدا تىنچ ئۇخلاۋاتقان ئاشۇنداق يېزىلارنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش بىرلىكىگە قايتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا بۇ ھاياتىي پاجىئەنى پەيدا قىلغان تۈپ ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تېخىمۇ چىن، تېخىمۇ ئومۇمىي ھالدا يارقىن گەۋدىلىنىدۇ: «بۇ يېزىدا ئەتىدىن كەچكىچە چوڭ يول ئۈستىدىكى ماگىزىنىنىڭ تېمىنى يۆلەپ ئولتۇرۇپ قۇرۇق پاراڭ بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان بىر نەچچەيلەن بار ئىدى. ئۇلار ئۈچۈن ئەتىيازدا يەرگە ئۇرۇق چېچىپ، كۈزدە ئورۇۋېلىشتىن باشقىسى ئىش ھېسابلانمايتتى. ئۇلار مۇشۇ مەھەللىدىن بوسۇغا ئاتلاپ چىقىپ يىراقلارغا بارمىغانلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتى. ئۇلار ئۈچۈن يەر يۈزىدە ئەڭ چىرايلىق يەر مۇشۇ يېزا، ئەڭ گۈزەل ئاسمانمۇ مۇشۇ مەھەللىنىڭ ئاسمىنى ئىدى. ئېلىم-سېتىم ئىشىنى ‹ئالدامچىلىق› دەپ قارايتتى. سىرتلارغا ئىش-ئوقەت ئىزدەپ چىقىشنى ‹قەلەندەرچىلىك› دەپ بىلىشەتتى. تامغا سۆركىشىپ ئولتۇرۇۋەرگەچكە ئەڭ ئاۋۋال چاپىنىنىڭ دۈمبىسى يىرتىلاتتى. خوشى تۇتقان بىرسىنىڭ گېزىت قەغىزىگە قوپال قىلىپ يۆگىگەن تاماكىسىنى ‹ئەكەلگىنە، بىر-ئىككى شورىۋالاي!› دېيىشىپ قولدىن-

قولغا ئېلىپ چېكىشەتتى. بەزىدە ئۇلار داق يەردىلا ئولتۇرۇشۇپ، ئالدىدىكى سېمىشكا شاكاللىرىنى پۈلۈۋېتىپ، ئۈچ بۆرجەك سىزىق سىزىپ بۆرە قاتار ئوينىشاتتى.» مانا بۇ ھېكايىدا تەسۋىرلەنگەن ھاياتىي پاجىئەنىڭ يىلتىزى، توختىنى ئۆمۈرلۈك ھەسرەتكە قويۇپ، گۈلشەننى ھاياتىدىن ئايرىغان قارام ۋە شەپقەتسىز تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ مەنىۋى ئاساسى، دېھقان تۇرمۇشىدىكى ھەممە پاجىئە ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ سەۋەبچىسى بولغان، ئەنئەنىۋى ئەقىدىچىلىك زېمىنىدە شەكىللىنىپ دېھقانچىلىق ئېڭى ۋە مەدەنىيىتى تەسىرىدە يېتىلگەن كونا ئەخلاق، كونا مۇناسىۋەتلەرنىڭ كىشىنى قىينايدىغان خۇنۇك كۆرۈنۈشى. قاچانكى دېھقان تۇرمۇشى زامانىۋى ئىگىلىك تۈزۈلمىسى باسقۇچىغا كىرمەي تۇرۇپ، جاھىللىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكنىڭ مەنىۋى ئاساسى بولغان ھەممە كونا ئەقىدە، كونا مۇناسىۋەتلەر ئورنىنى يېڭىچە كىشىلىك ئەخلاق فورمىلىرى بىلەن زامانىۋى ئاڭ ۋە مەدەنىيەت قارىشى ئىگىلىمەي تۇرۇپ، بۇنداق ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ بېسىم ۋە خورلۇقىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. ئاپتور ھېكايىسىدا مانا مۇشۇ ئومۇمىي تۇرمۇش ھەقىقىتىنى ئۆزىگە خاس ھايات چۈشەنچىسى بىلەن ئالاھىدە ئېتىقاد ۋە ئەقىدە كۈچىگە ئىگە بولغان بىر گۇرۇپپا پېرسوناژلارنىڭ مۇرەككەپ توقۇنۇشلىرىنىڭ ئوبرازلىق تەسۋىرى ئارقىلىق روشەن يورۇتۇپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ كىتابخان ئالدىغا دېھقان تۇرمۇشىنى، ئۇنىڭ مەنىۋى — ئەخلاقى مۇھىتىنى زامانىۋى ئاڭ، زامانىۋى مۇناسىۋەتلەر تەلىپى بويىچە ئۆزگەرتىپ ئىنساننىڭ قىممىتىنى، ئۇنىڭ ماددىي مەنىۋى مۇكەممەللىككە ئىنتىلىش قىزغىنلىقىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرەلەيدىغان ئىلغار ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش مەسىلىسىنى قويىدۇ. «بۇ چۈش ئەمەس» ھېكايىسىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مەنىۋى پەزىلىتى دەل مۇشۇ يەردە.

* * *

ھايات ئادەملەر بىلەن قىزىق، ئادەملەر خاراكتېر ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن قىزىقتۇر. ئەدەبىي ئەسەر ھايات ۋە ئادەملەر مۇناسىۋىتىنىڭ مەزمۇنىنى ئاشۇنداق قىزىقى بىلەن، ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى كىتابخاننى سۆيۈندۈرىدىغان ئۆزگىچە بەدىئىي رەڭدارلىق بىلەن يورۇتۇپ بەرگەندىلا، ئاندىن ئۇ مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئوبرازلىق سەنئەتكە ئايلىنالايدۇ. يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «ساراڭ» ناملىق ھېكايىسىنى رېئال تۇرمۇشىمىزنىڭ يېڭى، ئالاھىدە تەرەپلىرىنى ئەنە شۇنداق بەدىئىي رەڭدارلىق بىلەن، يەنى كىتابخاننى مەھلىيا قىلىدىغان سېھرىي سەنئەت ۋاستىسى بىلەن قىزىقارلىق قىلىپ ئېچىپ بەرگەن ھېكايىدۇر.

ھېكايىدا پىكىرىمۇ، مىجەز - خۇلقىمۇ، ھەرىكەت ۋە مۇناسىۋىتىمۇ ئۆزگىچە بولغان، چۈشىنىش تەس بولغان غەيرىي خاراكتېرى بىلەن كىشىگە يات ۋە غەلىتە تۇيۇلىدىغان ئالاھىدە بىر پېرسوناژنىڭ ئۆزگىچە بەدىئىي ئوبرازى تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇنىڭ پىكرى قالايمىقان، سۆزلىرى چېچىلاڭغۇ، ئوي - خىيالىدا تەرتىپ ۋە ئىزچىللىق يوق. ئۇنىڭ تىرىكچىلىك ئادەتلىرىمۇ خۇددى ئوي - پىكىرلىرىگە ئوخشاشلا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە غەلىتە. ئۇ تۇرمۇشتا ھەرقاچان باشقىلارنىڭ رايى ۋە ئىرادىسى بىلەن ياشايدۇ. ئىنساننىڭ شەخسىي تۇرمۇشتىكى تاللاش ۋە ئىختىيارلىق دېگەنلەر ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي يات. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئېيتقىنىدەك ئەقىل - ھوشىنى يوقاتقان ساراڭ ئەمەس. ئۇ ھەممىگە قىزىقىدىغان، ھەممىگە نەزەر سالىدىغان، ھەممە نەرسە ئۈستىدە ئويلايدىغان، لې-

كىن ھېچنەرسە ئۈستىدە ھۆكۈم ۋە كۆز قارىشىنى ئېيتمايدىغان ئەقىللىق ۋە ئاق كۆ-
ڭۈل ئادەم. ئاپتور ھېكايىسىدا جەمئىيەت تۇرمۇشى بىلەن كىشىلەر مۇناسىۋىتىنى ئەنە شۇ
ئادەمنىڭ ئۆزگىچە نەزەرى ۋە ئالاھىدە تەسىراتى بىلەن كۆزىتىپ، ئۇنىڭ پىكرى، ھە-
رىكىتى، تۇيغۇ ۋە تەسىراتى ئارقىلىق ھاياتنىڭ باي ۋە مۇرەككەپلىكىنى، ئادەملەر روھىي
دۇنياسىنىڭ سىرلىق ھېكمەتلىكلىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

مېھماندوس ۋە خۇش چاقچاق دۇكانچى سەمەتنىڭ كونا مەشىنىڭ ئۈلىدىن قىزىدىغان
قىيسىق بوتكىسى ھېكايە قەھرىمانىنىڭ ئۈلپەتلىرى بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان
دائىملىق سورۇنى. ئۇلار بۇ يەرگە يىغىلىپ بىر-ئىككى رومكىدىن ئىچكەچ كۆرگەن-
بىلگەنلىرى ئۈستىدە سۆزلىشىدۇ. ھاياتنىڭ ئۇلارنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىباتلىرى
ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇرىدۇ. كۈلكە-چاقچاقلار بىلەن كېچىلىرىنى خۇشۋاق ئۆتكۈزىدۇ.
بۇ يەر قەھرىمانىمىزنىڭ نەزەرىدە ھەرقانداق تىرىكچىلىك تەشۋىشلىرىدىن خالى بولغان
تىنچ ۋە خاتىرجەم بىر دۇنيا، ئانا قۇچىقىدەك ئىللىق ۋە مېھرىبان خاسىيەتلىك ئالەم.
ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردىن ئەزىز ۋە قەدىرلىك ھېچنەرسە يوق. چۈنكى ھاياتنىڭ پەيزى
ۋە قىزىقىمۇ، ئادەملەرنىڭ پاك ۋە سەممىيلىكىمۇ، تىرىكچىلىكنىڭ مەنە ۋە ھېكمىتىمۇ مۇ-
شۇ بوتكىغا يىغىلغان. ئىلاھىم، ئۇ مۇشۇ خىسلەتلىك ماكاندىن ئۆمۈر بويى ئايرىلمىسۇن!
لېكىن تۇرمۇشتا نەدىمۇ مۇنداق ئاسان ئىش بولسۇن؟ تۇرمۇش يولىدىكى ئەھمىيەتسىزكى-
چىككىنە بىر ۋەقە ياكى كۈتۈلمىگەن بىر ئەرزىمەس تاسادىپىيلىق ھەرقانداق ئىشەنچ ۋە
ئارزۇنى بىردەمدىلا ئەلەملىك قۇرۇق خىيالغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. دېگەندەك
ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، بىر جۇدۇنلۇق كېچىدە سەمەتباينىڭ دۇكىنىغا تۇيۇقسىز كىرىپ
كەلگەن بىر ناتونۇش خېرىدار بىلەن قەھرىمانىمىزنىڭ بۇ شېرىن ئارزۇلىرى يوققا چىقىدۇ.
ئۇنىڭ دۇكاندا ئۇنتۇلۇپ قالغان پۇل قاچىلانغان كونا پوپكىسى قەھرىمانىمىزنىڭ يېڭى
ھايات سەرگۈزەشتىسىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، ئۇنى ئۆزى تېخى تەسەۋۋۇر قىلىپ يەتمىگەن
رېئال دۇنيا بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، ئۆزى كۈتمىگەن خىلمۇخىل سىرلىق ئادەملەربىلەن
باغلايدۇ.

مانا قىزارغان مەشىنىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغىنىچە گەۋدىسىنى ئوتقا قاقلاۋاتقان
ناتونۇش خېرىدار. ئۇنىڭ مىجەزىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇشىمۇ، گەپ-سۆزلىرىمۇ شۇنچىلىك جا-
يىدا، يېڭى تونۇشلىرىدىن ھېچقانداق ھېيىقماي قۇلاقچىسىنىڭ تۆپىسىگە يېنىككىنە چې-
كىپ تۇرۇپ، سوزۇپ ناخشا ئېيتىپ كېتىشلىرىمۇ ئاجايىپ، ھەقىقەتەن كەم تېپىلىدىغان
ئۈلپەت! لېكىن قىزىقى شۇكى، بۇ يېڭى ئۈلپەتكە شۇنچىلىك قىزغىن ئەقىدە باغلاپ تۇر-
غان قەھرىمانىمىز ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا دەل ئاشۇ ئۈلپەتنىڭ چېقىمى بىلەن ئوغرى-
لىقتا ئەيىبلىنىپ قولغا ئېلىنىدۇ. مەلۇم بولىدۇكى، ھېلىقى خېرىدار ئەسلىدە قەھرىمانىمىز-
نىڭ ئويلىغىنىدەك كەم تېپىلىدىغان سەممىي ئۈلپەت بولماستىن، ئەكسىچە تەۋكادىن
بېرى كەلمەيدىغان كونا قىمارۋاز، پۇل ئۈچۈن ھەرقانداق قاراملىق ۋە تەۋەككۈلچىلىكتىن
قايتمايدىغان ئۇياتسىز ئادەم بولۇپ چىقىدۇ.

مانا باشقىلارنىڭ شەخسىيىتىنى ئەنئەنىۋى قائىدە-يوسۇنلار بىلەن بېسىپ، ئۆز قە-
دىر قىممىتىنى قانۇن بىلەن قوغداشقا ئادەتلەنگەن ۋىجىك ساقچى. ئۇ قەھرىمانىمىز-
نىڭ ھېلىقى تەلۋە خېرىداردىن كۆرگەن خورلۇقىنى «ساراڭغا سوت يوق» دەپ سۈرۈش-
تۈرمەي ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇ خېلىدىن بۇيان ساراڭ ئاتىلىپ

كەلگەن، مۇشۇنداق ئەقىدىنىڭ كۈچى بىلەن ئۆزىگە تاسادىپ تېگىشىپ ئۆتكەن قەھرى-
مانىمىزلى بولسا يەتكىنىچە ساۋاپ، تۆرمىگە تاشلايدۇ. قەھرىمانىمىز ئازاب ئىچىدە ئويى-
لايدۇ: دېمەك، ھايات ئۇ ئويلىغاندەك ئاددىي، ئۇنداق پاك بولمايدىكەن. ئۇنىڭدا ھەممە
نەرسىنى ئۆز شەخسىيىتى دائىرىسىدە ئويلايدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە ئۆز
تۇرمۇش ھالىتىنىڭ دەخلىسىزلىكى تۈيغۇسىدىن پەيدا بولغان بىرمۇنچە غەلىتى قائىدىلەر
بولىدىكەن. بۇ قائىدىلەر پەقەت بىزنىڭ قەھرىمانىمىزدەك ئاق كۆڭۈل، ساددا ئادەملەر
ئۈچۈنلا مۇئەييەن تەسىر كۈچىگە ئىگە بولغان ھاياتى مىزان بولۇپ، ئۇنى ئويلاپ
چىقارغۇچىلار بولسا ھامان بۇنداق چەكلىمىنىڭ سىرتىدا بولىدىكەن. ئەپسۇس، بىزنىڭ
قەھرىمانىمىز مۇشۇنداق بىر ئاددىي ھەقىقەتنى ھازىرغىچە چۈشەنمەي، كىشىلەر تەرىپە-
دىن تۇرغۇزۇلغان غەلىتە قائىدىلەرنىڭ چەكلىمىسى ئىچىدە ياشاپ، ئۆزىنى بىكاردىن بى-
كار قىيناپ كەپتۇ.

ئەگەر بىر كىشىنىڭ نەپسانىيىتى ئۇنىڭ تىرىكچىلىكىنىڭ بىر-بىردىن بىر مىزانى
بولىدىكەن، تۇرمۇشتا ئۇنىڭغا چۈشمەيدىغان ھېچنەرسە بولمايدۇ. ئۇ شۇ مىزانىنىڭ كۈچى
ۋە خاسىيىتى بىلەن ئۆزى كۈتكەن ھەممە نەرسىگە ئېرىشەلەيدۇ: «سومكىدىكى ئۇنىڭ
پۇلىمىدى، ھەممىسى خەقنى قاقشىتىپ ئۇتۇۋالغان پۇللار بولۇۋالغان بىلەن ئوخشاش، خۇدا
ئۇنىڭغا بۇيرۇمىغاچ، ماڭا ئۇچراشتۇرغان.» مانا، بۇ قەھرىمانىمىز پاك ۋە ھالاللىقىنىڭ كەم
تېپىلىدىغان ئۈلگىسى بىلىپ ئىززەت قىلىپ كەلگەن ياۋاش ۋە ئاقكۆڭۈل دۇكاندار سەمەتباينىڭ
ھەقىقىي ھايات مەنتىقىسى، ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيادا ھارام نەرسە يوق، تەقدىر ئۇنىڭغا
بۇيرۇغان ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئۈچۈن ھالال. پەقەت بىرلا شەرت، شۇ نەرسە ئۇنىڭ
قولىغا كىرسە، ئۇنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتسىلا بولىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھېلىقى قىمارۋاز
نىڭ دۇكاندا ئۇنتۇلۇپ كەتكەن پۇلىنى ھېچقانداق ھېيىقماي ئۆزىنىڭ قىلىۋالايدۇ
ئۇنىڭ بىلەن دۇكىنىنى يىغىشلاپ قالغىنى بىلەن قەھرىمانىمىزنى تارتۇقلاشتىن ئەيمەنمەيدۇ.
قەھرىمانىمىز بۇ ئىشتىن تاڭ قېلىپ ياقىسىنى تۇتىدۇ: تـوۋا، تېخى تۈنۈگۈنلا ئىنساپ-
دىيانەت دېگەنلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي كەلگەن بىر مۆمىن بەندە، بۈگۈن بىردىن
ئۆزگىرىپ، ھارامنى ئامەت بىلىدىغان، نەپسانىيەتتى تاتقان ھەرقانداق نەرسىدىن قايتماي-
دىغان نومۇسسىز ئادەمگە ئايلىنىپ قالسا-ھە! ئادەملەر نېمە بولۇپ كەتكەن زادى؟
لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي قەھرىمانىمىزنىڭ كۆز ئالدىدا پاكلىق ۋە ھالاللىقنىڭ ئۆزى ھازىرغىچە
تەسەۋۋۇر قىلىپ يەتمىگەن ئاجايىپ بىر يارقىن ئوبرازى قەد كۆتۈرىدۇ. ئۇنىڭ قوشنىسى، پۇلغا
ھەرقانداق ئادەمگە قارىغاندىمۇ ئېھتىياجلىق بولغان بىر بېقىمسىز تۇل خوتۇن قەھرىمان-
مىزنىڭ سەدىقە ھېسابىدا ئىشىكىگە تاشلاپ كەتكەن پۇلىنى تېگىشلىك ئورۇنغا تاپشۇرۇپ
بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب ئىنسانىي پەزىلىتىنى نامايان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەھرىمانىمىزنىڭ
ئېڭىدا كىشىلەر توغرىسىدا يەنە يېڭى بىر چۈشەنچە پەيدا بولىدۇ. دېمەك، ھاياتتا ۋۇجۇدى
بۇلغانمىغان پاك ئادەملەر يەنىلا كۆپ ئىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىزگۈنىيىتى، سېزىلمەي-
دىغان ئاددىي ھەرىكىتى، ئەقىدە ۋە ئېتىقادى بىلەن تۇرمۇشقا ئۆزلۈكسىز يېڭى مەنە، يې-
ڭى روھ قوشۇپ تۇرىدىكەن. گەرچە بۇ ئادەملەر تۇرمۇشتا ئاسان نەزەرگە ئېلىنمايدىغان،
ھاياتى ئورنى تۆۋەن كىشىلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار روھىي تەرەپتىكى بايلىقى، ئەخلاقىي

پاكلىق ۋە ئىنسانىي قىممىتى بىلەن ھامان قەھرىمانىمىز يولۇققۇرغان ھېلىقى كىشىلەردىن يۇكسەك تۇرىدىكەن.

قەھرىمانىمىزنىڭ يۇقىرىقى بىر قاتار ھايات سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن ئۇنىڭ رېئال مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدىكى ئوي - خىياللىرى شۇنچىلىك تېپىك ۋە ھاياتى بولۇپ، ئۇ كىتابخانغا تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنى بىلەن كىشىلەر خاراكتېرىنىڭ ماھىيىتىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونىتىدۇ. ھايات ۋە ئادەملەر قەلبىنىڭ بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدەك ئۇنداق ئاددىي ئەمەسلىكىنى، ھەر خىل زىددىيەتلىك ھادىسىلەر بىلەن تولۇپ تاشقانلىقىنى، ئىنسان ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان بىر سىرلىق ئىچكى كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى جانلىق ۋە ئوبرازلىق ئېچىپ بېرىدۇ.

* * *

كىتابخان بىرەر ئەدەبىي ئەسەردىن زوقلىنىش، ئۇ ھەققە ئويلاش ۋە پىكىر قىلىش، ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش مەنزىرىلىرى مىسالىدا بىر پۈتۈن جەمئىيەت رېئاللىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئۈچۈن ئۇ ئەسەرنى تولۇق ئوقۇپ چىقىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇ ئەسەر كىتابخاننى قىزىقتۇرۇشى، ئۆزىنىڭ بەدىئىي سېھرى كۈچى بىلەن ئۇنى مەپتۇن قىلىشى لازىم. پەقەت شۇ چاغدىلا كىتابخان ئۇ ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن مۇرەككەپ ھاياتنىڭ سىرلىق كۆرۈنۈشلىرى ئىچىگە ئىختىيارسىز ھالدا تەبىئىي كىرىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەسەر ئۇنىڭ قەلبىدە مۇئەييەن ئەقلى ۋە ئىستېتىك قىممەت تاپىدۇ. «بۇ چۈش ئەمەس»، «ساراڭ» ھېكايىلىرى ئەنە شۇنداق بەدىئىي پەزىلەتكە ئىگە بولغان ئىجادىي ھېكايىلاردۇر. بۇ ھېكايىلار مەزمۇنىنىڭ يېڭى ۋە ئىجادىيلىقى، شەكلىنىڭ جانلىق ۋە ھاياتىيلىقى، بەدىئىي ئىپادە قىلىش ۋاسىتىلىرىنىڭ باي ۋە خىلمۇ خىللىقى، ئەكس ئەتتۈرگەن تۇرمۇش مەنزىرىلىرىنىڭ تېپىك ۋە رەڭدارلىقى بىلەن ھەرقانداق كىتابخاننى ئۆزىگە تارتىدۇ.

بىز بۇ ھېكايىلارنى ئوقۇپ چىقىپ شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىزكى، ئۇلار بىرىدىن كەسكىن پەرق قىلىدىغان روشەن بەدىئىي ئالاھىدىلىككىمۇ، ئاپتورنىڭ ئىجادىي خاسلىقى بىلەن ئەدەبىي ئىزدىنىشتىكى ئومۇمىيلىقىدىن پەيدا بولغان بەدىئىي ئورتاقلىققىمۇ ئىگە. بۇ ھېكايىلارنىڭ ئىككىسىلا ئەخلاقىي پاكلىق تۇيغۇسى بىلەن مەنىۋى يۇكسەكلىكنىڭ تەلىپىنى ئۆزلىرىنىڭ ئومۇمىي بەدىئىي مەزمۇنى قىلىدۇ. لېكىن «بۇ چۈش ئەمەس» دە جەمئىيەت ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغان مۇھىم بىر ئىجتىمائىي مەسىلە كۆتۈرۈلگەن بولسا، «ساراڭ» دا كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئومۇمىي مەنتىقىسى يورۇتۇلۇپ، ھاياتنىڭ مۇرەككەپ ۋە سىرلىقلىقى ئېچىپ بېرىلىدۇ. ئىككىلا ھېكايىدا رېئال تۇرمۇشىمىزنىڭ مۇئەييەن بىر مەزگىلىنىڭ ئورتاق ۋەقە، ھادىسىلىرى بىلەن دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى قىياپىتى، ئۇلارنىڭ يېڭى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر مۇھىتىدىكى ئاڭ ۋە چۈشەنچىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. لېكىن «بۇ چۈش ئەمەس» دە تېماتىك مەزمۇن ئىدىيىۋى خاراكتېر يېقىدىن تۈپتىن پەرق قىلىدىغان، ئەقىدە ۋە ئېتىقادتا زادى كېلىشەلمەيدىغان، تۇرمۇشتا بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ ھېچقانداق ئىمكانىيىتى بولمىغان بىر توپ كىشىلەرنىڭ جىددىي توقۇنۇشى، باش قەھرىمان پائالىيىتىنى چۆرىدىگەن ھالدىكى كەسكىن ئېلىشىش، ئۇلارنىڭ زىددىيەتلەر ئىزچىللىقى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بىر پۈتۈن ھەرىكىتى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلسە، «ساراڭ»

دا ئىدىيىۋى خاراكتېرى دېگەندەك ئېنىق بولمىغان، شەخسىي تۇرمۇشنىڭ مەزمۇن، ماھىيىتىنى دەرھال چۈشىنىش تەس بولغان بىر گۇرۇپپا غەلىتى ئادەملەرنىڭ ئىزچىللىقى بولمىغان زىددىيەتلىك مۇناسىۋەتلىرى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تەرتىپىگە ئىگە بولمىغان ئايرىم، ئالاھىدە پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ. «بۇ چۈش ئەمەس» تە پېرسوناژلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسى، ئۇلارنىڭ ھايات ۋە ئادەملەر ھەققىدىكى پىكىر ۋە چۈشەنچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىگە مۇناسىپ بولغان جىددىيلىك، كەسكىنلىك، جاھىللىق ۋە قاراملىق ئىچىدە ئايان بولسا، «ساراڭ» دا كەڭلىك ۋە ئازادلىك ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئەلەملىك كۈلكە ۋە ئاچچىق مەسخىرە زېمىنىدە ئايان بولىدۇ. «بۇ چۈش ئەمەس» تە ھېكايە ۋەقەلىكى بىلەن زىددىيەتلەر تەرەققىياتى باش قەھرىمان خاراكتېرىنىڭ سىمۋوللۇق ئىپادىسى بولغان ئوتنى، يەنى كىشىلەر ئېڭىدا ۋەھىمە ۋە جىددىيلىك پەيدا قىلىدىغان كىچىلىك يانغىننى چۆرىدىگەن ھالدا راۋاجلىنىدۇ. بۇ ئوت ھېكايە قەھرىمانى توختەكىنىڭ ئادالەتسىز ھايات ئۈستىدىكى غەزەپلىك ئىنسانىي، كونا دۇنيانىڭ قالدۇق ئەقىدىلىرى ئۈستىدىكى ھەسرەتلىك چۇقانى بولۇپ، ئۇ ھېكايىدىكى ھەممە بەدىئىي بۆلەكلەرنى، زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ ئۇلارنى باش قەھرىماننىڭ ئىرادە ۋە ئارزۇسى بويىچە يېتەكلەيدۇ. «ساراڭ» دا بولسا قەھرىمان خاراكتېرى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئەسەرنىڭ بەدىئىي راۋاجىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بىرەر سىمۋوللۇق ئىپادە كۆرۈنمەيدۇ. ئۇنىڭدا ھەممە نەرسە بەكمۇ ئادەتتىكىچە بولغان بىر ۋەقەدىن، يەنى ناتونۇش بىر خېرىدارنىڭ ئۇنتۇلۇپ كەتكەن پوپكىسىدىن باشلىنىدۇ. بۇ پوپكا ھېكايە پېرسوناژلىرىنى ھەر خىل كويلارغا سېلىپ، ئۇلارنى ۋىجدان، نومۇس تارازىلىرىدا تارتىپ، ھەرخىل تاسادىپ سورۇنلاردا ئۇچراشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆز روھىي دۇنياسىنى ئاشكارىلاشنىڭ كەڭ ۋە ئەركىن زېمىنىگە ئىگە قىلىدۇ. لېكىن بۇ ھادىسىلا كۆپىنچە قەھرىمان ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ھالدا، ئايرىم، يەككە ۋە تاسادىپ ھالدا يۈز بېرىدۇ.

بۇ ھېكايىلاردا ئاپتور ئوخشاشلا يېڭى، ئىجادىي تۇرمۇش مەنزىلىرىنى شۇنىڭغا مۇناسىپ بولغان يېڭى ۋە جانلىق بەدىئىي شەكىللەردە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. لېكىن بۇ ھېكايىلارنىڭ ھەربىرى ئۆز مەزمۇنىغا مۇناسىپ بولغان بەدىئىي قۇرۇلمىغا، پېرسوناژلار پائالىيىتىنىڭ بىرلىكى ۋە ئىزچىللىقى تەلىپىگە ماس بولغان مۇقىم ئىچكى تۈزۈلۈشكە ئىگە بولىدۇ. شۇنداقلا بۇ ھېكايىلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب ۋە ئىجادىي ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا ئوخشاشلا ئاپتورنىڭ ئىنسان خاراكتېرى ئۈستىدىكى بەدىئىي ئىزدىنىشىگە چوڭقۇر سىڭىشكەن شەخسىيەت ۋە ئىندىۋىدۇاللىقى روشەن ئەكس ئېتىدۇ. قىسقىسى، بۇ ھېكايىلار ئاپتورنىڭ بەدىئىي غايىسىنى، تۇرمۇش بىلىمىنى، بەدىئىي دىت ۋە بەدىئىي ماھارىتىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئوبراز يارىتىشتىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىشەنچ بىلەن ئېيتىش مۇمكىنكى، بۇ ھېكايىلار يالغۇز مەتتىمىن ھوشۇر ئىجادىيىتىنىڭلا ئەمەس، بەلكى يېڭى تەرەققىيات دەۋرى پروزىمىزنىڭمۇ كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان بىر ئۇتۇقى ھېسابلىنىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# تەرمە گۈللەر

يارمۇھەممەت تاھىر

## ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

«ئەگەر بىز خەلقنى ئىلىم - مەرىپەتلىك قىلىشتا ھەممە ۋاستىلەردىن ئەڭ كۈچلۈكى ئەدەبىيات دېسەك، ھەممىنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئەدەبىياتنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقى ئېنىق ۋە روشەن بولىدۇ. ئەدەبىياتى يوق خەلق نادان ۋە جاھىل كېلىدۇ. ئەدەبىيات قانچىلىك كۆچىيىپ كامالەتكە يەتسە ياكى يۇقىرىدا ئېيتقاندەك قانچىلىك راۋاجلىنىپ بارسا، خەلقمۇ شۇنچىلىك ئاڭلىق بولىدۇ».

چېرنىشېۋسكىنىڭ يۇقىرىقى سۆزىدە بىز دائىم تىلغا ئالىدىغان ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رولى ناھايىتى مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن. شۇنىسى تولىمۇ خاراكتېرلىككى، ئۇنىڭدا ئەدەبىياتنىڭ خەلقنى مەنىۋى جەھەتتە ئاڭلىق قىلىشتىكى رولىنى پەقەت ئەدەبىياتنى كامالەتكە يەتكۈزۈش ئارقىلىقلا جارى قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. روشەنكى، ھازىرقى دۇنيا — ئىلىم - پەن دۇنياسى، تەرەققىيات باسقۇچىدىن ئېيتقاندا ئېلېكترون دەۋرى، شۇنداقلا يېڭىنى يارىتىش، ئىزدىنىش دۇنياسى. بىراق شۇنى ئېتىراپ قىلىش لازىمكى، خەلقىمىز تېخىچە نادانلىق چاڭگىلىدا. ئۆزىمىز سوتسىيالىزم دەۋرىدە ياشاۋاتقان بولساقمۇ، بويىنىمىزدا يەنىلا فېئوداللىزمنىڭ بويۇنتۇرۇقى. باشقىلار كەلگۈسى ھايات ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتسا، بىز ئۆلۈم ۋەسۋەسىسى بىلەن ئاخىرەتنىڭ خىيالىدا. باشقىلار ئاللىبۇرۇن بېسىپ بولغان يول بىلەن چاڭ - توزانلار ئىچىدە كېتىپ بېرىپمۇ، تېنەپ - تەمتىرەپ ئالدىمىزغا بىرقەدەم ئالساق، كەينىمىزگە ئىككى قەدەم يېنىۋاتىمىز. بۇ ھال خەلقىمىزنىڭ ھايات قانۇنىيىتىنى چۈشىنىشى، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى چۈشىنىشى تولىمۇ كەمچىل ئىكەنلىكىنى، كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئۈمىدۋارلىقىنىڭ، ئىلىم - مەرىپەت ۋە بىلىش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدىغان بەخت - سائادەتكە قارىتا تونۇشىنىڭ تۆۋەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش، دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ كۈرەشتىكى تەڭداشسىز كۈچ - قۇدرىتىنى تونۇشىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. پارتىيىمىز پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى زامانىۋىلىشىشقا، دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلىنىشكە چاقىردى. دۆلىتىمىز يۈرگۈزۈۋاتقان ئىسلاھات يالغۇز زامانىۋى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ، ماددىي مەھسۇلاتلارنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق ساھەلەردە ئىدىيە ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىمۇ مەقسەت قىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئاڭ فورمىسى ھېسابلانغان ئەدەبىياتىمۇ ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشى، ئىسلاھاتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، ئۈچكە يۈزلىنىشنىڭ ئۇلۇغ قايىنىمىدا دولقۇنلار يېرىپ يول باشلاشتىن ئىبارەت ھاياتىي مەجبۇرىيىتىنى ئورۇندىشى لازىم. دەرۋەقە، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كۆپ ئىزدىنىش ۋە بىر قەدەر چوڭقۇرلىشىش

بىلەن مەلۇم جەھەتتىن كۆتۈرۈلۈش باسقۇچىغا كىرگەن بولسىمۇ، بىراق دەۋرنىڭ تەقەززاسى ۋە خەلقنىڭ ئۈمىدىدىن خېلىلا يىراق. بۇ خىل ئەھۋال ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن ھەقىقىي ھاياتىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلققە ھەقىقىي ھايات يولىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلماقتا.

## ئەدەبىيات سايە ئەمەس، مەشئەل

تارىختىن بۇيان ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيەتتە مەدەنىيەت ھامىيسى بولغانلىقى بىلەن خېلى قەدىرلىك ئورۇنغا مۇناسىپ بولۇپ كەلدى. چۈنكى ئەدەبىيات - سەنئەتچى ھېسسىياتقا باي، تەسەۋۋۇرى كەڭ ۋە كۈچلۈك، جەمئىيەتنى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش ھەقىقىتىنى چۈشىنىش ئىقتىدارى بىر قەدەر يۇقىرى، غايىۋى تۇرمۇش ئارزۇسى نىسبەتەن چوڭقۇر بولغانلىقى بىلەن ئادەتتىكى جەمئىيەت ئەزالىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان قىممەتلىك ئەسەرلىرى كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا تەسىر قىلىپ، ئۇلاردا يېڭى ھايات ئىستىكى قوزغايدۇ. ئۇلار ياراتقان تۈرلۈك ئوبرازلار كىشىلەرگە ھايات يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەكسىيەتچى سىنىپلار ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ كۈچلۈك قوزغىتىش ۋە يېتەكلەش رولى بولغانلىقى سەۋەبلىك ئىلغار ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرگە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ كېلىشتى. ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم قانۇنىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ رېئال تۇرمۇشتىن بىر دەرىجە ئۈستۈن تۇرىدۇ. رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىر دۇنيا بولسا، ئەدەبىيات ئەكس ئەتتۈرگەن تۇرمۇش بەدىئىي دۇنيا بولۇپ، ئۇ، ئەسلى تۇرمۇشتىن ئوبرازچانلىقى، تىپىكلىكى، غايىۋىلىكى، ھېسسىلىقى، كونكرېتلىقى، جانلىقلىقى، ئىجادىيلىقى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئەدەبىيات ھېسسىيات بىلەن تەسىرلەندۈرىدۇ، غايە بىلەن ئۈمىدلەندۈرىدۇ، ئوبراز بىلەن يېتەكلەيدۇ، قانۇنىيەت بىلەن تۇرمۇش ھەقىقىتىنى ئۆگىتىدۇ، ئىجادچانلىق بىلەن يېڭى تۇرمۇش مەنزىرىسى كەشىپ قىلىدۇ. تارىخقا نەزەر سالىدىغان بولساق، جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ باشلامچىلىق بىلەن تارىخىي رول ئويناپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

XVII ئەسىر مەرىپەتچىلىك ئەدەبىياتىدىن باشلانغان ئىلغار ئىدىيىۋى ئېقىم دۇنيادا زور تارىخىي بۇرۇلۇش ياسىغان بۇرژۇئا ئىنقىلابىي قايناملىرىدا تېخىمۇ تاۋلىنىپ، رومانتىزم ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈردى. بۇ تارىخىي ئېقىم كاپىتالىزم دۇنياسىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پىشاكلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى ئۆلغىيىۋاتقان پرولېتارىيات ئىنقىلابىنى ماركسىزمغا ئۇلاشتۇردى. ماركسىزمنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئېزىلگۈچى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىدىيە تارىخىدىكى يېڭى بىر باشلىنىش بولدى. ماركسىزم پۈتۈن دۇنيا ئەمگەكچىلىرىگە كۈرەش نىشانىنى ۋە سوتسىيالىزم - كوممۇنىزم تۇغىنى تىكلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن پرولېتارىيات ئىنقىلابىنى يېتەكلەيدىغان ئەدەبىيات - سەنئەتمۇ تارىخىي يوسۇندا مەيدانغا كەلدى. يېۋگېنى پوتىيېر (1816 — 1887) نىڭ «ئىنتېرناتسىئونال» شېئىرى پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ چېرىغىنى ياندۇردى. پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ يازغۇچىسى گوركى «ئانا» رومانى ئارقىلىق تۇنجى پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ قەھرىمان

ئوبرازىنى ياراتتى. گوركى كىچىك ئۇچقۇندىن پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ نۇرلۇق يالقۇنىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى قولغا كەلتۈردى.

«4 - ماي» دىن كېيىنكى جۇڭگو يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىدە لۇشۈن باشچىلىقىدىكى ئىلغار دېموكراتىك يازغۇچى - شائىرلار يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ غەلىبىسى ۋە دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن مۆلچەرلىگۈسىز رول ئوينىغانلىقى كۆز ئالدىمىزدىن نېرى ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كەلسەك، يالقۇنلۇق شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق مەدەنىيەت ئاشنالىرى ئۆزىنىڭ كۈرەشچانلىق روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان جەڭگىۋار ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىدە ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە نىسبەتەن كۈرەش ئوتىنى تۇتاشتۇرغان، مەدەنىيەت نۇقتىسىنەزەرىدىن ئالغاندا، يېڭى مەدەنىيەتكە بولغان روھىي قىزغىنلىقىنى ئۇلغايتقاندى.

دېمەك، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ كۈرەش تارىخىدا، مەدەنىيەت تارىخىدا ئوينىغان رولى مۆلچەرلىگۈسىز ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە بولغان. ئۇ گويا بىر مەشئەل سۈپىتىدە ئىنسانىيەتنى يېتەكلەش يولىدا، كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر دۇنياسىنى بېيىتىش يولىدا ماياك بولۇپ خىزمەت قىلدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولىمۇ كىشىلەرنى تەربىيىلەش، كىشىلەرگە يول باشلاش، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

بىز ھازىر XX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشاۋاتىمىز. دۇنيا بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىنمۇ ئۈستۈن دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ خەلقىمىز بۈگۈنكى دەۋردە ياشاۋېتىپمۇ تۈنۈگۈننىڭ خىيالى، تۈنۈگۈننىڭ سەۋىيىسى ۋە چۈشەنچىسى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرمەكتە. بۇ ھال ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۈستىگە تېخىمۇ ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئارتتى. بىز خەلقىمىزنى تۈنۈگۈندىن بۈگۈنگە، بۈگۈندىن ئەتىگە يېتەكلىشىمىز زۆرۈر. گوركى ئېيتقاندەك، ئەدەبىيات - سەنئەت دەۋرنىڭ كۆزى، قۇلىقى ۋە ئاۋازى. ئەدەبىيات - سەنئەتچى دەۋرنىڭ پەرزەنتى. شۇڭا تەسەۋۋۇرىمىزدىن بىنا بولغان بەدىئىي ئەينەك جاھاننامىگە ئوخشاش دۇنياغا، كەلگۈسىگە قارىتىلىشى لازىم. خەلقىنىڭ سادىسىغا قۇلاق سېلىشىمىز، خەلقنىڭ ئاۋازىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشىمىز كېرەك. تۇرمۇشتا نېمىلەر يېڭىلىنىۋاتىدۇ، نېمىلەر خەلق ئېھتىياجىدىن قېلىۋاتىدۇ، نېمىلەر خەلق تۇرمۇشىدا ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇۋاتىدۇ؟ بۇ تەرەپلەرنى چوڭقۇر كۆزىتىپ، ھاياتنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتىگە ئاساسەن يېڭى - يېڭى تۇرمۇش ھەقىقىتىنى يورۇتۇپ بېرىشىمىز، خەلققە ئۈمىد، ئىشەنچ ئاتا قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ روھىغا گۈزەللىك تۇيغۇسى، جىسمانىيىتىگە كۈچ - قۇدرەت بېغىشلايدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يارىتىشىمىز لازىم.

## تەڭگە ئوڭ يانچۇقتىن ئېلىنىپ، سول يانچۇققا سېلىنىش بىلەن زەرگە ئايلانمايدۇ

يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويغىنىمىزدەك، ئەدەبىيات - سەنئەت دەۋرنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن سىلىجىشى ئۈچۈن مۇھىم بىر ۋاسىتە، سەنئەتكار بۇ ۋاسىتىنىڭ ئىجراچىسى. ئۇنداق ئىكەن، ئەدەبىياتىمىزدا فورما بولۇپ كېلىۋاتقان «رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش» كۆزپايە

قىلمايدۇ. ئەگەر ئەكس ئەتتۈرۈش ئەينەكتە ئەكس ئەتكەندەك كۆرسىتىش، سۈرەتلەش
ياكى ھېكايە قىلىپ بېرىش دەپ چۈشىنىلسە، ئۇ ھالدا بۇ خىل چۈشەنچە ئەدەبىيات -
سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس. ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رولى
ئۆزىنى ئۆزى ئارقىلىق ئىزاھلاش بىلەن چەكلەنسە، ئىككى سەككىز ئون ئالتە بولۇپ
قالىدۇ - دە، ئەدەبىياتنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولمايدۇ. شۇڭا
ئەدەبىياتنىڭ ئالدىدىكى مۇھىم ۋەزىپە ئەڭ ئاۋۋال نېمىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە ئۇنى
قانداق ئەكس ئەتتۈرۈشنى بىلىۋېلىشتىن ئىبارەت. بەزى ئەدەبىي ھەۋەسكارلار «ۋەدقەلىك
تاپالمىدۇق»، «ئىلھام كەلمىدى»، «تېما يوق» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلىشىدۇ، بۇ
گەپ جىمىدا توختىمايدۇ. چۈنكى ھايات ۋە تۇرمۇش ھادىسە بىلەن تولغان. گەپ شۇ
ھادىسىلەر ئىچىدىن ماھىيەتلىك ھادىسىنى بايقاپ بىلىش - بىلمەسلىكتە. بۇ يەردە يەنە
بىر سەۋەبمۇ بار. بىر مەزگىل ھەر خىل بېسىملار رېئالىزمدىن ئىبارەت ئىلغار ئىجادىيەت
ئۇسۇلىنى فورمىلالاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ پۈت - قولىنى چۈشەپ قويدى. ئەمەلىيەتتە بىز رېئا-
لىزم ۋە رومانتىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ ئۆلۈك نەرسە ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ جەمئى-
يەتنىڭ تەرەققىياتىغا، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئېڭىنىڭ ئۆسۈپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ئۆزىنى
بېيىتىپ بارىدىغانلىقىنى چۈشىنىشىمىز ھەمدە رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى ھايات-
تەك، تۇرمۇشتەك چەكسىز تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە قىلىشىمىز لازىم. شۇندىلا بىز
ئىجاد قىلالايمىز، يارىتالايمىز ھەم ھەقىقىي ماھىيەتنى تاپالايمىز. ماھىيەت دېگەندە شەي-
ئىلەرنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتىنى كۆزدە تۇتىمىز. ساپ ۋە نوقۇل ماھىيەتنى كۆرگىلى
بولمايدۇ، ھەر قانداق ماھىيەت كونكرېتنى ھېسسىي شەكىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، ماھىيەت
ھادىسىدىن ئايرىلمايدۇ. ماھىيەت ئاددىي ۋە ئابستراكتنى، ھادىسە مۇرەككەپ، باي ۋە
كونكرېتنى بولىدۇ. ماھىيەت ئاشۇ خىلمۇ خىل مۇرەككەپ ھادىسىلەر ئىچىگە يوشۇرۇنغان
بولىدۇ. فادىيېۋ: «سەنئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئۆزىنى كۆرۈش ئارقىلىق قانۇنىيەت ئېچىپ
بېرىلىدۇ. ئايرىمىلىقىنى كۆرۈش ئارقىلىق ئومۇملۇق ئېچىپ بېرىلىدۇ، قىسمەنلىكىنى
كۆرۈش ئارقىلىق پۈتۈنلۈك ئېچىپ بېرىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن رېئاللىقىنى، گويا تۇرمۇشنىڭ
خىيالى مەنزىرىسىنى ياراتقاندەك بولىدۇ» دەيدۇ. دېمەك، رېئال تۇرمۇش يازغۇچى ئۇ-
چۈن خۇددى يەر شارىدىكى رۇدىلارغا ئوخشاش بىر بايلىق. شۇنىسى باركى، يەر ئاستى-
دىن قېزىۋېلىنغان مەدەنلەر بىز تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئۇنچە ساپ بولمايدۇ. ئۇنى زور
دەرىجىدە پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئاندىن زەرگە ئايلاندۇرىدۇ. ئەدەبىياتمۇ چەكسىز تۇرمۇش
بايلىقىنى، ئۇنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتىنى، ئىجتىمائىي ھايات تەرەققىياتىنىڭ پەلسەپىۋى
ئاساسلىرىنى، ئادەملەرنىڭ تەبىئىي قانۇنىيەتلىرى ۋە ئىجتىمائىي ھېس - تۇيغۇلىرىنى
پۇختا ئىگىلەپ، شۇ ئارقىلىق يېڭى بىر بەدىئىي ھايات كارتىنىسىنى سىزىپ بېرىشى
لازىم. كىتابخانلار بۇ ئەسەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۆزى ياشاپ تۇرغان جەمئىيەتتىن،
تۇرمۇشتىن تېخىمۇ مەنىلىك، جەلپ قىلارلىق يېڭى بىر ھاياتنى تەسەۋۋۇر قىلالىشى
زۆرۈر. ئۇلارنىڭ بۇ بەدىئىي دۇنيادا ئۇچراتقان ئادەملىرى ھەقىقىي مەنىدىكى ئادەم بولى-
شى، ئۇنىڭدىكى ئوبراز ئۆزىنىڭ يارقىن ماھىيىتى بىلەن رېئال ئادەملەرنى ئۆزىگە
ئەگەشتۈرۈشى لازىم، بەدىئىي ئوبرازنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىز كىشىلەر تېخى ھېس قىلىشقا
ئۈلگۈرمىگەن ئاجايىپ گۈزەل ھېس - تۇيغۇلارنى — ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن يىراق بولغان
چۈشەنچە - بىلىشلەرنى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا بولمىغان، بىراق ئۆزلىرى ئارزۇ قىلىدىغان،

ئەمما ئۆزلىرىگە تومان ئىچىدىكىدەك خۇنۇك كۆرۈنۈۋاتقان غايىۋى تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىتىنى ئاشكارىلاپ، ئۇنى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا خۇددى نۇردەك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشنى ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇھىم مەقسەتلىرىدىن بىرى قىلىشىمىز ھەمدە بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم. شۇنىسى ئېنىقكى، بەدىئىي توقۇلمىدا يازغۇچى، شائىرلار يەنىلا ئىككى مەنبەنى ئاساس قىلىدۇ. بىرى، ئۆزىمىز ياشاۋاتقان رېئال ھايات مەنبەسى، يەنە بىرى، ئۆزىمىزنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسى ئالدىدىكى تەقلىدى تەسەۋۋۇرنى ئاساس قىلسا، كېيىنكىسى ئىجادىي تەسەۋۋۇرغا تايىنىدۇ. بەزىلەر يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىنى ۋە ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىسە قاتتىق چۆچۈيدۇ (خۇددى ئىجادىي تەسەۋۋۇر بىلەن تەقلىدى تەسەۋۋۇرنىڭ بىرلىكىسىز ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدىغاندەك). شۇنى چۈشىنىش كېرەككى، ھەقىقىي مەنىدىكى بەدىئىي توقۇلما يازغۇچى - سەنئەتكارلاردىن يۇقىرى دەرىجىدىكى بەدىئىي تەپەككۇر سەۋىيىسىنى، چوڭقۇر ۋە كەڭ تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىنى، خېلى يۇقىرى بىلىش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىنى، پىششىق ۋە تەبىئىي بايان قىلىش سەۋىيىسىنى ھەمدە ئىجادچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ تەسەۋۋۇرى شۇنداق قانات يايالايدىغان بولۇش لازىمكى، پۈتۈن كائىنات، تەبىئەت ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆيىدىكى سەرەمجانلاردەك روشەن بولسۇن. يازغۇچى دەملەرنى شۇنداق چوڭقۇر چۈشىنىشى زۆرۈركى، كىتابخان پېرسوناژنىڭ مۇئەييەن ناشقى ئىپادىسىدىن ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئوچۇق كۆرەلەيدىغان بولسۇن. يازغۇچى رېئال تۇرمۇشتىن كەلگۈسىنى بايقاپ بىلەلىشى، ھاياتتىكى ئەمدى بىخ سۈرۈۋاتقان كىچىك ئۇندۇرمىدىن كەلگۈسىنىڭ مېۋىسىنى تەسەۋۋۇر قىلالىشى ۋە ئۇنى يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈشى ھەمدە بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن كەڭ ھايات دېڭىزىغا غەۋۋاس بولۇپ شۇڭغۇشى لازىم. ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم قانۇنىيەتلىرىدىن بىرى تۇرمۇشنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى ئاساسىدا تېخىمۇ يۈكسەك بەدىئىي قانۇنىيەتنى كەشىپ قىلىش ئەمەسمۇ؟

## ئەدەبىيات تەرەققىياتى يازغۇچى، شائىرلاردىن ئەتراپلىق تەربىيىلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ

ئىجتىمائىي ھايات چەكسىز مۇرەككەپلىكى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېر ئالغان. بىرەر ئادەمنى ئالساق، ئۇ ئاشۇنداق ھايات دۇنياسىنىڭ سىرلىق بىر قىسمى. ئەدەبىيات مانا شۇنداق چەكسىز، مۇرەككەپ ۋە سىرلىق ھايات دۇنياسىنىڭ بەدىئىي سىماسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئىدېئولوگىيە فورمىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرغىچە ئۆرنەك ۋە قېلىپ بولۇپ كەلگەن ئەدەبىيات نەزەرىيە سىستېمىمىز كۆپلىگەن ئەمەلىي مەسىلىلەرگە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ھېچبولمىغاندا ھازىرغىچە بىزنىڭ نەزەرىيە ئوقۇتۇش كىتابلىرىمىزدا، ئەدەبىي ئەسەرلەردە رېئال تۇرمۇشنىلا ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەكىتلەپ، ئەتىكى تۇرمۇش ھەقىقىتىگە سەل قارىلىپ كەلدى، شۇنىڭغا يانداشقان ھالدا بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى تەسەۋۋۇرنىڭ ئىككى تەرىپىدىن بىرى — تەقلىدى تەسەۋۋۇر ئىزاھلىنىپ،

ئىجادىي تەسەۋۋۇرنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە، ئۇنىڭ ئىجادىي خاراكتېرىنىڭ تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتىگە تولۇق ئېتىبار بېرىلمەي كەلدى. ھەقىقىي مىللىي خاراكتېر ۋە مىللىي روھنى ئەكس ئەتتۈرۈش مەسىلىسى مۇكەممەل شەرھلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، بەزى ئەسەرلەردە ئىچكى مىللىي ماھىيەتنى ئەسلا كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ھەقىقىي قىممىتى مىللىي خاسلىقتا روشەن گەۋدىلەنمىسە، بىراق ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىكى بۇ تېما ئومۇملاشتۇرۇلدى ياكى باشقا دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ نەزەرىيە سىستېمىسىغا بېقىندۇرۇلدى. بىز بىرەر يېڭىلىقنى كۆرسەكلا، ئۇنى ئۆلۈك ھالدا ياكى ئۆز پېتىلا ئەدەبىيات سېپىمىزغا قوشۇۋالدۇق. بىز قوبۇل قىلغان بۇ شەيئى باشقا بىر مۇھىت ۋە شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، بىز ئۇنىڭ ھەقىقىي خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشىنىش - چۈشەنمەيلا ئۇنىڭغا ئىشلىۋالدۇق. قوبۇل قىلغان يېڭى شەيئىنى ئۆزىمىزنىڭ مىللىي تۇرمۇش ۋە مىللىي ھېسلىرىمىز بىلەن يۇغۇرۇپ، يېڭى بىر قىياپەت بىلەن راۋاجلاندۇرۇشىمىز يېتەرلىك بولمىدى. بۇ، بىر تەرەپ. مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپى تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىككى، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى، يېتەرسىزلىكى ۋە نىشانى ھەققىدە سەنئەت قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ھەققانىي باھا بېرىدىغان تارازا — ئەدەبىي ئوبزورلىرىمىزنىڭ خاراكتېرى قىسمەن قۇرۇق مەدھىيىچىلىك ۋە بىراقلا ئۇجۇقتۇرىدىغان كالتەككە ئايلىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىي ئوبزورلىرىمىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇھىم يېتەكچىسى بولۇشتىن شەخسىي مۇددىئا قورالىغا ئايلاندۇرۇلغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلدى. «كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا» دېگەندەك، ئېقرار قىلىشىمىز كېرەككى، ھەتتا بەدىئىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ نىشانىنى قەستەن شەخسىي ئاداۋەتكە قارىتىپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرگەن ئەھۋاللارمۇ بولدى. بولۇپمۇ قىسمەن ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ئىچىدە مەزھەپچىلىك ئەھۋالى مەۋجۇت. بىز زادى نېمىنى تالىشىۋاتىمىز؟! بىر قىسىم شائىر - يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ھەرىكىتى ۋە دىلى باشقا - باشقا ئىككى دۇنيا. بىز يازغان ئەسەرلىرىمىز بىلەن قەلبىمىز ۋە ھەرىكىتىمىزنى بىردەكلىككە ئىگە قىلالىساقلا، ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئەدەبىياتچى بولالايمىز، ئۇنداق بولمايدىكەن، سۈنئىي، ياسالما شائىر، يازغۇچى بولىمىز - دە، ھەقىقىي مەنىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازالمايمىز. شۇڭا بىز ئەسەرلىرىمىز بىلەنلا ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتىمىز بىلەنمۇ باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشىمىز لازىم. يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئېغىر قاپقان. ئەگەر بۇ قاپقاندىن ئۈزۈل - كېسىل ئازاد بولمايدىكەنمىز، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھاياتىي كۈچى بولمايدۇ. يۇقىرىقىدەك سەلبىي تەرەپلەر دىققەت ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى ۋە نەزەرىيە سېپىدە بىر قەدەر چوڭقۇر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى ئويلىنىش كېرەك. ئىككىنچى تەرەپتىن، ئەدەبىياتنىڭ ئۇنىۋېرساللىق خاراكتېرىگە ئاساسەن، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىمىزنى ئەتراپلىق تەربىيىلەشكە كۆڭۈل بۆلۈنمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىياتىمىزدا كەسىپلىشىش خاھىشى ئېغىرلىشىپ كەتتى. شۇنىڭغا يانداشقان ھالدا ئەدەبىياتىمىزنى ھەر خىل شەكىل ۋە ھەر خىل ژانىرلار بويىچە ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسىدە يېتەرسىزلىك ساقلاندى. بۇ تەرەپلەرمۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ زامانىنىڭ تەلىپىگە

ئويغۇنلىشالمايۋاتقانلىقىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى. بۇ پىكىرنى مۇنداق بىر نەچچە تەرەپتىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ:

مەلۇمكى، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئېغىر مېھنەت. چۈنكى ئۇ تۇرمۇشتىن ئىبارەت مۇرەككەپ ئىجتىمائىيەت ئۈستىگە قۇيۇلغان. شىرنىڭ ئىزچىل ئەدەبىياتنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش دائىرىسى ھېچقاچان چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى ۋە ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك پۈتكۈل تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى قىلالايدۇ. مۇشۇنداق چەكسىز ھايات دۇنياسىدىن مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان تېمىلارنى تاللاپ، رەڭگارەڭ ئوبرازلارنى يارىتالايدۇ. ئەدەبىياتنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ئۇنىۋېرساللىق خاراكتېرىنى بەلگىلىگەن. ئەدەبىياتتىكى بۇ خىل زۆرۈرىيەت يازغۇچى، شائىرلارنىڭ كەسپىلىشىشكە چەك قويغان، ئەلبەتتە. شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ شائىرلىرىمىز، يازغۇچىلىرىمىز ھازىرقى دەۋر تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان ۋە زامانىۋى تەرەققىياتتا مۇھىم ئورۇن تۇتۇۋاتقان زامانىۋى پەن - تېخنىكا ئۈستىدە ۋە تەبىئىي پەن ساھەسىدە تىرىشچانلىق قىلىۋاتقان تەتقىقاتچى خادىملارنىڭ تەسەۋۋۇر دۇنياسى ئۈستىدە تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ؟ نېمىشقا مۇكەممەل ئوبرازلار ئارقىلىق گۈزەل ئىلمىي ئاساسقا قۇرۇلغان تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا ئېتىپ، خەلقىمىزنىڭ زامانىۋى پەن - تېخنىكىغا بولغان تونۇشىنى، زامانىۋى پەن - تېخنىكا ساھەسىدىكى كەلگۈسى ئىستىقبالىمىزنى، ئۈمىدۋارلىقىنى ۋە زۆرۈرىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ؟ سەۋەب شۇكى، بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىمىزدا زامانىۋى تېخنىكا ۋە تەبىئىي پەننىڭ كونكرېتنى قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدا يېتەرلىك چۈشەنچە يوق. ھېچبولمىغاندا، ئۇلار ئېنىق ۋە روشەن تەسەۋۋۇرغىمۇ ئىگە ئەمەس. شۇ سەۋەبلىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كەسپىلىشىش ياكى تار تېما رامكىسىغا بېكىنىۋېلىش ئادىتى شەكىللەنگەن. ھەر بىر يازغۇچى پەقەت ئۆزىگە بىر قەدەر تونۇشلۇق بولغان ئىجتىمائىي رېئاللىقنى يېزىپ، ئۆزىگە تونۇشلۇق بولمىغان تېمىلار ئىچىگە بۆسۈپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىسا، ھەر قايسى ساھەلەردىكى خادىملار ئۆزلىرىنىڭ ئوبرازىنى ئۆزلىرى تارتىشى لازىممىدى؟ بۇنداق كېتىۋېرىدىكەن، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەھۋالى جۇۋاز كالىسىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئەدەبىياتىمىز تېز سۈرئەتتە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا يېتىشەلمەيدۇ. يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ تەپەككۇرى ۋە تەسەۋۋۇرى زامانىۋىلىشىشقا يۈزلىنىپ، ئىسلاھات قەدىمىگە ئەگىشىپ، تېز سۈرئەتتە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلەلمەيدۇ. شۇڭا يازغۇچى، شائىرلار ئۆزىنى چۈشەنچە، بىلىش جەھەتتىن ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلدۇرۇشى، دەۋرنىڭ تەلىپى ئاساسىدا ئۆزىنى تەربىيىلىشى لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئەدەبىيات سېپىدە تەكىتلىنىۋاتقان دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈش تەلىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمىز. گوركىي ئېيتقاندەك، ئەدەبىيات خىيال قىلىدۇ، پەن خىيالنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدۇ. بۇ گەپ ئەدەبىيات بىلەن باشقا پەنلەرنىڭ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى مەلۇم جەھەتتىن ئىپادىلىگەن. ئەدەبىيات تارىخىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلۇغ ئېنسىكلوپېدىك شائىر، بۈيۈك مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ، يالغۇز ئەدىب ۋە شائىر ئەمەس، بەلكى ئۇ پەلسەپە، ماتېماتىكا، تىبابەتچىلىك، قانۇنشۇناسلىق،

ئەخلاقشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، ئاسترونومىيە، ھەربىي تاكتىكا، دىپلوماتىيە قاتارلىق ناھايىتى كۆپ تەرەپتىن تەرەققىي قىلغان يېتۈك ئالىم ئىدى. ئۇ يۇقىرىقىدەك ھەر تەرەپلىمە ۋە مول بىلىملىرىگە ئاساسلىنىپ، ئىنسانىيەت تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىلغار ئىلمىي تەرەققىيات نىشانىنى كۆرسىتىپ بېرەلىگەن ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان ئۇلۇغ تەسەۋۋۇرلار ھازىرقى دەۋرىمىزدە قانۇنلاشتى، پەنگە ئايلاندى، ئەمەلگە ئاشتى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئەمەلگە ئاشقۇسى. بۇ مۆۋەپپەقىيەت پاكىتى بىزگە ئۆز كەسپى بىلىم دائىرىسىدە چەكلىنىپ قېلىشى بىلەن ھەقىقىي يازغۇچى بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئەكسىچە ئۆز دەۋرىدىكى كەڭ كىتابخانلارنىڭ بىلىش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەندىلا، يېتەكلەش خاراكتېرىگە ئىگە نادىر ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئەدەبىياتچىلارنىڭ بىلىش تەلپى ۋە بەدىئىي ئەسەرلىرى بىلەن جەمئىيىتىمىزنىڭ ھازىرقى سەۋىيىسى ۋە كىتابخانلارنىڭ چۈشەنچىسى ئارىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويۇشنى شەرت قىلىشقا بولمايدۇ.

ھازىرقى دەۋرنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەلپى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، ئەكس ئەتتۈرۈش ۋاسىتىلىرى، ئىپادىلەش شەكىللىرى قاتارلىق تەرەپلەردە تەرەققىي قىلىش، قوبۇل قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي بولۇشى كېرەك، ئەلبەتتە. بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئەدەبىياتى ئەنئەنىۋى ۋارىسچانلىقىنى مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىزچىللىقىنىڭ مۇھىم شەرتى قىلىدۇ. شۇنىسىمۇ باركى، ذوقۇل ھالدا ئۆلۈك ئەنئەنىنى تەكىتلەش ھازىرقى دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن ئەمەس. زامان تەرەققىي قىلىدۇ، مۇنداق تەرەققىيات ئەدەبىياتنىڭ يۆنىلىشىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئەدەبىيات مۇنداق كۈچلۈك تەسىرگە زىرەكلىك بىلەن ئىنكاس قايتۇرمىسا پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. ئەنئەنە دېگەندە ۈ تەرەققىيات ئەنئەنىسى، قېلىپ ئەنئەنىسى ئەمەس. ھازىر جۇڭگو سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى قوللاندى. بۇ جۇڭگونىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى. ئەدەبىياتمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تېخىمۇ شۇنداق. باشقا ئەللەرنىڭ ئىلغار، ئۆزگىچە تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىش ھېچقاچان بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ مىللىي خاراكتېرىنى يوقىتىۋەتمەيدۇ. گەپ ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ مىللىي روھىغا، دەۋرىمىز روھىغا بويسۇندۇرۇپ، ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا، ئۆزىمىزنىڭ قان - گۆشىگە ئايلاندۇرۇشتا. روشەنكى، دۇنيادا ساپ مەدەنىيەت مەۋجۇت ئەمەس. ھېچقانداق مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلمىغان يېگانە مەدەنىيەتنىڭ ئىستىقبالى بولمايدۇ، بۇ تارىخنىڭ ھۆكۈمى. ھازىر ئەدەبىياتىمىزدا كىشىنى خۇشال قىلىدىغان يېڭى بىر يۈزلىنىش مەيدانغا كەلدى، ئۇ بولسىمۇ ئىزدىنىش. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى، ئەكس ئەتتۈرۈش ۋاسىتىلىرى قاتارلىق تەرەپلەردە مەلۇم يېڭىلىنىشلارغا يۈزلىنىشنى بۇنىڭ تىپىك ئىپادىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇخىل يۈزلىنىش دەۋرنىڭ ھازىرقى ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىيات ئالاھىدىلىكىگە تامامەن ئۇيغۇن، ھەتتا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي روھىغىمۇ ئۇيغۇن. ئۇيغۇرلار يېڭىنى يارىتىش ۋە يېڭى شەيئىلەرنى تېز قوبۇل

قىلىش روھىغا ئىگە. ئېتىراپ قىلىش لازىمكى، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى سەۋىيىسى
دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ سەۋىيىسىدىن خېلى ئارقىدا. بۇ ھال يازغۇچى - شائىرلىرىمىزغا
خېلى ئېغىر دەرىجىدە بېسىم بولىدىغانلىقى تەبىئىي. دەۋرنىڭ بۇ بېسىمى ئەدەبىياتىمىزغا
ئىزدىنىش ۋە قوبۇل قىلىش تەلىپىنى قويىدى. بۇ ئېغىر تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش
ئۈچۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەر خىل كېچىكلەرگە كىرىشكە، ھەر تەرەپتىن يېڭى يول
ئىزدەشكە مەجبۇر. ھەر قانداق يېڭى بىر شەيئىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن مەجبۇرىيەت
تۇغۇلۇشى كېرەك. شۇنداق ئەھۋالدا ئەدەبىياتىمىزدىكى يېڭىلاش روھىغا ھۇجۇم قىلماس-
تىن، بەلكى يول ئېچىپ بېرىش پوزىتسىيىسىدە بولۇش كېرەك. بىرەر يېڭى شەيئىنى
مەيدانغا كېلىپلا كامالەت تاجىنى كىيەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەگرى - توقاي ھايات
سىنىقىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: ھازىر ئەدەبىياتىمىزدا شەكىللەنگەن «گۇڭ-
گا شېئىر» شەكلى بىز ئۈچۈن بىر يېڭى شەيئى. مەن بۇ شېئىرلارنى كۆردۈم، ھېچبول-
مىغاندا بۇ شېئىرلاردا ھېسسىيات بار، تەسەۋۋۇر بار، تەپەككۇر چوڭقۇرلۇقى بار. بۇ-
خىل ئالاھىدىلىكنىڭ تەپەككۇرىمىزنى، تەسەۋۋۇرىمىزنى چېنىقتۇرۇش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش-
قا ياردىمى بولماسمۇ؟

دېمەك، ئەدەبىياتىمىزدا بار بولغان ئەدەبىي ژانىرلار، ئەدەبىي شەكىللەر، ئىپادىلەش
ئۇسۇللىرى، ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ۋە ئەكس ئەتتۈرۈلۈۋاتقان مەزمۇنلار ئەدەبىياتىمىزنىڭ
باشلىنىش نۇقتىسى بولمىغىنىغا ئوخشاش، ئاخىرقى چېكىمۇ ئەمەس. دەۋر ئۆزگەردى، تۇرمۇش
ئۆزگەردى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ خەلقىمىز تۇرمۇش غايىسىدا، ھايات چۈشەنچىسىدە، ھېسسى-
ياتىدا، تەسەۋۋۇرىدا ۋە ئىستېتىك بەھرىلىنىش تەلىپىدە ئۆزگىرىش ياسىماسلىقى،
يېڭىلانماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ بۇنداق ئۆزگىرىش جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى مەزمۇنىنى بېيىتى-
دىغانلىقى تەبىئىي. چۈنكى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ھاياتنىڭ مەنىۋى
مەنزىرىسىنىڭ كۆپ خىللىققا قاراپ ئۆزگىرىشى تەتۈر تاناسىپ ئەمەس. تۇرمۇش مەزمۇنى-
نىڭ خىلمۇ خىللىققا قاراپ تەرەققىي قىلىشى ئەدەبىيات مەزمۇنىنىڭ كۆپ خىل بولۇشى-
نىڭ ئاساسى. ئەدەبىياتنى تەقەززا قىلىدىغان كۆپ خىل مەزمۇن ھەر تۈرلۈك، رەڭمۇ
رەڭ شەكىللەر بىلەن ئىپادىلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەلەپ بۈگۈنكى ئەدىبلىرىمىزنىڭ
ئۈستىگە چۈشتى. بىز بىر - بىرىمىزنى قوللاپ، قوبۇل قىلىش بىلەن ئىجاد قىلىشنىڭ
ئەدەبىياتىمىز تەرەققىياتىدا تۇتىدىغان ئورنىنى توغرا مۆلچەرلەپ، تەپەككۇرىمىزنى ئۇر-
غىتىپ، دۇنيانى بىلىش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىمىزنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، تېما دائىرى-
مىزنى زاماننىڭ تەلىپىگە لايىق كېڭەيتىپ، ئوبرازلارنىڭ خىلمۇ خىللىقىنى ئىشقا ئاشۇ-
رۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئەدەبىياتىمىز ھاياتنىڭ ھەقىقىي ئىچكى ماھىيىتىنى، سەنئەتنىڭ ئەڭ نازۇك، جەلىپ
قىلارلىق تىللىرى بىلەن ئىپادە قىلىشى لازىم.

(«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 6 - سانىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى)

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئادالەت ھېبىبۇللا

# «بۇ چۈش ئەمەس»، بەلكى ھەقىقىي رېئاللىق

ياخشى يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرنىڭ كىتابخانلارغا بېرىدىغان زوقى، تەسىرى، ئىدىيىۋى تەربىيىسى زور ھەم چوڭقۇر بولىدۇ. يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىل 7- سانىغا بېسىلغان «بۇ چۈش ئەمەس» ناملىق ھېكايىسى ئەشۇنداق ھېكايىلارنىڭ بىرى. يازغۇچى بۇ ھېكايىسىدا توختىدىن ئىبارەت باش قەھرىمان ھاياتىنىڭ مەلۇم قىسمىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، خەلقىمىز ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن نادانلىق، ھۇرۇنلۇق، ئىناقسىزلىق، كۆرەلمەسلىك قاتارلىق تەرەققىياتقا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان، يېڭىلىققا، ئىسلاھاتقا يۈزلەنمەي، دۇنيادىن بىخەۋەر ھالدا قالاق ھالەتتە ياشاشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئاپەتنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ بىزگە كەلتۈرىدىغان ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

يازغۇچىنىڭ بۇ خىل خاھىشى ھېكايىدىكى ئاساسلىق پېرسوناژ توختىنىڭ پاجىئەلىك سەرگۈزەشتىسى ھەم گۈلشەننىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى ئارقىلىق جانلىق نامايان قىلىنغان.

توختى «ھاياتلىق، ياخشى تۇرمۇش، خۇشاللىق» يولىدا پىداكارلىق بىلەن كونا ئادەت كوچىگە، نادانلىققا، ھۇرۇنلۇققا، قالاقلىققا، يوقسۇزلۇققا قارشى جەڭ ئېلان قىلغان، دادىللىق بىلەن ئىزدىنىپ، يېڭى يول تاپقان ئاق كۆڭۈل، ئىشچان، ئىجادكار ياش ئىدى. ئۇنىڭ ساپ ئارزۇسىنى بۈگۈنكى ئىسلاھات دەۋرىدە تامامەن ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولاتتى. لېكىن ئۇنىڭ تەقدىرى پاجىئەلىك تۈس ئالىدۇ. «ئېھتىمال پەلەك شۇندىقىسىغا چۆگىلىمەي، توختىنىڭ كۈنىمۇ ئەنە شۇ مەدىكارچىلىقتىن نېرى بارمىغان بولسا، بۈگۈنكى پاجىئەلەر بولماسمىدىكىن»، مانا بۇ تەسۋىرلەر كىتابخاننى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. ھېكايىنىڭ ئاخىرىدا توختى گۈلشەننىڭ قەبرىسىگە ئۆزىنى ئېتىپ، ئازاب ئىچىدە قاتتىق نالە قىلىدۇ، تېخى ئولتۇرۇشقا نېسىپ بولمىغان كاتتا ئايۋان - سارايىنىڭ كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان خارابىسىگە» بىر كېچىدىلا گۈزەللىكىنى يوقىتىپ، مۈكچىيىپ قالغاندەك تۇرغان كەنتكە» ئاچچىق ئەلەم بىلەن قاراپ قويۇپ، مەرۇپ بوۋايدىن قالغان كونا دۇتارنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. بۇ پاجىئەنى كەلتۈرۈپ چىقارغان كىم؟ بىزنىڭ ھازىرقى رېئال تۇرمۇشىمىزدا توختىغا ئوخشاش ئۆز كىشىلىرى تەرىپىدىن كەلگەن ئازابقا، پاجىئەگە يولۇققان ۋە يولۇقۇۋاتقان كىشىلەر ئازمۇ؟! ئاپتور يازغۇچىغا خاس ۋىجدان بىلەن جەمئىيىتىمىزگە، خەلقىمىز ئىچىگە بارغانسېرى يامراپ كېتىۋاتقان بۇ «ۋابا كېسىلى»نى توختىدىن ئىبارەت مۇشۇ پېرسوناژنىڭ پاجىئەلىك سەرگۈزەشتىسىگە يىغىنچاقلاپ، ئەدەبىياتنىڭ ئوبراز ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتىن ئىبارەت تۈپ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىگەن.

مېنىڭچە، ھېكايىدا تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەر، يارىتىلغان پېرسوناژلار ۋە ئۇلارنىڭ

خاراكتېرى، توختى، گۈلشەنلەر يولۇققان پاجىئەلەر هازىرقى رېئال تۇرمۇشىمىزدىكى قالاق تەرەپلەرنىڭ قايتا گەۋدىلىنىشىدىن ئىبارەت. تەرەققىي قىلىمىز دەيدىكەنمىز، ئۆزىمىزدىكى بۇنداق ئىللەتلەرگە «غورۇرغا تېگىدۇ»دەپ چاپان ياپماسلىقىمىز كېرەك. بىزنىڭ ئارىمىزدا بۇ هېكايىدا تەسۋىرلەنگەندەك يوشۇرۇن ئىجتىمائىي ئاپەتلەر تارىختىن بۇيان مەۋجۇت، كىم بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلىسە، ئۇنىڭ پۇتىغا پالتا چېپىشقا تەييار تۇرىدىغان پىتنەپاساتچى «غوجى - تاملار» بۈگۈنكى ئۇچۇر دەۋرىدىمۇ ياشاپ يۈرۈۋاتىدۇ.

چىنلىق بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ تۈپكى ئاملى، قانۇنىيىتى، بەدىئىي چىنلىق ئىنسان هاياتىنىڭ ماهىيىتىنى توغرا، چوڭقۇر، جانلىق، ئوبرازلىق ۋە تەسىرلىك قىلىپ قايتا گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ، شۇڭا كىتابخان يازغۇچىدىن رېئال تۇرمۇشنىڭ ماهىيەتلىك تەرەپلىرىنى چىنلىق بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. يازغۇچى مەمتىمىن هوشۇر بۇ هېكايىسىدا ئەنە شۇ تەلەپنى ئورۇنداپ، كىتابخانلاردا قايىللىق، رازىلىق ۋە تەسىرلىنىش تۇيغۇسى قوزغىغان هەمدە ئۇلارغا توختىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى هەم پاجىئەسى چۈش ئەمەس، بەلكى هەقىقىي رېئاللىق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر هېس قىلدۇرغان، هېكايىدىكى كۈچلۈك تۇرمۇش پۇرىقى ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرگەن.

بەدىئىي ماهارەت ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى جانلىق، ئوبرازلىق، جەلپ قىلارلىق هالدا ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىر تۈرلۈك سەنئەت هەم قابىلىيەت، ئەدەبىي ئەسەر تۇرمۇشنىڭ ئاددىي هالەتتىكى كۆچۈرۈلمىسى ياكى تىزمىسى ئەمەس، بەلكى رەڭگا رەڭ بولغان، ئۆتكۈر زىددىيەت - توقۇنۇش بىلەن تولغان هاياتنىڭ يازغۇچى تەرىپىدىن يېتەرلىك ماهارەت ئارقىلىق پىششىقلاپ ئىشلەنگەن بەدىئىي ئىنكاسى، «بۇ چۈش ئەمەس» ناملىق هېكايىنىڭ ئۆتكۈر زىددىيەت - توقۇنۇش بىلەن تولغان ۋەقەلىكى دولقۇنسىمان تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىپ تۇرىدۇ. هېكايىنىڭ كولمىناتسىيىسى ئەسەرنىڭ بېشىدىلا بېرىلىپ، كىتابخانلاردا «نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولغاندۇ؟» دېگەندەك جىددىيلىشىش، ئالدىراش كەيپىياتىنى تۇغدۇرۇپ، ئۇلارنى هېكايىنى تېزرەك ئوقۇپ چىقىشقا قىزىقتۇرىدۇ. ئەسەرنىڭ بېشىدىكى ئاز هەم ساز بېرىلگەن دىئالوگلار خېلى ئۇزۇن تەپسىلاتلارنىڭ رولىنى ئۆتەيدۇ. هېكايىنىڭ بېشىدىلا تەسۋىرلەنگەن لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت هېكايە ئاخىرلاشقانغا قەدەر هەر بىر بۆلەك - ئېپىزوتلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ، كۈچلۈك زىددىيەت توقۇنۇشى بىلەن تولغان ۋەقە، تەپسىلاتلارنى، پېرسوناژلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى تەبىئىي بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىدۇ. توختى بىلەن گۈلشەننىڭ ئاكىلىرى ۋە كەنتتىكى پىتنە - پاساتچى، كۆرەلمەس «غوجا - تاملار» يەكلىگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى دولقۇنسىمان تەسۋىرلەنگەن زىددىيەت - توقۇنۇشلار كىتابخان قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، «بۇ چۈش ئەمەس» ناملىق هېكايە ئىدىيىۋى مەزمۇنى، تەربىيىۋى رولى، قويۇق تۇرمۇش پۇرىقى، ئۆزگىچە ئىپادىلەش سەنئىتى جەهەتتە نۇرغۇنلىغان ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە. يازغۇچى مەمتىمىن هوشۇرنىڭ مۇشۇنداق ياخشى بەدىئىي ئەسەرلەرنى تېخىمۇ كۆپ ئىجاد قىلىشىغا تىلەكداشمەن.



# مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن

سەي خۇڭجۈن

## مەن خەلق يازغۇچىسى

ئىتتىپاق گېرمانىيىنىڭ مەشھۇر ئاممىباپ پروزىچىسى كونسالىك توغرىسىدا

ھېينىز كونسالىك (ئەسلى ئىسمى ھېينىز گۈنتېر) فېدراتىپ گېرمانىيىسىنىڭ مەشھۇر ئاممىباپ پروزىچىسى، 1921-يىلى 5-ئاينىڭ 28-كۈنى كيولىندا تۇغۇلغان. كونسالىك مول ھوسۇللۇق يازغۇچى. ئۇ 10 ياش چېغىدا ئەدەبىي ئىجادىيەتنى باشلىغان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر 129 رومانى نەشىردىن چىقىپ، 26 خىل چەت ئەل تىلىغا تەرجىمە قىلىنىدى.

كونسالىك ۋەقەلىكنى توقۇشقا ماھىر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ۋەقەلىكى ئەگرى-تۇقاي، باياۋلىرى جانلىق، كۆپ ساندىكى رومانلىرىدا مۇھەببەت يىپ ئۇچى قىلىنىپ دائىم دېگۈدەك ئۈچ بۇرجەكلىك، ھەتتا كۆپ بۇرجەكلىك مۇناسىۋەتلەر ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، جەم بولۇش بىلەن تاماملىنىدۇ. كونسالىك ئەسەرلىرىدە ئاممىباپ تىل ئىشلەتكەچكە ھەر قايسى قاتلام كىتابخانلار ئۇنى سۆيۈپ ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى نۇرغۇن لىغان گېرمانىيىلىكلەرنىڭ قىسقىنا بوش ۋاقىتلىرىدا ۋە ساياھەت جەريانىدا كەم بولسا بولمايدىغان، كۆڭۈل ئاچىدىغان ئوقۇشلۇقى بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ھەر بىر ئەسىرى نەشىردىن چىقىشى بىلەن ئىتتىك بازارغا ئىگە بولىدۇ-دە، ئىتتىپاق گېرمانىيىدىكى كىتابخانا ۋە كىتاب بوتكىلىرىدا كۆزگە ئەڭ چېلىقىدىغان يەرگە تىزىپ قويۇلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە كونسالىك دېگەن بۇ ئىسىم تاۋار ماركىسىغا، كونسالىكنىڭ ئەسەرلىرى گويا داڭلىق تاۋارغا ئوخشاپ قالماقتا. ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ رومانلىرىدىن ئونەچچىسى ھېكايە فىلىم ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرىغا ئۆزگەرتىپ ئىشلەندى.

كونسالىكنىڭ تەقرىزچىلەر نەزەرىدىكى ئوبرازى كىتابخانلارنىڭكىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. ئەنئەنىۋى تەقرىزچىلەر ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە نەزەرىنى سالمايدۇ، ئەدەبىيات تارىخىغا ئائىت نۇرغۇن كىتابلاردا ئۇنىڭغا ناھايىتى ئاز باھا بېرىلگەن. ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ «ستالىنگراددىكى دوختۇر»لا تىلغا ئېلىنىپ قويۇلغان، بىر قىسىم مەشھۇر قامۇس ۋە كۆپ ساندىكى يازغۇچىلار لۇغەتلىرىگە كونسالىك كىرگۈزۈلمىگەن. تەقرىزچىلەرنىڭ بۇنداق سوغۇق مۇئامىلىلىرىگە كونسالىك قىلچە پىسەنت قىلمايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«كەسپىي ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ھەقىقەتەن ماڭا قىزىقمايدۇ، ماڭا مۇھىمى كىتابخانلارنىڭ قانداق قاراشتا بولىدىغانلىقى. ماڭا نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە نەرسە ھەر كۈنى تاپشۇرۇۋالىدىغان نەچچە يۈز پارچە خەتلەردە ئېيتىلىدىغان سۆزلەردىن ئىبارەت، بۇ خەتلەرنى ھەرگىزمۇ ھوش كاللىسى جايىدا بولمىغان كىشىلەر يازغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇدىر، ۋىراچ، بانكا دېرىكتورلىرى بار، ئۇلار خەتلىرىدە ئەسەرلىرىمنىڭ ئۆزلىرىگە گۈزەل، ھوزۇرلۇق ۋە جىددىي پۇرسەت ئاتا قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىدۇ. باشقىلار كونسالىكتىن ئۆزىنى قايسى تۈردىكى يازغۇچىلار قاتا-

رىغا قويىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: «مەن ئۆزۈمنى ئىچ
پۇشقىنى چىقىرىدىغان يازغۇچىلار قاتارىغا قويىمەن. بۇ«ئىچ پۇشقىنى چىقىرىش» دېگەننى
كەسكىن تېمىلارنى، ۋەقەلەرنى ھەمدە ئىنسانىيەتكە، جەمئىيەتكە ياكى سىياسىغا ئائىت
مەسىلىلەرنى زېرىكىشلىك قۇرۇق ۋەزخانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش دەپ چۈشەنمەستىن،
ئۇلارنى ئاممىباپلاشتۇرۇپ ھەر قانداق ئادەم چۈشىنەلەيدىغان تىل، ۋەقەلىك ۋە شەكىل-
لەر بىلەن ئىپادىلەش دەپ تونۇش كېرەك، پەقەت 500 نەپەر زىيالىيلا ئۈچۈنلا ئەسەر
يېزىشنىڭ مېنىڭچە قىلچە ئەھمىيىتى يوق . . . مەن يازغۇچىلارنىڭ ۋەزىپىسى كەڭ
كۆلەمدە تەسىر كۆرسىتىش دەپ قارايمەن، پوكەي كەينىدىكى خانىم ئۆزىنىڭ باشلىقىغا
ئوخشاشلا كىتابىمنى ئوقۇپ چۈشىنەلىشى ۋە ئۇنىڭدىن زوق ئالالىشى كېرەك، ئەگەر
بۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداسام مەقسىتىمگە يەتكەن بولىمەن. مەن ھېنرىخ بول
بىلەن گۈنتېر گراسلار ئارزۇ قىلغان تىراژغا ئىگە بولدۇم، مەن خەلقنىڭ يازغۇچىسى،
شۇڭا كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن يازىمەن.»

كونسالىكنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان ئىجادى كۈچى ئاللىبۇرۇنلا سۆز چۆچەككە ئايلانغان.
ئۇ ھەر كۈنى ئون نەچچە سائەتلەپ ئىشلەيدۇ، ماشىنكا قەغىزىدە 30 نەچچە بەت يېزىپ
چىقىدۇ. يىلىغا ئاز دېگەندە ئۈچ - تۆت رومانىنى نەشىر قىلدۇرىدۇ. شۇڭا بەزىلەر
ئۇنىڭ بىر توپ ياردەمچىلىرى بولسا كېرەك، دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. ھەتتا دېموكرا-
تىك گېرمانىيىنىڭ نېمىس تىلىدىكى يازغۇچىلار لۇغىتىدىمۇ مۇنداق سۆزلەر بار:

«كونسالىكنىڭ كەينىدە ھېنس جونت باشچىلىقىدىكى بىر توپ يازغۇچىلار بار.
ن. مارېئوت، جونت ھېيىن قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئەزالىرى». ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى
ئىسىمنى كونسالىك ئىلگىرى تەخەللۇس قىلىپ ئىشلەتكەنىدى. ئۆزىنىڭ كى-
شىنى تاڭ قالدۇرىدىغان ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھېچ-
قانچە ئىش ئەمەس، ئەگەر بىر ئادەم ھەر كۈنى بېسىپ ئولتۇرۇپ يېزىقچىلىق بىلەن
شۇغۇللىنىپ 365 كۈن ئىچىدە 300 كۈن يازسا ئۇنىڭ ئىجادىيەت كۈچىمۇ قانداقتۇ-
سىر بولماي قالىدۇ، كىشىلەر مېنى رومان ماشىنىسى دېيىشىدۇ. ۋەھالەنكى مەن يېزىقچى-
لىقتىن باشقا ھېچ ئىش قىلمايمەن. مەن ھۇرۇنلۇق قىلىپ كۈنىگە بەش بەت يازسام-
مۇ بىر يىلدا بىرمىڭ بەشيۈز نەچچە بەت بولىدۇ. بۇ ئۈچ پارچە رومان پۈتتى دېگەن
سۆز. مەن مۇشۇ تەرىزدە يازغىلى تۇرغىلى 30 نەچچە يىل بولۇپ قالدى . . .» كونسا-
لىك يېزىقچىلىقتىن سىرت يەنە مۇزىكا ئاڭلاش، ساياھەت قىلىش، كىتاب ئوقۇش ۋە
سۇ ئۈزۈشنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. يازغۇچىلار ئىچىدە شېكىسپىر، شېللېر، ھېنرىخ كىلېي-
سپ (گېرمانىيە) فىرانز گىرىلپازېر (ئاۋىستىرىيە) نى، ھازىرقى زامان يازغۇچىلاردىن
شولوخوۋ، ھېمىنگۋاي، ھېنىس خالادا (گېرمانىيە)، پائۇل رېمارك (گېرمانىيە) لارنى ئەڭ
ياخشى كۆرىدۇ. شولوخوۋنىڭ «تىنچ دون» رومانىنى ھەممىدىن بەك ياقتۇرىدۇ ۋە ئۆزىنى
شولوخوۋ بىلەن ئىچكى ئۇرۇق - تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بار دەپ قارايدۇ. ئۇ «دون دەرياسى
بويىدىكى مۇھەببەت» ناملىق رومانىنى شولوخوۋغا بېغىشلىغان. ئۇ رومانىنىڭ تىتولىغا:
«مىخايىل شولوخوۋ كازاكلارنىڭ بۈيۈك يازغۇچىسى، مەن ئۇنىڭغا بەجايىكى بالىلار شاھ-
قا ئاپىرىدىن ئوقۇغاندەك ئاپىرىدىن ئوقۇيمەن» دەپ يازىدۇ.

كونسالىك كىچىكىدىن تارتىپلا جۇڭگوغا نىسبەتەن ئىللىق ھېسسىياتتا بولۇپ

كەلدى. ئۇ بۇنى ئىسپاتلاپ، ئەگەر يىراق ئۆتمۈشتە ياشىغان بولسا ئۆزىنىڭ جۇڭگونىڭ پادىشاھ ئوردىسىدىكى ماركو پولو بولۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. 1981- يىلى ۋە 1986 - يىلى جۇڭگوغا ئىككى قېتىم كېلىپ، نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى ئار- زۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. ئۇ ئەنخۇي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتىنىڭ ئۆزىنىڭ رو- مانلىرىنى نەشر قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال جۇڭگو كىتابخانلىرىغا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مۇنۇ خەتنى يازغان:

«مەن ئون ياش ۋاقتىمدىلا ماركو پولو ساياھەت قىلىپ بارغان سىرلىق، سېھري كۆچكە تولغان، تەڭداشسىز گۈزەل دۆلەتنى پەقەت چۈشلىرىمدىلا كۆرەتتىم، ئۈسمۈرلۈك ۋاقتىمدا سىۋىن ھېيدىن ۋە ئۇنىڭ يىپەك يولى ئارقىلىق چۆل جەزىرىلەرنى كېزىپ تىلسىمات كۆللەرنى ئىزدەش - تەكشۈرۈش ئۈچۈن قىلغان ساياھەتلىرى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەن ھەم ئىلھاملاندۇرغانىدى. كېيىن غەرب دۇنياسىغا ئانچە تونۇش بولمىغان بۇ مىللەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخي يۈكسەك مەدەبىيىتى مېنى بارغانسېرى ئۆزىگە بەنت قىلىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات ۋە رەسىم ئارقىلىق جۇڭگو تەسۋىرلەنگەن ئەدەبىي ۋە رەسىملىك كىتابلارنى كۆرۈشكە باشلىدىم. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان بۇ دولەتنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرسەم ئىكەن دېگەن بىر ئارزۇ قەلبىمدە ئوت بولۇپ يانغانىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ھەر خىل بۇت، ياغاچ - ئويما، يىپەك سىزمىلار پادىشاھلارنىڭ شېرلىرى ۋە ئالۋاستى نىقابلىرى قاتارلىقلارنى يىغىپ توپلىدىم.

بىر كۆرۈشكە ئىنتىزار بولۇپ كەلگەن بۇ دۆلەتنى ساياھەت قىلىش ئاخىرى ماڭا نېسىپ بولدى.

مەن يازغان 129 رومانىدىن بىر نەچچىسى يېقىندا دولىتىڭىزلەردە نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ بالىلىق ۋاقتىمدا پەيدا بولغان تەشنالىقلىرىم قانىدىغان بولدى.

مەن ئەسەرلىرىمنىڭ سىلەرگە لەززەت بېغىشلىشىنى ۋە ئەشۇ بىر نەچچە سائەتلىك ۋاقىت ئىچىدە، سىلەر ياشاۋاتقان دۇنيا ماڭا شۇنچە يىراق تۇيۇلغانلىقىغا ئوخشاش، سىلەرنى يەنە بىر يىراق دۇنياغا باشلاپ كىرىشنى ئارزۇ قىلىمەن. سىلەر چوقۇم كونسالىكنىڭ كىتابلىرىدىن تېخىمۇ كۆپ ئوقۇساقكەن دەيسىلەر. شۇنىڭ بىلەن بىز دوستلىشىپ قالىمىز، بۇ مېنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇيۇم».

ھەر خىل ئەدەبىيات مۇكاپاتلىرىنى باھالاش كومىتېتلىرىنىڭ نەزەرگە ئىلىنمىغان ئاممىباپ ئەدەبىيات يازغۇچىلىرىنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، كونسالىك 1982 - يىلى ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ كېدمان نەشرىياتى، ھاينا نەشرىياتى، يېگۋاستاي نەشرىياتى بىلەن بىرلىكتە «كونسالىك رومان مۇكاپاتى» نى تەسىس قىلىپ. كۆپ كىتابخانلارنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتقان، رېئال تۇرمۇشتىكى ئۆزگىچە كۆرۈنۈشلەرنى ئىپادىلەپ بەرگەن نېمىس تىلىدىكى ئاممىباپ يېڭى رومانلارنى مۇكاپاتلىدى. 1983 - يىلى 6 - ئايدا باۋارىيە شتاتى كونسالىكقا «باۋارىيە ئوردېنى» نى بېرىپ، ئۇنىڭ باۋارىيە شتاتى ۋە باۋارىيە خەلقى ئۈچۈن قوشقان ئالاھىدە تۆھپىسىنى مۇكاپاتلىدى.

(«ئەدەبىيات گېزىتى» نىڭ 1989- يىلى 7- ئاينىڭ 29 - كۈنىدىكى سانىدىن ئېلىندى.)

بۇرھان سەلەي تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

# ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر

## ئەگەر ئەدەبىيات بولمىغان بولسا...

(بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى دوكتورلۇق سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى لى شۇلى، جېي جېشى، شاڭ ۋېيلارنىڭ سۆھبىتى)

لى: بۈگۈن مەن «ئەگەر ئەدەبىيات بولمىغان بولسا» دېگەن تېمىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن. بۇ ئادەتتىكى پىكىرلەردىن قۇتۇلۇش ۋە بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە يېڭىباشتىن ئويلىنىش ئۈچۈندۇر. بۇرۇنقى پىكىرلەر ئىنتايىن قېلىپلىشىپ كەتتى، ئۇلاردا يېڭىلىقلار ئاز.

جې: «ئەگەر ئەدەبىيات بولمىغان بولسا» دېگەن بۇ بىر تەتۈر تېما. ئوڭ تېما ئادەتتە ئايلانغان ۋە قېلىپلىشىپ كەتكەن ئوي-پىكىرلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، تەتۈر تېما تەپەككۇر بوشلۇقىنى شەكىللەندۈرۈشكە، ئوڭ تېما كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان پىكىر ۋە يەكۈنلەردىن قۇتۇلۇشقا پايدىلىق.

شاڭ: قېلىپلىشىش مەلۇم بىر پەننىڭ يېتىلگەنلىكىنىڭ بېشارىتى. لېكىن، پەننىڭ تەرەققىياتقا يۈزلىنىشى ھەم ئۆزىنىڭ قېلىپىنى بۇزۇپ تاشلىشى لازىم. ئەلۋەتتە، ئەدەبىياتمۇ رامكىنى بۇزۇپ تۇرۇشى كېرەك. بەزىلەر پەلسەپە كىشىلەرگە ئىدراك تەرتىپىنى، ئېتىكا ۋە قانۇن پائالىيەت تەرتىپىنى، ئەدەبىيات بولسا ھېسسىيات دۇنياسىنىڭ تەرتىپىنى تۈزۈپ بېرىدۇ، دەيدۇ. بۇنى پۈتۈنلەي خاتا دېگىلى بولماس. لېكىن مەن ھېسسىيات دۇنياسىدا قانداقتۇر بىرەر تەرتىپ تۇرغۇزۇشنىڭ مۇمكىنلىكىدىن گۇمانلىنىمەن، تەرتىپ — بىر يۈرۈش قېلىپلاردىن تۈزۈلىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشتا قېلىپلاشتۇرغىلى بولمايدىغان نۇرغۇن مەزمۇنلار بولىدۇ، بۇنىڭ ئىپادىلىنىشى ئەدەبىيات-سەنئەت بولىدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەت تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، رېئال جەمئىيەتنىڭ ئىدراكى تەرتىپلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، بىزگە دۇنيادىكى نۇرغۇن غۇۋا نەرسىلەرنى تونۇتۇپ، كىشىلىك تۇرمۇشقا يېڭى مۇمكىنچىلىكلەردىن بېشارەت بېرىدۇ.

جې: بىز ئەدەبىيات ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەندە، ئومۇمەن تامام بولغان ھادىسىلەرنى ئاساس قىلىمىز ھەمدە تەبىر ئارقىلىق ئۇلارنى مۇقىملاشتۇرىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئوي-پىكىرمۇ تەبىئىي ھالدا قېلىپلىشىپ قالىدۇ. ناۋادا، بىز ئۇنى مەۋجۇت ئەمەس، دەپ قارىساق، ئەسلىدىكى رامكىلار پەيدا قىلغان ئەقلى خۇلاسە ۋە يەكۈنمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. بۇ ئەسلىدىكى زۆرۈر شەرتنى ئىنكار قىلىپ، يېڭى بىر مۇھاكىمە نۇقتىسىنى ئىزدىگەنلىكتۇر.

لى: مۇقەررەرلىكنى چەتكە قېقىش، ئەلۋەتتە، مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالايلۇق، بىز ئەدەبىيات ھېچ نېمە ئەمەس، دەپ قارىساق، ئۇنداقتا، ئەدەبىيات

دېگەن ئېمە دەيدىغان بىر يوشۇرۇن تېمىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. كونا تەبىر ۋە كونا شەكىللەر ئىنكار قىلىنسا، ھەر قانداق يېڭى تەبىر ئۆز - ئۆزىدىكى زىددىيەتتىن خالى بولالمايدۇ.

جې: زىددىيەتنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ ئۆزى بىر خىل ئىلگىرىلەشتۇر. زىددىيەت ئىستىسنا قىلىنغان مۇتلەق بىردەكلىك ئىدىيىگە چەكلىمە ئېلىپ كېلىدۇ.

لى: بىز ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان مۇشۇنداق ئىنكار خاراكتېرلىك مەسىلىنىڭ ئۆزى، ئەمەلىيەتتە، ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىدىكى گاڭگىراش ۋە ئازابنى مەنبە قىلمىغان. بۇرۇن بىز ئەدەبىياتنى ھەددىدىن زىيادە مۇھىم دەپ بىلىپ، يۇقىرى ئورۇنغا قويدۇق. ئىجتىمائىي بۇرچ ۋە ئىجتىمائىي ئۇنۇمنىڭ كۆپتۈرۈۋېتىلىشى ئەدەبىياتقا ئىنتايىن زور بېسىم بولدى.

شاڭ: راستىنى ئېيتقاندا، ئەدەبىيات بىزنىڭ تۇرمۇشنى ئىگىلىشىمىزنىڭ تارازىسى ئەمەس، ئۇ پەقەت يەككە تەجرىبىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ بەدىئىي شەكلى. ئۇ بىزگە يېزىق ئارقىلىق ئۆزگىچە بىر ھاياتنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ھايات تۈرلۈك ئىمكانىيەتلەر بىلەن تولغان بولىدۇ، بۇنى كىم ئېنىق ئېيتىپ بېرەلەيدۇ؟ شۇڭلاشقا، كىشىلىك تۇرمۇش توغرىسىدىكى ھەرقانداق ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن باياناتلارنىڭ ھەممىسى گۇمانلىق ۋە كۈلكىلىكتۇر.

لى: ئەدەبىياتنى مۇقەددەسلەشتۈرۈش، ئاخىرقى ھېسابتا، ئەدەبىياتنى دىنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. بالزاك «ئىنسان كومېدىيىسى» دە ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قامۇسچە ئەدەبىيات يارىتىشقا ئۇرۇنغان. بۇ گېگېلنىڭ پەلسەپىدە غايەت زور بولغان ئاداققى سىستېما يارىتىشقا ئۇرۇنغانلىقى بىلەن ئوخشاش. ئۇلار ئەمەلىيەتتە دىنغا يۈزلىنىپ قالغان. ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتنىڭ پاجىئەسى شۇ بولدىكى، ئادەم ياراتقان ئەدەبىيات ئايلىنىپ كېلىپ ئادەمنى قورشىۋالدى، چۈكتۈرۈۋەتتى.

جې: ئەدەبىيات ناۋادا ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ھەممە نەرسىنى چۈشەندۈرمەكچى بولىدىكەن، ئەمەلىيەتتە ھېچنەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

شاڭ: XX ئەسىر ئانتى ئىدراكى، سىستېمىلارنى پارچىلاش دەۋرى بولدى. بۇ ھال پەلسەپە ۋە ئەدەبىياتتا تەڭلا كۆرۈلدى.

لى: ئەدەبىيات پەلسەپىۋى تەپەككۇرنىڭ تەسىرىنى بىۋاسىتە قوبۇل قىلدى. بۇ ئەسىرگە كەلگەندە، پۈتكۈل تەرتىپلەرنىڭ ھەممىسى قالايمىقانلاشتى، پەلسەپە ۋە ئەدەبىياتتىكى خۇدا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئالەمدىن ئۆتتى.

جې: كىشىلەر خۇدا ئالەمدىن ئۆتتى دېيىشىپ، ئىككى نەرسىنى كۆزدە تۇتقان: بىرى، خۇدا ئالەمدىن ئۆتتى، ھەممە ئىشنى قىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلدى، كىشىلەر ئۆز - ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ چەكسىز پارلاق نىشانىسىغا ئىگە بولدى، دەپ قاراش، يەنە بىرى، خۇدا ئالەمدىن ئۆتتى، ھەر قانداق نەرسىدىن قورقۇشنىڭ ھاجىتى قالمىدى. ھەر قانداق رەزىل ئىشنى قىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلدى، تەپ تارتىش دېگەن نەرسە قالمىدى، دۇنيا ھالاكەتكە يۈزلەندى، دەپ قاراش.

لى: بۇ ئىككىسى ئەمەلىيەتتە بىر ئىش. كىشىلەر بارلىق پاكلىق ۋە رەزىللىك، ھەق بىلەن ناھەقنىڭ ئۆلچەملىرىنى خۇدانىڭ نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقارغان، ئېھتىمال ئىنسانىيەت خۇدا ۋە تەقۋادارلار تەرىپىدىن رەزىل دەپ قارالغان يوللار ئارقىلىقلا يورۇقلۇققا قاراپ مېڭىشى مۇمكىن.

شاڭ: شېللى، شېئىر بىر خىل بېشارەت، دېگەنىدى. ئەمەلىيەتتە بېشارەتچى يوقالغانىكەن، ئەدەبىيات قانداق قىلىپ يېڭى دىن يارىتالىسۇن؟ قانداق قىلىپ دىن ئورنىدا رول ئوينىيالىسۇن؟ بۇ، پۈتكۈل كونا دەۋرنىڭ يوقالغانلىقى.

لى: بىز خۇدا ئالەمدىن ئۆتتى، دېگەن ئالدىنقى شەرت ئاستىدا ئەدەبىياتنى مۇھاكىمە قىلىۋاتىمىز. لېكىن جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەر قەلبىدە يەنىلا بىر خۇدا بار. ئۇ بولسىمۇ ئەدەبىياتنى پەرىشتە دەپ تونۇش. ئەدەبىياتچىلار ئەدەبىياتنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويدى، بۇ بىرخىل بۇرچ ۋە يۈك بولدى، بۇ نەرسە چوقۇنۇش ھېسسىياتىنى پەيدا قىلىشى ھەمدە ئىجادچانلىقنى بوغۇشىمۇ مۇمكىن.

جې: ئەدەبىياتتىكى بۇرچ تۇيغۇسىنى يوقىتىشنىڭ ئۆزى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەدەبىياتقا نىسبەتەن يېڭى بۇرچ تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ. بىز بۈگۈنمۇ ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىي ئەتىقاد بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ باياناتچىسى بولۇشى لازىم، دەۋاتىمىز. بۇ — ئىنكارنىڭ ئۈزۈل - كېسىلسىزلىكى بولۇپ، نەزەرىيە جەھەتتىمۇ زىددىيەتلىكتۇر.

لى: بۇ ھەقتە مېنىڭ قارىشىم باشقىچە، ئەدەبىيات سۆزلەش ۋە پىكىر بايان قىلىشنىڭ يولى ھېسابلىنىدىكەن، ئۇ ھالدا بۇ ئەدەبىياتقا بولغان كۈچلۈك ئېتىقادنى پەيدا قىلالمايدۇ. بۇرۇن بىز ئەدەبىيات كىشىلىك تۇرمۇشتىن ئۈستۈن، ھېچبولمىغاندا شەخسنىڭ تۇرمۇشىدىن ئۈستۈن، دەپ قارىغانىدۇق، بۇ دىنىي تۈستىكى چوقۇنۇشنى پەيدا قىلدى، بىز ھازىر ئەدەبىياتنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بىرقىسمى ۋە ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىر خىل شەكلىگە ئايلىنىشىنى تەشەببۇس قىلىمىز. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەيلى بىز ئەدەبىياتنى يۈرەكنىڭ كۆزى ياكى ئاشىقلىق ۋاسىتىسى، سۆز ئويۇنى دەيلى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ماھىيەتتە بىر نەرسىدۇر.

شاڭ: مېنىڭچە، ئەدەبىيات — پۈتكۈل ئەدەبىيات - سەنئەت ھېسسىي دۇنيانىلا ئىپادىلەيدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت بىزنىڭ تۇرمۇشقا بولغان سەزگۈرلۈكىمىزنى ئاشۇرىدۇ.

لى: بۇ ئەدەبىياتنى كەسپىيلەشتۈرۈش مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئەدەبىياتنى كەسپىيلەشتۈرۈشكە قانداق مۇئامىلە قىلىش، يەنە ئەدەبىياتنى چۈشىنىشكە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، كەسپىيلىشىش خالى بولغىلى بولمايدىغان پاكىتقا ئايلاندى، بۇ بىر مۇقەررەرلىك. لېكىن ھەددىدىن زىيادە كەسپىيلىشىش پاسسىپ تەسىر پەيدا قىلىپ ئەدەبىياتتىكى كەسپىي كېسەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مېنىڭچە، ئەدەبىيات پەقەت تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمى بولغاندىلا ئومۇميۈزلۈك گۈزەل ۋە ساغلام بولالايدۇ ھەم مەنىگە ئىگە بولالايدۇ. سەنئەت كىشىلىك ھاياتنى ھەرىكەتكە كەلتۈرمەستىن، كىشىلىك ھايات سەنئەتنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشى لازىم.

شاڭ: سەنئەتكار ھەر جەھەتتىن ئىقتىدارنى تەربىيىلەشكە موھتاج. مۇبادا تۇيغۇ ئۆتكۈرلەشسە، ئۇنى كونترول قىلىپ تۇرالايدىغان مۇناسىپ ئەقلى كۈچنىڭ بولۇشى زۆرۈر. بىر تەرەپلىمە ھالدا ئىزدىنىش ۋە ھەددىدىن ئاشقان تۇيغۇ كۆپىنچە ھاياتنى خاراب قىلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، سەنئەت ئادەم ئۈچۈن بەخت ۋە مۇۋەپپەقىيەت ئېلىپ كېلەلمەيدۇ، لېكىن كەسپلىشىش، مەلۇم جەھەتلەردىكى قابىلىيەتنى مەركەزلەشتۈـ

رۇشكە مۇمكىنلىك ئېلىپ كېلىپ، ئادەتتىن تاشقىرى كەسپىي سەزگۈرلۈككە ئىگە قىلىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ غايىسى، ئەلۋەتتە، شەخسنىڭ قابىلىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش. ماركس ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىش دەۋرىدىكى مەدەنىيەت سەركەردىلىرىنى مەدھىيىلىگەن ھەم «ھەرتەرەپلىمە يېتىشكەن شەخسلەر» گە چوڭقۇر ئەقىدە باغلىغان. ئىنسانىيەت ھامان چەك ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. بۇنداق ئىزدىنىش ئىنسانىيەتنى داۋاملىق يېڭى يۈكسەكلىككە يېتەكلەيدۇ. سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى باشتىن ئاخىر يۈكسەكلىكتە كۈچ سىنىشىدۇ.

لى: ھازىرقى مەسىلە دەل شۇنداق. بىز كەسىپ نۇقتىسىدىن ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغىنىمىزدا ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي مەنىسىدىن چەتنەپ كېتىشىمىز ئېھتىمال. مېنىڭچە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەنىسى بەزى ئەمەلىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشتا. ھالبۇكى، ئەدەبىيات مۇشۇ پائالىيەتنىڭ مەنىۋى ئىنكاسى ۋە ھېسسىي مەھسۇلى. شۇڭا ئەدەبىيات ماھىيەتتىن ئېيتقاندا كەسىپتىن سىرتقى بولۇشى لازىم. ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالغان ھەرىكەت ئاسانلا روھ ۋە ھېسسىيات دۇنياسىنىڭ قوينىغا غەرق بولىدۇ. كىشىلىك ھاياتتىن چەتنەيدۇ ۋە ئەدەبىياتتىنمۇ چەتنەيدۇ. كەسپلەشتۈرۈش كىشىلىك تۇرمۇش ۋە ئەدەبىياتقا زىيان كەلتۈرىدۇ.

شاڭ: سەنئەت بىلەن سەنئەتكارنى كېسەللەنگەنلىكتىن قانداق قۇتۇلدۇرۇش مەسىلىسى پسىخولوگىيە، پاتولوگىيە ۋە ئەخلاق كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، نوقۇل ھالدا سەنئەتنىڭ كەسپلىشىشى ياكى كەسپلەشمەسلىكى بىلەن تامامەن باغلىق بولمايدۇ.

لى: ھاياتىي كۈچى تەبىئىي ھالدا ئۇرغۇپ تۇرغان ئەدەبىياتلا بۈيۈك بولالايدۇ، كەسپلىشىش مۇقەررەر ھالدا جې جېشى ئېيتقاندەك قائىدىلەشتۈرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كەسپلەشتۈرۈشتىن خالىي بولۇش مۇمكىن ئەمەس، لېكىن كەسپلەشتۈرۈشتىكى نۇقسان ئۇنىڭ قېلىپ ۋە ئادەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىدا. بىز ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىدىن كېلىپ چىققان بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا قادىر بولالمىساقمۇ لېكىن كىشىلىك ھاياتنىڭ قوينىدىن يېڭى كۈچ ئىزدەپ تېپىشىمىز، يېڭىچە ئىپادىلەش شەكلىنى — يېڭىچە ئەدەبىي شەكىللەرنى يارىتىشىمىز ناھايىتى زۆرۈر.

شاڭ: شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ خىل كەسپىي تەلىم ـ تەربىيىدىن كېلىپ چىققان بەدىئىي بەلگىلەرنىڭ مۇقىملاشتۇرۇلغان ھالىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىپتىدائىي سېزىش كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش لازىم، ئەگەر بىر خىل بەدىئىي بەلگە مەخسۇس ۋە ئالاھىدە تەربىيىنىڭ تۈرتكىسىدىلا قوبۇل قىلىنىدىكەن، ئۇنداقتا سەنئەت ھاياتىمىزنىڭ بىۋاسىتە ماس رىغبەت كۈچىنى يوقىتىدۇ. ئەگەر يەنە مۇئەييەن بىر بەدىئىي ئادەتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، دەپ قارىساق، ئۇنداقتا، سەنئەتتىكى بىۋاسىتە سېزىمىدىن مەھرۇم قالىمىز. شۇڭا، سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى يېتىلىش ۋە چېچىلىشقا بېرىپ تاقىلىپ، ئەسلىدىكى قىزغىنلىق ھالىتىگە قايتىدۇ.

جې: كەسپىي تەربىيە مۇھىم، بىراق كەسپىي تەربىيە نەپىس بۇيۇم ياساشقا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. كەسپىي سۇغۇققانلىق بىلەن قارىغاندا، ئەسەر جانلىق ھايات

ئورگانىزمى بولماستىن بەلكى بىر مۇردا، ئەسەر تەھلىل قىلىش بولسا خۇددى مۇردىنى پارچىلاشقا ئوخشايدۇ، بىز ئەدەبىياتتىكى يېڭىلىق تۇيغۇسىنى قانداق قىلىپ ساقلاپ قالالمىز؟ شۇڭا كەسپىي ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىدا بەزىدە تەتۈرسىچە ھەۋەسكارلاردا بولىدىغان ئەركىن ئىجادىي پوزىتسىيە ۋە ئۆتكۈر كۆزىتىش كۈچى بولماي قالىدۇ.

شاڭ: شۇنداق، سەنئەت ساھەسىدىكى بۆسۈپ چىققانلارنىڭ كۆپى مۇشۇ كەسىپنىڭ سىرتىدىكىلەر بولدى. ئەنگلىيە يازغۇچىسى ماۋمۇنىڭ «ئاي ۋە ئالتە پېنس» رومانىدا، گاۋگىننى (گوللاندىيىلىك رەسسام) مودېل قىلغان بىر رەسسام تەسۋىرلەنگەن، ئۇ ئەسلىدە رەسسام ئەمەس ئىدى. بىراق، ھەر كىم ئۆز - ئۆزىنى مەزمۇن قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى بىلىدۇ، ئۇ بىر خىل كۈچلۈك ئىچكى توقۇنۇش تۈرتكىسىدە ئاخىرى بىر كۈنى قولىغا موي قەلەم ئالىدۇ - دە، يەرلىك ئادەملەر ئولتۇراقلاشقان كىچىك ئارالغا بېرىپ، رەسساملىق ھاياتىنى باشلايدۇ. لېكىن كەسپىي سەنئەتكارلاردىكى ئەنە شۇنداق بەدىئىي توقۇنۇشلار بارا - بارا يوقاپ كېتىدۇ. سەنئەت نوقۇل ھالدا ماھارەتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ قالىدىكەن ۋە نوقۇل ھالدا تەربىيىگە ئايلىنىدىكەن، ئىجاد قىلىش كۈچىنى يوقىتىدۇ.

جې: بەدىئىي ئىجادىيەت ئالدى بىلەن ھايات ھەققىدىكى تەجرىبىدىن ئىبارەت بولۇشى، ئاندىن ئىپادىلەش شەكلىنى ئىزدىشى لازىم. كەسىپلەشتۈرۈش تەربىيىلىنىشى كۆپىنچە ھاللاردا باش ئاخىرىنى ئاستىن - ئۈستىن قىلىۋېتىدۇ.

لى: بۇنىڭدىن بىز نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن كەسپىي يازغۇچى بولۇشتىن ئىلگىرى جۇشقۇن بولىدىغانلىقىنى، كەسپىي يازغۇچى بولغاندىن كېيىن بولسا بارا - بارا ھالىنىڭ خارابلىشىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز، ئۇلارنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرى پۈتكۈل ئىجادىيىتىنىڭ چوققىسى بولسا، كېيىنكىلىرى ئاستا - ئاستا چېكىنىشكە قاراپ يۈزتۇتىدۇ.

شاڭ: قېلىپلاشتۇرۇش ھۇرۇنلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەممىنىۋا نەرسە ئەزەلدىن مۇشۇنداق. ئۇنىڭغا شۈبھىلەنگىلىمۇ، ئۆزگەرتكىلىمۇ بولمايدۇ. تەسىراتچىلار مەيدانغا كېلىپ رەسسامنىڭ خام سوروپىدا تۇنجى قېتىم چاقناپ تۇرغان رەڭگا رەڭ رەڭلەر تۇيغۇسىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. لېكىن بۇ تەسىراتچىلارنىڭ چالا - بۇلا ئۆزگىرىشى يۈزەكىلىكتىن خالى بولالمىدى، كېيىنكى تەسىراتچىلار ئەسلى رەڭگە تايىنىپ سىدام سىزىش ئارقىلىق رەڭلەرگە سىڭىپ كىرىش قۇدرىتى بىلەن مۇستەھكەملىكتىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئارقىلىق بىر خىل ئۆتكۈرلۈك ۋە مۇستەھكەملىك تۇيغۇسى بەخش ئېتىپ بىزنى بۇ تونۇش دۇنيادا يېڭى زېمىننى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى كونا شەكىللەرگە ئۈزلۈكسىز خىرىس قىلىپ، بىزنى دۇنياغا يېڭىباشتىن نەزەر سېلىشقا، يېڭى ئىمكانىيەتلەرنى تونۇپ يېتىشكە ئاگاھلاندۇردى. قەدىمكى يۇنانىنىڭ بىر پەيلاسوپى: «قۇياش ھەر كۈنى يېڭى» دېگىنىدەك سەنئەت ئەبەدىي كۈچكە ئىگە.

جې: سەنئەت ئومۇمەن بىزنى دۇنيانى تەجرىبە قىلىش ۋە سېزىشنىڭ ئۆزىگىچە شەكلى بىلەن تەمىنلەيدۇ، كېيىنكى تەسىراتچىلار ئېقىمىدىكى رەسساملارنىڭ كالاكىپاي ئۇسلۇپىتىكى رەسىملىرى كىشىگە بىر خىل كۈچلۈك ھاياتى كۈچىنى ھېس قىلدۇرىدۇ،

دېمەك، بۇ ئۇلار ياراتقان سەنئەت دۇنياسى، يەنى يېڭى ناتونۇش دۇنيا.

شاڭ: يېگانىلەشتۈرۈش مېنىڭچە، ئىنتايىن ياخشى ئۇقۇم. رۇسىيە شەكىللۋازلىرى ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ئۇقۇم ئاساسەن يەنىلا بىر خىل بەدىئىي ئۇسۇل بولغان بىلەن ئەمەلىيەتتە بۇ تەسىراتلار ئالەمىدىكى بىر ئۇسۇلدىن ئىبارەت.

لى: بۇ ياپونىيىدىكى يېڭى تۈيغۇچىلار ئېقىمىنىڭ پىروزىسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. يېڭى تۈيغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتى مۇنداق ئىككى مۇھىم مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، تارىخىي ھادىسىلەرنى يېڭىباشتىن شەرھلەش. ئالايلۇق «ناپولېئون ۋە پول» دېگەن بۇ ئەسەردە ناپولېئوننىڭ روسىيىگە قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈلۈپ بۇرۇنقى تارىخچىلارنىڭ يەكۈنلىرى ئاغدۇرۇپ تاشلانغان. يەنە بىرى، تۇرمۇشنى يېڭىچە نەزەر بىلەن كۆزىتىپ، تۈيغۇنى چىنلىققا ئىگە قىلىش ۋە تۈيغۇنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان تىلنى تۈزەش. سەنئەتنىڭ تەرەققىيات جەريانى دۇنيانى ئۈزلۈكسىز تەجرىبە قىلىش جەريانى.

جې: غەربنىڭ گەنئەنىۋى شېئىرىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن تەسۋىرلەش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ئەنە شۇ تەسۋىر بىلەن چەكلىنىپ قالغانىدى. ھازىرقى زامان سەنئىتى بىر خىل چۈچۈش تۈيغۇسىنى شەكىللەندۈردى، سەنئەت دەل ئۆزگىچە كەشپىيات بولغانلىقتىن، تەقلىدچىلىك ھەرگىزمۇ سەنئەت بولالمايدۇ، ئۇنىڭ تەقلىد قىلىدىغىنى بىر خىل ماھارەت بولۇپ، ئۇ پەقەت كەسپىي ئىقتىدار دائىرىسىگە كىرىدۇ. بۇ مۇھىم نەرسە ئەمەس.

لى: كەسپلەشكەن نۇقسانلار ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا روشەن كۆرۈلمەكتە. ئۆزىمىزمۇ ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى بولغاچقا، بۇ جەھەتتىكى قىيىنچىلىقنى بىلىمىز. كەسپلەشكەن ئەدەبىيات تەتقىقاتى ھەمىشە ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك مۇللۇقى ۋە ھەرىكەتچانلىقىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ھەتتا، ئەدەبىياتنى ئوجۇقتۇرۇپ تاشلايدۇ.

جې: بۇ تىرىك تۇرغۇزۇپ بوغۇزلاش دېمەكتۇر.

لى: نەتىجىدە ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەريانىدا، ئەدەبىياتنىڭ ئۆزى ئىنكار قىلىنىدى. بۇ بەكمۇ دەھشەتلىك. ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەريانىدا ئەدەبىياتمۇ غايىپ بولىدۇ، ھەتتا ئوبيېكتمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.

جې: بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى قانداقلا بولمىسۇن يەنىلا بىرئاز ياخشى. ئۇ ھازىرغىچە قېلىپلاشتۇرۇلمىغاچقا بىز ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا بولغان يېڭىلىق تۈيغۇمىزنى يەنىلا ساقلاپ كەلمەكتىمىز. ئاشۇ تارىختا ئايلانغان ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىش بىرقەدەر ئاۋارىچىلىق ئىش. ئۇ، ئەنئەنە ۋە كونا ئادەتلەرنىڭ بوغۇشىغا بەك قاتتىق ئۇچرىغاچقا ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئۆلۈك يازما ماتېرىيالغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى ھاياتىي كۈچتىن پۈتۈنلەي جۇدا قىلىدۇ.

لى: بۇنى ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئېتىراپ قىلغان. ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن يېڭى ئەدەبىي ھادىسىلەرنىڭ ئايرىلىق پەيدا قىلىشى ئېتىراپ قىلىنغان ھادىسە. بۇ تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان بىخۇدلۇق.

شاڭ: ھەر قانداق پەن تەرەققىي قىلىپ بەلگىلىك سەۋىيىگە يەتكەندە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان بەزى قائىدە ـ مىزانلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. كەسپلەش-

كەن تەتقىقات تەرەققىي قىلىپ ئاخىرىغا كەلگەندە ھەممىشە ماتېرىيالنىڭ ئۆزىنى ئىلغا قىلىشنى مەقسەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئەدەبىياتنى يېڭىدىن تونۇش ۋە ئىزاھلاش مەقسىتىگە يېتىدۇ.

جې: بۇ ماھارەتنىڭ مەقسەتكە ئايلانغىنى.

لى: بۇنداق تەتقىقات ئەدەبىياتنىڭ ماھىيىتىگە يېتىپ بارالمايدۇ. قاتتىقراق ئېيتقاندا، بۇ ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا بولغان تەييارلىقتىن ئىبارەت.

شاڭ: ئۇ ئەسەرنىڭ مەۋجۇدىيىتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئەسەر توغرىسىدىكى تەسىرات ۋە تەنقىد ھەقىقىي يوسۇندا باشلانمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بىز ئۇنى پەقەت ئەدەبىيات تارىخى يېنى دەپ ئاتىساقلا بولىدۇ.

لى: ئەدەبىيات تارىخى يېنى دەپ ئاتاشنىڭ ئۆزىمۇ ياخشى. مەسىلە بىز ئۇنى ئەدەبىيات تەتقىقاتى دەپ ئاتاپ ئۆگىنىپ قالغانلىقىمىزدا. بەزى كىشىلەر بۇ جەھەتتىن ئىسپاتلاپمۇ باقتى، ئەمما ھەممە كىشى مۇنداق قىلسا، ئۇ چاغدا ئىش تۈزۈك بولمايدۇ.

جې: ئىسپاتلاش چەكلىملىككە ئىگە، ئۇنى چەكسىز دەرىجىدە ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ، بۇ خىزمەت تويۇنغان، ئاياغلىشىشقا يېقىنلاشقان ئەھۋالدا ياخشىسى ئۇنى زۆرۈر بولمىغان ساھەلەرگە بۇرىۋېتىش لازىم. خۇددى «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ئۈستىدىكى ئىسپاتلاشنى ساۋ ئائىلىسى شەجەرەشۇناسلىقىغا بۇراۋاتقانغا ئوخشاش.

شاڭ: كەسىپلەشكەن تەتقىقات قېيىنلىق دەرىجىنى ئۆزىگە ئەڭ ئالىي ئۆلچەم قىلىدۇ. قېيىنلىق دەرىجە بولسا مەلۇم بىرقانچە جەھەتلەر بىلەن چەكلىنىدۇ. ئىسپاتلاشنىڭ شۇ قەدەر ئۇلۇغلىنىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ تەتقىقاتچىنىڭ مۇشۇ جەھەتلەردىكى ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنى ئېتىراپ قىلىش لازىمكى، ئىسپاتلاش يېتەرلىك بىلىم تەربىيىسى بىلەن ئىسپاتلاش ماھارىتىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما بۇ تەتقىقاتچىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى، مۇھىم ساپاسىنىمۇ شەكىللەندۈرمەيدۇ، تەتقىقات جەھەتتىكى قېيىنلىق دەرىجىمۇ ئوخشاشلا ئەدەبىياتنى بەھىر ئېلىش جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ئوخشاشلا ھۇزۇرلىنىش كۆزى ئۆتكۈر ئادەملەر بىر قاراپلا ئەسەرنىڭ نەپىس ياكى نەپىس ئەمەسلىكىنى بىلىۋالالايدۇ. ئەمما بۇ قېيىنلىق دەرىجىنى ھېچكىممۇ ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئۇنىڭ قېيىنلىق دەرىجىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى سەنئەتتىن زوقلىنالمايدىغان ئادەملەر سېزەلمەيدۇ ۋە بىلەلمەيدۇ، بۇنىڭ قېيىنلىق دەرىجە ئىكەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلمايدۇ.

جې: بىزنى ئەڭ زور دەرىجىدە چۈشەپ تۇرغىنى ئەدەبىيات تارىخى يېنى ئەمەس بەلكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ قېلىپى بىلەن مۇھاكىمە ماقالىلەرنى يېزىش ئەندىزىسىنى ئەنئەنىۋى چۈشىنىشتىن ئىبارەت. ئىپادىلەش شەكىللىرىنىڭ نوقۇللۇقى تونۇش ۋە بىلىش شەكىللىرىنىڭ غورىگىللىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

لى: ئېچىنىشلىقى شۇكى، ئەدەبىي ھۇزۇرلىنىش ماقالىلىرىمۇ بىر خىل ئەندىزىدە يېزىلىدىغان بولدى. كلاسسىك ئەدەبىياتتىن ھۇزۇرلىنىش ماقالىلىرى، بولۇپمۇ شۇنداق بولدى.

شاڭ: بۇنىڭ ئوڭۇشلۇق يولى بار، بۇ يول ئاسان ئىگىلەپ بولۇندى، ھەتتا ئاددىي شېئىر جۈملىلەرگە ئاجايىپ تەھلىللەرنى يۈرگۈزۈشكە بولىدۇ. ئالدى بىلەن تەسىرلىنىش بولمىسا نادىر ئەسەرلەرنى بايقاش ئىقتىدارىمۇ بولمايدۇ.

لى: ئەدەبىي تەنقىد ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا تەرتىپسىز ۋە تۇراقسىز بولىدۇ، بۇ تەنقىدنىڭ ئىپتىدائىي ھالىتىدۇر. ھەرقانداق ئەقلەن تەرتىپكە سېلىش جەريانى ئەدەبىي خاراكتېرىدىكى قىسقارتىش جەريانىدۇر. ئەلۋەتتە تەنقىد ماقالىلىرىنى كىتابخانلارنىڭ ئوقۇشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن تەشكىللەش يۈرگۈزۈپ بەزى ئەدەبىي خاراكتېرىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ تاشلاشنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەمما بۇنداق قىسقارتىشنىڭ مەجبۇرىي بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىش كېرەككى، ئۇنى بىردىنبىر ھەقىقەت، مۇشۇنداق قىلىش زۆرۈر دەپ تونۇماسلىق لازىم.

شاڭ: بىزنىڭ ئەدەبىياتتىن ئالىدىغان تەسىراتىمىز ئاساسەن ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇشىدىن كەلگەن تەسىرات بولۇپ، شۇنداق بولغاچقا بۇ جانلىق ۋە يېڭى تەسىرات بولىدۇ، باھارنى سېزەلمىگەن ئادەمنىڭ شېئىرىيەتتىكى باھارنى سېزىشى مۇمكىن ئەمەس، جۇلاسىز ۋە غورىگۇل ھايات ئالدىدا ھەرقانداق شېئىرىي مىسرالار نۇر چاچالمايدۇ. شېئىرىيەت ئۈستىدە توختالغان نۇرغۇن زوقلىنىش ماقالىلىرىنىڭ ھەمىشە زورۇقۇپ كېتىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى مانا مۇشۇ يەردە.

لى: بۇ يەردە يەنە تىل مەسىلىسى بار. بەدىئىي زوق ماقالىلىرىنىڭ تېپىۋالغان بىر قانچە سۆزلىرى بار بولۇپ، ئىشلىتىۋەرگەچكە بۇ سۆزلەرنىڭ جۇلىقى چىقىپ كەتتى. ئېيتايلۇق، «مەنزىرە بىلەن ھېسسىيات ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن»، «يېگانە يېتۇكلۇككە ئىگە»، «يوشۇرۇن ۋە تەمكىن» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. مۇنچە يىلغىچە بۇ قېلىپقا ئايلانغان بۇ سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، ئىشلەتكەنلەرگە جەرىمانە قويۇلىدۇ، دەپ قانۇن ئېلان قىلىدىغان يەرگە يېتىپ قالدى، قېلىپلاشقان سۆزلەرنى كەچكىچە ئىشلىتىۋېرىش ئەمەلىيەتتە كەسپىي جەھەتتىكى ھۇرۇنلۇق بىلەن كەسپىي جەھەتتىكى بىخۇدلۇقتىن كېلىپ چىقىدۇ.

جې: تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش قىزىللىقنىڭ باشلىنىشىدۇر. زوقلىنىش ئوبيېكتى بولغان كلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ تىلى تاڭ، سۇڭ دەۋرىدىن كېيىنلا كونىراپ كېتىپ ھەربىر سۆز تۇراقلىق باغلىما تەسەۋۋۇرنى پەيدا قىلىپ، ھېچقانداق تەسەۋۋۇر بىلەن يېڭى ئىجادىيەت ئىمكانىيىتى قالدۇرمىدى.

لى: يېڭى شېئىرىيەتتە بۇنداق تىل جۇغلانمىسى يوق، ئۇ قۇرۇق قول بىلەن ئىگىلىك تىكلىگەن. يېڭى شېئىرىيەت ئىنتايىن قىيىن بولغاچقا شائىرلار ئۈچۈن ھەقىقىي سىناق بولدى. خۇشىدا ئەسلىدە ھېچقانداق شائىرلىق خىسلەت يوق ئىدى، بۇنى ئۇنىڭ كونا شېئىرلىرىدىن ئانچىۋالا ئاڭقىرىۋالغىلى بولمايدۇ، كونا شېئىرلاردا تايانغىلى بولىدىغان تىل قېلىپلىرى ئىنتايىن كۆپ بولغاچقا قەلەمنى ئېلىپلا يازغىلى، ئەپلەپ - سەپلەپ شېئىرغا ئوخشاتقىلى بولىدۇ. خۇشى يېڭى شېئىر يېزىشقا كىرىشكەندىلا ئۇنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ئاشكارىلاندى.

شاڭ: تەييار نەرسىلەر كۆپەيگەنسېرى، شېئىرىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش قىيىن بولماقتا. ناۋادا شېئىرىيەت كونا گەپلەرنى تەكرارلايدىغان نەرسە بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا ئۇ زاۋاللىققا يۈز تۇتىدۇ. زوقلىنىش ماقالىلىرىنىڭ يېڭى مەزمۇنلارنى يازالماسلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ مۇشۇ يەردە.

جې: بەزىدە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئوڭاي، يېڭىلاش تەس.

لى: مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۆگىنىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ، ئەمما، بەدىئىي تۈيغۇنى تەقلىد قىلغىلى بولمايدۇ.

شاڭ: خاتالىق ئۆتكۈزمەسلىك ياخشى ھادىسە بولۇشى ناتايىن. بىر ئەۋلادنىڭ نەزەرىدە توغرا بولغان نەرسە ئېھتىمال كېيىنكى ئەۋلادنىڭ نەزەرىدە خاتا بولۇشى مۇمكىن.

جې: خاتالىق ئۆتكۈزمەسلىك دەل چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكتۇر.

لى: ئەدەبىي تەسىراتتا خاتالىق توغرىسىدىكى مەسىلە مەۋجۇت بولماستىن، بەلكى بار - يوقلۇقى مەسىلىسىلا مەۋجۇت بولىدۇ. تەسىراتنىڭ بار ياكى يوقلۇقى مانا بۇ ھەممە دېمەكتۇر.

جې: توغرا - خاتالىق مۇئەييەن قىممەت قارىشى ئاساسىدىكى يەكۈن بولۇپ، قىممەت قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ.

شاڭ: بۇنداق نىسپىيلىكنى ئېتىراپ قىلىش ئىلغارلىققا قاراپ ماڭغانلىق بولۇپ، نۇرغۇن ئۆلۈك قائىدىلەرنى تونۇش توغرىسىدىكى تالاش - تارتىشلارغا مۇشۇنىڭ بىلەن بەرھەم بېرىلىدۇ. ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىشنىڭ تەنقىدىي ئۆلچىمىنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم.

لى: خاتالىقلارغا تاقەت قىلىش ئىلىم تەرەققىياتىدىكى زۆرۈرىي بەدەل ۋە كەم بولسا بولمايدىغان ئالدىنقى شەرت. بۇ يېڭى جۇشقۇنلۇق بىلەن ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشنىڭ قوزغاتقۇچىنى ئېلىپ كېلىدۇ.

جې: كۆپلىگەن خاتالىقلار ھەممىشە رىغبەتلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە خاتالاشماسلىق ھەممىشە بەزى پاكىتلارنى ئاددىي ھالدا قايتا تەكرارلاشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئەدەبىيات ھادىسىسىنى يېڭى تونۇشلار بىلەن تەمىنلىيەلمەيدۇ.

لى: بىزنىڭ سۆھبەت نۇقتىمىز «ئەگەر دۇنيادا ئەدەبىيات بولمىسا» دېگەن نۇقتا ئىدى، ئەمما بىز سۆزلىشە - سۆزلىشە تەپەككۇرىمىزنىڭ ئەدەبىيات مەۋجۇتلۇقىدىن ئىبارەت بۇ مۇستەھكەم ئالدىنقى شەرتتىن نېرى بارالمايدىغانلىقىنى بايقىدۇق، ئەمەلىيەتتە بىز ئەدەبىيات بولمىغان دۇنيا توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇر كۈچىمىزنى يوقاتتۇق، بىزنىڭ قىلالىغىنىمىز پەقەت ئەدەبىياتنىڭ دىن ۋە كەسىپ تۈسىنى ئالغانلىقىدىن بارلىققا كەلگەن قېلىپلاشتۇرۇش بىلەن ئەندىزىلەشتۈرۈشنى سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئىنكار قىلىشلا بولدى.

شاڭ: قارىغاندا بىز مۇشۇنچىلىكلا ئۇزاپ كېتەلەيدىغاندەك قىلىمىز.

جې: ئەمەلىيەتتە بىز ئاشۇنداق تەتۈر تېمىنى چىقىرىپ دەل مۇشۇنداق بىر مەقسەتكە يەتتۇق.

«ئەدەبىيات ھەققىدە ئەركىن پاراڭلار» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 1 - سانىدىن ئېلىندى.

ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

# ئەھمەد زىيائى ھاياتىدىن كۆرۈنۈشلەر



ئەھمەد زىيائى
پېشقەدەم ئەدىب ۋە
زىيالىيلار بىلەن بىللە.




ئەھمەد زىيائى نادىر ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك» نى كۆرمەكت



ئەھمەد زىيائى يېڭى ئەسىرى ئۈستىدە پىكىرلەشمەكتە.



ئەھمەد زىيائى دوختۇرخانىدا
داۋالىنىۋاتقاندا، ئۇنى پىئونېرلار يوقلىدى.




《塔 里 木》 文学月刊 （维吾尔文） TARIMAMONTHLY LITERATURE jOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各地邮局所

1990 - يىل 3 - سان (349 - سان) 40 - يىل نەشرى.
ئۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 - قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 78784.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国内统一刊号： CN65－1010／I
本刊代号：58－66 定　价： 1.40元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 - 1010 / I.
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى: 66 - 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 1.40 يۈەن.

邮政编码: 830002 پوچتا نومۇرى: